# ئەقل - پاراسەت دەستۇرى

## مەڭگۈلۈك جاھاندارچىلىق سەنئىتى

بالتاسار گراسئەن
Baltasar Gracian



The Art of Worldly Wisdom

بۇ كىتاب خەينەن نەشرىياتىنىڭ 1998 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىندى.
本书根据海南出版社 1998 年 10 月第 1 版,第 1 次印刷本翻译出版。

تەرجىمە تەھرىرى: ئوبۇل ئىسلام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىلياس رېھىمى

# ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى

## مەڭگۈلۈك جاھاندارچىلىق سەنئىتى

ئاپتورى: **بالتاسار گراسىئەن [ئىسپانىيە]**
تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن ھاۋازى
خەمىت نېغمەت

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋقى: 10.5
2001 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 10 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى

---

ISBN 7—5631—1324—X/I. 216
باھاسى: 13.80 يۈەن

# كىرىش سۆز ئورنىدا

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى بالتاسار گراسىئەن 1601 - يىلى ئىسپانىيىدىكى ئاراگونىڭ بىلمونتىي كەنتىدە تۇغۇلغان . ئۇ ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە تولىدو ۋە زاراگوزالاردا پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات ئۆگەنگەن ، 1619 - يىلى 18 ياشقا كىرگەندە ئىيىزۇئىتقا كىرىپ پراكتىكا تەرىقىسىدە ئوقۇغان ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىلدا گازارمىدا يوپ ، تەپسىرچى بوپ ، تەشۋىقاتچى - تەربىيىچى ، شۇنىڭدەك ئىيىزۇئىت ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن باشلىق ۋە باشلىق بولغان . ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدە بولمىغان بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەت خا-دىملىرى بىلەن قويۇق بېرىش - كېلىش قىلغان . ئۇ تىنچلىق دەۋرلىرىدىمۇ ، ئۇرۇش دەۋرلىرىدىمۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە كۆڭۈل قويۇپ ئىنچىكە كۆزىتىپ ، پەند - نەسىھەت ، ئىبرەتلىك سۆزلەرنى ئىجاد قى-لىشقا ناھايىتى ياخشى ئاساس تەييارلىغان .

گراسىئەننىڭ ئەسەرلىرىدىن « تەنقىد پىرى » دېگەن ئەسەر ئىسپانىيە بويىچە ئەڭ ئۆتكۈر ھەجۋىي ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭ يەنە « سىياسىيئون » ، « شېئىرىيەت ماھارىتى » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار .

ئاپتورنىڭ « ئەقىل - پاراسەت دەستۇرى » دېگەن بۇ ئەسىرى كىشى-لەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئىنتايىن چوڭقۇر كۆزىتىش ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ ، جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىگە ئائىت يېزىلغان كىتابلار ئىچىدە ئۇنىڭ

بىلەن تەڭ تۇرالايدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز . ياۋروپادىكى بىر قىسىم مەشھۇر ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئىنسانلارنىڭ جاھاندارچىلىق قىلىشىغا ئائىت يېزىلغان ، مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولغان ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرىدىن ئۈچىلا بار ئىكەن ، ئۇنىڭ بىرى ، ماكىياۋېللىنىڭ « ھۆكۈمدارلار دەستۇرى » دېگەن كىتابى ، يەنە بىرى ، « سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى » ، ئۈچىنچىسى « ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى » دېگەن مۇشۇ كىتاب ئىكەن .

« ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى »دا ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش ، شەيئىلەرنى كۆزىتىش ، سۆھبەتلىشىش ، ھەرىكەت قىلىشتىكى تاكتىكىسى ، يەنى ئادەملەرنى ئۆز ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ، شۆھرەت قازىنىش ، شۇنىڭدەك مۇكەممەللىششكە مۇيەسسەر بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش تاكتىكىسى سۆزلىنىدۇ . پۈتۈن كىتاب 300 پارچە پەند ـ نەسىھەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇ كىشىلەرگە ناھايىتى ياخشى مەسلىھەت ۋە ئەقىل كۆرسىتىدۇ . خىلمۇخىل ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەملەرنىڭ قوللانما قىلىشىغا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ ، ئەتراپلىق روناق تېپىشقا ئىرادە تىكلىگەن ياشلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق .

نېمىس پەيلاسوپى شوپېنخاۋېر مەزكۇر كىتابنى نېمىسچىغا ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن تەرجىمە قىلغان ھەمدە « مۇتلەق تەڭدىشى يوق » دەپ ماختىغان . نىتسې بۇ كىتابنى « ياۋروپا مىقياسىدا ، مەنىۋى ئەخلاقنىڭ سىرى توغرۇلۇق بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك سىرلىق ۋە ئەگرى ـ توقاي ھەم گۈزەل ئەسەر تېخى يارىتىلمىغان » دەپ ماختىغان .

« ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى »دا جاھاندارچىلىق توغرىسىدا يېزىلغان بەزى كىتابلاردىكىدەك جاھاندارچىلىق قىلىشنىڭ پرىنسىپلىرى سۆزلىنىپلا

قالماستىن ، ھەققانىيەت مەدھىيىلىنىدۇ ، قەبىھلىك ، رەزىللىك قامچىلىنىدۇ ۋە ئۇنى بىلىۋېلىشنىڭ يەم ، تەدبىرلىرى ھەم تاكتىكىسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ . مەزكۇر كىتاب — پەلسەپىۋىلىك ، ئەمەلىيەتچانلىق ۋە ئېتىكىلىق يۇكسەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يەم ـ تەدبىر ، ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرىدۇر .

ئاپتور 17 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىسسىئونېر بولغاچقا ، كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرلەر ئىچىدە دىنىي تۈس ئالغان ياكى ئانچە دۇرۇس بولمىغان مەزمۇنلارمۇ بار ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي كۆزدە قارىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

## 1

# مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ مۇكەممەللىشىشىدىكى يۇقىرى پەللىدۇر

بۈگۈنكى دۇنيادا بىر ئەۋلىيانى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قەدىمكى يۇنان دەۋرىدە يەتتە ئەۋلىيانى يېتىشتۈرگەندىكىدىنمۇ بەكرەك كۈچ كېتىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا بىرەر ئادەمگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان زېھىن كۈچ ۋە ماددىي كۈچ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا پۈتۈن بىر مىللەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كېتىدىغان زېھىن كۈچ ۋە ماددىي كۈچتىنمۇ زور بولىدۇ.

## 2

# ئەقىل بىلەن خاراكتېر ئادەمنىڭ تۇغما بايلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئىككى تايانچىدۇر

ئومۇمەن ئۆزىنىڭ تۇغما بايلىقىنى تەبىئىي هالدا جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدە بولغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىستېداتىغا خاراكتېرى بىلەن ئەقلىنى تايانچى قىلىشى كېرەك . ئەگەر ئۇلار بۇنىڭ بىرسىگىلا تايانسا ، يېرىم - يارتا مۇۋەپپەقىيەتكىلا ئېرىشەلەيدۇ . ئەقىلگىلا تايانغان بىلەن چوڭ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ . سەندە ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىگە ماس كېلىدىغان خاراكتېر بولۇشى كېرەك ، شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئىشىڭ ئاقىدۇ . كالۋالارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى سەۋەب — بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا ، ئۆزىنىڭ كونكرېت شارائىتى ، ئورنى ، كېلىپ چىقىشى ۋە دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى هېسابقا ئالمىغانلىقىدا .

## 3

# قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى تۈگەل ئاشكارىلىۋەتمە

كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنى ھەممىدىن بەك چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلالايدۇ . مانا مەن دەپلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىشنىڭ كارايىتى چاغلىق بولىدۇ ، قىزىقارلىق يېرىمۇ بولمايدۇ . پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە ئالدىرىماسلىق كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ ؛ ئەگەردە سىزنىڭ مەرتىۋەڭ كىشىلەرنىڭ تەشنالىق پىسخىكىسىنى قوزغىيالىغۇدەك دەرىجىدە مۇھىم بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . سىرلىق بولۇش سىرلىقلىقنىڭ شاراپىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ . سەن ھەقىقىي ئەھۋالنى تامامەن ئوتتۇرىغا تۆكۈۋېتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ ، ئەڭ ياخشىسى ھەممە نەرسىنى تېگى - تەكتىدىن تۈگەل ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلان . كىشىلەرگە ئىچكى - تاشقى سىرىڭنى يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بىلدۈرۈپ قويما . ئېھتىياتچانلىق —پەخەس بولۇش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ . قىلىشنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسىلا ، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇڭ ناھايىتى قىيىن ، ئەكسىچە تەنقىدكە ئۇچراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالىسەن . ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئوبدان بولۇپ چىقمىسا ، تېخىمۇ ئاسانلا ئۈستى - ئۈستىلەپ بەختسىزلىككە گىرىپتار بولىسەن . ئەگەر سەن راستىنلا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشمەكچى بولساڭ ، داۋراڭ سالماي ئىش پۈتتۈرۈۋېرىدىغان ئىلاھنى دورا .

## 4

# بىلىم بولغانلىك ئۈستىگە شىجائەتمۇ بولغاندا ، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ

بىلىم بىلەن شىجائەت ئۆلمەيدۇ ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ سىنىمۇ ئۆلمەس قىلالايدۇ . سەن قانداق بىلىمنى ئىگىلىسەڭ ، شۇنداق ئادەم بولىسەن . ئەگەر سەندە ھەقىقىي ئەقىل ـ پاراسەت بولسا ، ئۆيلىغىنىڭنى قىلالايسەن . ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئادەم قاراڭغۇ دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك تەمتىرەپ ياشايدۇ ، بەدەن قۇۋۋىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئىككى قول بىلەن ئىككى كۆزگە ئوخشايدۇ . بىلىملا بولۇپ ، شىجائىتى بولمىغانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى مېۋە بېرەلمەيدۇ .

# 5

# كىشىلەرنىڭ ساخىا بېقىنىش پسىخىكىسىنى بېيىتىدۇ

ئىلاھنىڭ ئىلاھ بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ھەيكىلىگە باش ئۇرغانلىقىدا ئەمەس ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا چىن ئىخلاس بىلەن چوقۇنغانلىقىدا . ھەقىقىي ئەقىللىق ئادەم كىشىلەرنى ئۆزىگە تەشەككۈر ئېيتقۇزمايدۇ ، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە موھتاج بولۇشىنى خالايدۇ . ئادەت بويىچە تەشەككۈر بىلدۈرۈشكە قارىغاندا ئەدەپلىك ھالدىكى كەم ئۇچرايدىغان تەلەپ قىلىش پسىخىكىسى تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە . چۈنكى كۆڭلىدە تەلىپى بولسا ئەستىن چىقارماي مەھكەم ساقلايدۇ ، تەشەككۈر سۆزى بولسا كىشىلەرنى ئەستىن چىقىرىۋېتىشكە تۈرتكە بولىدۇ ، خالاس . كىشىلەرنىڭ ساخىا ئەدەپ ـ يوسۇنلۇق مۇئامىلە قىلغىنىدىن كىشىلەرنىڭ ساخىا بېقىنىش نىيىتى بولغانلىقى مىڭ ياخشى . قۇدۇق سۈيىنى قانغۇدەك ئىچىپ ھۇزۇرلانغانلار قۇدۇق يېنىدىن كېتىپ قالىدۇ ؛ ئاپېلسىن سىقىپ شىرنىسى چىقىرىۋېلىنغاندىن كېيىن ئالتۇن رەڭ ھالەتتىن لايدەك قالدۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ . ساخىا بېقىندىلىقى بولمىغاندىكىن ، ساخىا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىمۇ تۈگەيدۇ . تەجرىبىلەرنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن ئەڭ مۇھىم ساۋىقى شۇكى ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇۋەتمەي ، ئۇلارنىڭ ساخىا بولغان بېقىندىلىق پسىخىكىسىنى ساقلاپ قال .

# 6

# كۆڭۈلدىكىدەك مۇكەممەل بولۇش

ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا مۇكەممەل بولمايدۇ . سەن ھەر كۈنى ئەخلاق جەھەتتىمۇ ، كەسىپ جەھەتتىمۇ تەربىيىلىنىپ ، توختىماي ئالغا بېسىپ ، ئاخىرقى ھېسابتا تولۇق كامالەتكە يېتىپ ، ئۆزۈڭنىڭ مىجەزىنى نۇقسانسىز ، شۆھرەتنى مەشھۇر قىلىشىڭ كېرەك . ئومۇمەن مۇكەممەل ئادەمدە مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ : قىزىقىشى نەپىس ، زېھنى ئۆتكۈر ، ئىرادىسى كۈچلۈك ، ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر . بەزى كىشىلەر مەڭگۈ مۇكەممەل بولالمايدۇ ، ئۇلاردا ھەمىشە بىر نەرسە كەمدەكلا بىلىنىدۇ . يەنە بەزى كىشىلەر ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تەربىيىلەنگەندە ئاندىن دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ . كۆڭۈلدىكىدەك مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يەتكەنلەر ئادەتتە سۆزدە ھامان ئاقىلانە ، ھەرىكەتتە كۆپىنچە ئېھتىياتچان ، پەخەس بولىدۇ ، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى ھامان ئۇلار بىلەن ئالاقىدە بولۇشنى خالايدۇ ، ئۇلپەت بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ .

# 7

# باشلىقىڭدىنمۇ دانا بولۇپ كۆرۈنمە

باشقىلار تەرىپىدىن سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق چۈشۈرۈلۈپ كېتىش كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلىدىغان ئىش ، شۇڭا سەن ئۆز باشلىقىڭدىن ئېشىپ چۈشسەڭ ، بۇ سەن ئۈچۈن ئەخمىقانىلىك بولۇپلا قالماستىن ، ھەتتا ئەجەللىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۆزۈڭچە ئۈستۈنلۈك دەپ قارىغان ئارتۇقچىلىقىڭ كىشىلەرنىڭ رەشكىنى قوزغايدۇ ، بولۇپمۇ ئاسانلا باشلىقىڭنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى پەيدا قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۆزگىچىرەك بولغان ئارتۇقچىلىقلىرىڭنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېپىپ يۈرگىن ، مەسىلەن ، چىراي - تۇرقۇڭ بەك گۈزەل بولۇپ كەتسە ، مەلۇم كەمتۈكلۈكۈڭ ئارقىلىق تەڭشىۋەتسەڭ بولىدۇ . كۆپ ساندىكى كىشىلەر تەلەي ، خاراكتېر ۋە مىجەز جەھەتلەردە باشقىلارنىڭ ئېشىپ چۈشۈشىنى ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ ، ئەمما ھېچكىم ( بولۇپمۇ رەھبەرلەر ) ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتە باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ چۈشۈشىنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ . چۈنكى ، ئەقلىي قابىلىيەت ئادىمىيلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شاھى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويۇش ئىنتايىن چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ . رەھبەر بولغۇچى ھامان ھەرقانداق چوڭ ئىشتا ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن دانا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . خان ئالىيلىرى ئۆزىگە بىرەرسىنىڭ ياردەمچى بولۇپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇكى ، بىرەرسىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىپ قېلىشىنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ . ئەگەر سەن مەلۇم بىرسىگە سەممىي نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ ، سېنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭ ۋە يېشىپ بېرىشىڭ بىلەن ئاندىن چۈشىنىپ تېگىگە يېتەلەيدىغان نەرسىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇ ئەسلىدە بىلىدىغان ، ئەمما تاسادىپىي ئەستىن چىقىرىپ قويغان بىرەر نەرسىنى ئەسكەرتىپ قويۇۋاتقان تەرىزدە بولۇشۇڭ كېرەك . بۇنىڭدىكى سىر : سامادىكى كۆللى يۇلتۇزلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ، « يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرسىمۇ كۈندىنمۇ بەك نۇرلۇق بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن » دەيدىغان ھېسسىياتقا كېلىشتە بولىدۇ .

# 8

# ئادەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەنىۋى ساپاسى — بىردەملىك ھاياجانلىنىش كەيپىياتىنىڭ نېرى - بېرى قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقتۇر

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايىب بولىدىغان چاكىنا تەسىراتلارنىڭ نېرى - بېرى قىلىشىدىن ئۆزۈڭنىڭ غۇرۇرى ئارقىلىق ساقلان . ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ ھاياجانلانغان كەيپىياتىنى يېڭىشتىنمۇ ئارتۇق ھېچقانداق ئۇلۇغ غەلىبە بولمايدۇ . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئۇ بىر خىل ئىرادىنىڭ غەلىبىسىدۇر . قاتتىق ھاياجىنىڭ ساڭا تەسىر كۆرسەتكەن ھالەتتىمۇ ، مەرتىۋەڭگە تەسىر كۆرستەلمەيدىغان بولسۇن ، بولۇپمۇ مەرتىۋەڭ سەن ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولۇپ تۇرغاندا . مانا بۇ ، ئاۋارىچىلىكلەردىن خالىي بولۇشنىڭ يولى ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشنىڭمۇ ھەممىدىن ئەپچىل يولىدۇر .

# 9

# « يەرلىك » نۇقسانلىرىڭدىن ساقلان

دەريا سۈيىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى هامان دەريا قىنىدىكى تۇپراق ساپاسىنىڭ ياخشى ـ يامان ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ؛ ئادەم قانداق ماكاندا تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ئۆز يېرىنىڭ ئەلا ۋە ناچار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلماي قالمايدۇ . بەزەن كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا ئۆز يۇرت ـ ماكانىنىڭ شاراپىتىگە كۆپرەك ئېرىشكەن بولىدۇ ، چۈنكى ئۇلار دۇنياغا كەلگەندە ئوبدان كۈنلەرگە توغرا كېلىپ قالغان . قانداق دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ ھەرقانچە نەپىس ۋە مەدەنىي بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭدا ھامان مەلۇم بىر خىل تەبىئىي نۇقسان بولغان بولىدۇ . مانا ئاشۇنداق نۇقسان ئۇنىڭغا قوشنا دۆلەتنى بىخەتەرلىككە ئىگە قىلىپ ، ئۇنىڭدا ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ . كىمدە كىم ئاشۇنداق مىللىي تۈس ئالغان نۇقسانىنى تۈگىتەلىسە ياكى ئازايتالىسا ، ئۇ بىر مەيدان غەلىبىلىك جەڭ قىلغان ھېسابلىنىدۇ . سەن شۇنى قىلالىساڭلا ، تەبىئىي يوسۇندا قېرىنداشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدىغان قەيسەر دەپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسەن . چۈنكى ، كۈتۈلمىگەن ھالدىكى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر قىلىدۇ . باشقا نۇقسانلار كىشىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ، شەرت ـ شارائىتى ، كەسپى ۋە ياشىغان زامانىنى مەنبە قىلغان بولىدۇ . ئاشۇ نۇقسانلار بىرەر كىشىدە گەۋدىلىنىپ تۇرۇۋېپمۇ سېزىلمىسە ۋە تۈزىتىلمىسە ، ئۇنداق ئادەم كۈللى ئالەمگە پاتمايدىغان ئالۋاستى بولۇپ قالىدۇ .

# 10

## شۆھرەت ۋە تەلەي

بىرى ئۇزاققىچە ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ ، بىرى مۇقىم تۇرماي ئايلىنىپلا يۈرىدۇ . ئالدىنقىسى دەلدۈگۈنۈپ تەستە كېلىدۇ ، كېيىنكىسى باشقىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ھاياتلىق سەلتەنىتى دەپ ھېسابلايدۇ . تەلەي باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك ؛ شۆھرەت ئىز ـ دېرەكسىزلا غايىب بولۇپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك . سەن تەلەيىنى سەممىي كۆڭلۈڭ بىلەن تەلەپ قىلساڭ بولىدۇ ، بەزىدە تىرىشىپ ئۇنىڭ كېلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلـ ساڭمۇ بولىدۇ ؛ ۋەھالەنكى بارلىق شۆھرەتنىڭ ئۇزاققىچە بەرداشلىق بىلەن جاپالىق ئىشلەشنى ئاساس قىلمايدىغىنى يوق . شۆھرەت قوغلىشىش ئارزۇسىـ نىڭ يىلتىزى كۈچ ۋە جۇشقۇن زېھنىدىن كۆكلەيدۇ . قەدىمدىن تارتىپ ھاـ زىرغىچە شۆھرەت ھامان گىگانت كىشىلەرگە ھەمراھ بولۇپ كەلدى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەمىشە بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش ۋەزىيىتىگە يۈزلەنمەكتە : ياكى قارا نىيەتچى غەلىتە باتۇرلار ، ياكى تالانتلىق ئەربابلار ؛ يا سېسىق نامى پۇر كەتكەن بولىدۇ ، يا ھەممەيلەن ماختاپ ھەمدۇسانا ئوقۇيـ دىغان بولىدۇ .

## 11

# ئۇستازلىقتا ئەزىگۈدەكلەر بىلەن دوست بول

دوست تۇتۇش ــــ كۆپ جەھەتتىن بىلىملىك بولۇشقا پايدىلىق بولسۇن ، سۆھبەتلىشىش ــــ ئۆزئارا تەربىيە ئېلىشقا پايدىلىق بولسۇن . دوستۇڭنى ئۇستاز قىلىپ ، بىلىمنىڭ پايدىسى بىلەن سۆھبەتلىشىشنىڭ خۇشاللىقىنى ئورگانىك ھالدا بىرىكتۈرۈۋەتكىن . يۈكسەك ئىدراكقا ئىگە كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆتۈشكە خۇشتار بول . قىلغان گەپ ـ سۆزۈڭ ئاڭلىغۇچىلارغا تازا ياقىدىغان بولسۇن ، ئاڭلىغانلىرىڭ سېنى بىلىملىك قىلىدىغان بولسۇن . ئادەتتىكى ئەھۋالدا ، ئۆزىمىزنىڭ قىزىقىشلىرى بىزنى باشقىلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ . شۇڭا ، بۇنداق قىزىقىشلار ئالىيجاناب بولىدۇ . ئېھتىياتچان كىشىلەر ھەمىشە مەشھۇر ـ قەھرىمان كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدۇ : بۇ نام ـ شۆھرەتنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان سەۋەبتىن ئەمەس ، قەھرىمانلىق خىسلىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان سەھنە ھېسابلىنىدۇ . بەزى كىشىلەر بىلىمى ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىش جەھەتتە ھەممە جايدا ئاجايىپ داڭق چىقىرىپ كەتكەن بولىدۇكى : ئۇلار ھەممىدە ئۆزى ئۈلگە بولىدۇ ، باشقىلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ، ئەل ئىچىدە ئابرۇي قازانغان بولىدۇ . ئۇلار بىلەن پىكىرداش بولغۇچىلار بىرلىكتە ئەقىل ـ پاراسەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ، ئۆزلىرىنى بىمالال ۋە ئەركىن تۇتىدىغان ئىنستىتۇتچىلارنى ھاسىل قىلىدۇ .

# 12

# تەبىئىيلىك ۋە سۈنئىيلىك ، خام ماتېرىيال ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش

بارلىق گۈزەللىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ . مۇكەممەللىك ئەگەر ئۇستا ھۈنەرۋەنىنىڭ ماھارىتى بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈلمىسىمۇ سەت ۋە قوپال بولۇپ قالىدۇ . ئادەم كۈچى يامانىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ ، ياخشىنى بارغانسېرى ياخشى قىلالايدۇ . تەبىئىي نەرسە كۆپىنچە بىز ئۇنىڭغا تازا موھتاج بولۇپ تۇرغاندا كۆڭلىمىزنى سوۋۇتۇپ ، كەيپىمىزنى ئۇچۇرۇپ قويىدۇ ـ دە ، سۈنئىيلىككە ھاجەتمەن بولۇپ قالىمىز . ئەگەر سۈنئىي تەربىيىلىنىش بولمىسا ، ھەرقانچە ياخشى مىجەزمۇ قوپال كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ . مەدەنىيەت جەھەتتە تاۋلىنىش كەم بولغان مۇكەممەللىك يېرىم ھالەتتىكى مۇكەممەللىك بولىدۇ ، خالاس . ئەگەر سۈنئىي ھالدا ياساپ بېزەلمىسە ، ئادەملەر ھامان زىيادە ياۋايى ۋە ئاددىي كۆرۈنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تولۇق مۇكەممەللىك سۈنئىي بېزەشكە موھتاج .

## 13

# ئاۋۋال خەقنىڭ باشقىچە غەرەزدىكى ئويىنى بىلىۋېلىپ ، ئاندىن پەيت كۈتۈپ ئىش كۆر

بۇ دۇنيادىكى كىشىلىك تۇرمۇش ئەسلىدە بىدئەتلىكنى يوقىتىدىغان ، يامانلىققا قارشى كۈرەش قىلىدىغان جەڭ ئىدى . مەككارلارنىڭ قورالى خىلمۇخىل ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئوينايدىغان ئويۇنى ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ ، بۇياقتىن زەربە بېرىش . ئۇلار بىرەر نىشاننى كۆزلىگەن بولۇپ گويا راستىنلا شۇنداق قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە يالغاندىن ھۇجۇم قىلىپ باقىدۇ ، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە بولسا باشقىلار دىققەت قىلمىغان باشقا بىر نىشاننى يوشۇرۇنچە قارىغا ئالىدۇ ، ئاندىن پەيت كۈتۈپ ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ . بەزى چاغدا ئۇ كۆڭۈل قويمىغاندەك ھالەتتە ئۆزىنىڭ ئويىنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك بولۇۋالىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ، بۇ خەقنىڭ دىققىتىنى ۋە ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ھىيلىسى بولۇپ ، ئۇ مۇۋاپىق پەيت كەلگەندە بىردىنلا ئۆزگىرىپ ، ئۇستىلىق بىلەن غەلىبە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ . ھېچنېمىنى كۆزدىن قاچۇرۇۋەتمەيدىغان كىشىلەر بۇنداق نەيرەڭنى پەم بىلەن يوشۇرۇن كۆزەتكەندىن كېيىن توسۇۋالىدۇ - دە ، ئۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن مۆكۈپ تۇرۇپ زەربە بېرىدۇ ؛ ئۇنىڭ كۆرۈنۈشتە جار سېلىۋاتقان مۇددىئاسىنىڭ تېگىگە يېتىپ ئەكسىچە چۈشىنىدۇ - دە ، ئۇنىڭ ساختا قىلمىشىنى دەرھاللا بىلىۋالالايدۇ . ئەقىللىق ئادەم كۆپ ھاللاردا ، قارشى تەرەپنىڭ ئىككىنچى ، ھەتتا ئۈچىنچى غەرىزىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ،

بىرىنچى غەرىزىنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ . نەيرەڭۋازلىق قىلغۇچىلار ئۆز سۈيىقەس- تىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن هامان ، تېخىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ياسىنىپ ، كۆپىنچە چىن گەپنى دېيىش ئارقىلىق باشقىلارنى قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بو- لىدۇ . ئۇلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ، قەستەن ئالدامچىلىق قىلماي ساددىلىق بىلەن ئىش كۆرگەن بولۇۋالىدۇ - دە ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇغەمبەرلىكىنى بازارغا سالىدۇ . بەزى چاغلاردا سەممىي ئاق كۆڭۈللۈك پوزىتسىيىسى چېكىدىن ئاشقان دەرىجىگە يېتىدۇ - يۇ ، ئىچىدە بولسا يەنىلا قۇۋلۇق يوشۇرۇنغان بولىدۇ . ۋەهالەنكى ، ئەھۋالنىڭ تېگىنى بىلىدىغان ئادەم بۇ ئەھۋالنىڭ ھەم- مىسىنى بىلىپ يېتىپ ، ھامان يورۇقلۇقنىڭ تۆۋەن يېقىدىكى كۆلەڭگىنى كۆ- رۈۋالالايدۇ ، قارشى تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ، سىرتقى قىياپىتى ئەڭ نۇقسانسىز ھېسابلانغۇچىلاردىمۇ ئەمەلىيەتتە يامان غەرەز يوشۇ- رۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ . يىلانسىمان مەخلۇق پىسوننىڭ① ئۆزىنىڭ پۇتۇن زېھنىنى ئىشلىتىپ قۇياش تەڭرىسى ئاپوللونىڭ سەممىي كۆزىتىش نۇرى بىلەن ئېلىشقانلىق ئەھۋالى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ .

① پىسون ـــ يۇنان ئەفسانىلىرىدىكى دۇكارونە توپانى لاتقىلىرىدىن تۆرەلگەن غەلتە يىلان . كېيىن ئاپپوللو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن .

# 14

## رىيائەتلىك ۋە سالاپەت

قورسىقىڭدا ھەقىقىي بىلىم بولغانلىق بىلەن ھەممە ئىشىڭنى پۈتتى دېگىلى بولمايدۇ: سەن يەنە ئەتراپىڭنىكى مۇھىت بىلەن ماسلىشىشقىمۇ دىققەت قىلىشىڭ كېرەك. سالاپەت جايىدا بولمىسا ھەنىنىۋا ئىشنى ئوسال قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا ھەققانىيەت ۋە ئورۇنلۇق قائىدىمۇ ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر سىنىڭ سالاپىتىڭ يېقىملىق بولسا، كۆپ ھاللاردا بىرەر گۈزەللىك بىلەن نۇرغۇن ئەيىب ۋە نۇقسانىنى يېپىۋېتەلەيسەن: ئۆزگىلەرنىڭ پىكرىنى رەت قىلىۋېتىدىغان «ياق» سۆزىنى ئاغزىڭدىن چىقىرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەرگە يوللۇق بولغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ؛ ئۇ ھەقىقەتنى تەملىك قىلالايدۇ، قېرى چىرايىنى ياشلىق باھارىغا كەلتۈرەلەيدۇ. بىرەر ئىشنى قىلغاندا قولنى قانداق كۆتۈرۈپ، پۇتنى قانداق ئېلىشمۇ ئىنتايىن مۇھىم، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يۈرۈش ـ تۇرۇشمۇ كۆپ ھاللاردا كىشىنى ئاپىرىن ئېيتقۇزىدۇ. كېلىشكەن سالاپەت ئادەمنىڭ ئاجايىپ ئېتىبارلىق تەرىپىدۇر. سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىشىمۇ كىشىنى ھەرقانداق ئوڭۇشسىز ئەھۋالدىمۇ ئامان ـ ئېسەنلىككە مۇيەسسەر قىلالايدۇ.

15

# دانالارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىش

كۆچلۈك ئادەم ئەتراپىدا قابىل مەسلىھەتچىلەر كۆپ بولسا ، ئۇنىڭ ئىش-لىرى راۋان يۈرۈشۈپ كېتىدۇ ؛ كۆچلۈك ئادەم ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى سەۋە-بىدىن قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا ، ئاشۇ مەسلىھەتچىلەر ھەمدەمدە بو-لۇشۇپ خەۋپنى تۈگىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جاپا چېكىپ جەڭ قىلىدۇ . دانا-لارنى ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشمۇ ھەقىقەتەن ئاز ئۇچرايدىغان بۈيۈك پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ . بۇ تىكرانىسنىڭ ياۋايىلارچە ھەۋىسىدىن كۆپ ياخشى : چۈنكى ئۇ ھەمىشە بويسۇندۇرۇلغان باشقا ئەلنىڭ خانلىرىنى ئۆزىنىڭ مالىيى قىلىۋې-لىشنى ئويلايتتى . كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشتا باشقىلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ يېگى چارىسى : ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان قابىل ئادەملەرنى ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت . يۈزەكى ھايات جا-پالىق ھەم قىسقا بولىدۇ ، بىلىش چەكسىز بولىدۇ ؛ ئەگەر بىلىش دېگەندەك يېتەرلىك بولمىسا ، ھايات مۇشكۈل بولىدۇ . جاپالىق ئۆگەنمەي تۇرۇپلا بىلىم جەھەتتە نەتىجە قازانماقچى بولسا ، بۇنىڭغا ئالاھىدە ماھارەت كېرەك ، يەنى كۆپچىلىكنىڭ بىلىمىنى توپلاپ ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارىنى ئۇستۇرۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆپچىلىكنىڭ بىلىمىنى مۇجەسسەملەشتۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك . بۇنداق قىلىش ئۈچۈن ، ئەل- جامائەت ئالدىدا كۆپچىلىكنىڭ جار-چىسى بولۇشۇڭ كېرەك . مۇمكىنقەدەر كۆپرەك ئاقىل ۋە دانالارنىڭ جارچىسى بولۇپ چىقىشىڭ كېرەك ؛ باشقىلارنىڭ قان- تەرلىرىدىن پايدىلىنالىساڭ ، شۆھرەت- مەرتىۋەڭ ئۈچقاندەك ئاشىدۇ . ئالدى بىلەن بىرەر تېمىنى تاللى-ۋېلىپ ، ئاندىن ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئىلھام-لاندۇرۇپ ، توغرا ۋە ئېنىق كۆزقاراشلارنى ئىشقا سالغۇز . ئەگەر سەن بىلىمنى مالاي قىلىشقا قادىر بولالمىساڭ ، ئۇنى دوست قىلىۋال .

## 16

# بىلىمىڭ مول ، نىيىتىڭ دۇرۇس بولسۇن

بىلىمىڭ مول ، نىيىتىڭ دۇرۇس بولسا ھەممە ئىشىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ . ئەگەر ئادەمنىڭ پەم - پاراستى يامان نىيەت بىلەن چىقىشىپ قالسا ، ياخشى جۈپ بولمايلا قالماستىن ، ياۋايىلارچە باسقۇنچىلىق قىلىشقىلا ئوخشاپ قالىدۇ . يامان غەرەز ئادەتتە مۇكەممەللىكنى زەھەرلەپ قويىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىلىم ھەمدەمدە بولسا زىيىنى تېخىمۇ چوڭ ، يامان بولىدۇ . ھەرقانچە تالانتلىق ئادەم بولسىمۇ ، نىيىتى دۇرۇس بولمىسا ، جەزمەن يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ . بىلىمى بولۇپ ئىنچىكە كۆزىتەلمەيدىغان ، توغرا ھۆكۈم قىلالمايدىغان بولسا ھەسسىلەپ ئەسەبىيلەشكەن بولۇپ قالىدۇ .

## 17

# ئىش قىلىش ئىستىلىڭنى داۋاملىق يەڭگۈشلەپ تۇر

سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ تۇرساڭ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرالايسەن، بولۇپمۇ رەقىبىڭنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، دىققىتىنى چېچىۋېتەلەيسەن. ئەگەر سەن تۇنجى خىيالىڭ بىلەنلا ئىش كۆرىۋەرسەڭ، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى خەق سېنىڭ ھەرىكەت قىلىش شەكلىڭنى ئالدىن بىلىۋېلىپ، سېنى مەغلۇپ قىلىۋېتىدۇ. تۈز سىزىق بويىچە ئۇچۇۋاتقان قۇشنى ئېتىش ئاسان، ئۇچۇش يولىنى ئۆزگەرتىپ بىرۋاتقان قۇشنى ئېتىش بەك قىيىن. ئىككىنچى خىيالىڭ بويىچىمۇ ئىش قىلىۋەرمە، ھەرقانداق ئىشنى ئىككى قېتىم تەكرارلىغاندا، خەقمۇ پىلانىڭنى بىلىۋالىدۇ. يامان نىيەتلىك كىشىلەر ھەممە ۋاقىت سەن توغرۇلۇق چوت سوقۇپلا تۇرىدۇ، سەنمۇ كۆپرەك پەملىك بول، شۇنداق قىلساڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايسەن. شاھمات ماھىرلىرى ھەرگىز رەقىبىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ ئۇتتۇرۇۋېتىدىغان ئۇرۇقنى ماڭمايدۇ، رەقىبىگە بۇرنىنى يېتىلىتىپ شاھمات ئوينايدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايدۇ.

18

# ئەمەلىي كۈچ ۋە ئەمەلىي ئىشلەش

نام - ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن ئەمەلىي كۈچمۇ ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىمۇ بولۇش كېرەك . مۇشۇ ئىككىسى بولغاندا ، نام - ئابرۇي گويا يولۇاس قانات چىقارغاندەك ھالغا كېلىدۇ . ئەمەلىي ئىشلەش روھى بار ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەلىي ئىشلەش روھى بولمىغان ئەقىللىق كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇتۇق قازىنىدۇ . ئەمەلىي ئىشلەشتىن ئەمەلىي نەتىجە چىقىدۇ . چوڭ كۈچ چىقىرىشنى خالىغۇچىلار چوڭ نام چىقىرىدۇ . بەزەن كىشىلەر ئەڭ ئاددىي ئىشنىمۇ كۈچ چىقىرىپ ئىشلىگىلى ئۇنىمايدۇ . قىلىش - قىلماسلىق ئاساسىي جەھەتتىن ھامان ئادەمنىڭ مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئەگەر قىلغان ئىش كىچىكرەك ، ئادەتتىكىدەك بولسىمۇ كارايىتى چاغلىق . چۈنكى ، سەن شۇنچە قابىل بولسامۇ كىچىك ئىشقا قويۇلۇپ قالدىم ، دەپ ئۆزۈڭنى ئاقلىيالايسەن . ئەڭ ئالىيجاناب خىزمەتتە يۈكسەك تالانتنى كۆرسىتىشكە ئىنتىلمەي ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى خىزمەت ئورنىدا ئادەتتىكىدەك ئىشلەشكە رازى بولۇپ يۈرۈۋېرىش قائىدىگە زادى سىغمايدۇ . ئۇستىلىقمۇ ، تۇغما قابىلىيەتمۇ زۆرۈر ، ئەمما ئەمەلىي ئىشلەش روھىنىڭ ياردىمى بولۇشى كېرەك . ھەر ئىككىسى بولغاندا تولۇق مۇكەممەل بولغان بولىدۇ .

## 19

# ئىشنىڭ دەسلەپىدىلا كىشىلەرنى بەك زور ئۈمىد باغلىتىپ قويما

ماختاشقا ئېرىشكەن ئىشلاردىن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىگە تازا ئۇيغۇن كېلەلەيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ . رېئاللىقنىڭ تەسەۋۋۇر بىلەن تەڭمۇتەڭ بولۇشى ھامان قىيىن . بىرەر شەيئىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەس بولمىغاندەك ، ئەمەلىيەتتە كۆڭۈلدىكىدەك مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يېتىش بەك تەس ئەمەس . قىيىن يېرى ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق مۇكەممەل دەرىجىگە يېتىشىدە . تەسەۋۋۇر بىلەن ئىستەك ھامان ئەر ـ خوتۇنلاردەك جۈپلىشىپ ، ھەقىقىي شەيئىلەردىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ . مەلۇم نەرسە ھەرقانچە گۈزەل بولغان بىلەنمۇ دەسلەپكى پىكرىدە تۇرۇش خىيالىمىزنى قانائەت ھاسىل قىلدۇرالمايدۇ ـ دە ، شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇر ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى سېزىدۇ . شۇڭا ، چىرايلىق نەرسىلەر كۆپىنچە چوقۇنۇشتىن ئۈمىدسىزلىك كۆپرەك بولۇشتەك ئەھۋالنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ . ئۈمىد ئالدامچى كېلىدۇ . ئەمەلىيەتتىكى خۇشاللىقنىڭ ئەسلىدە بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئۈمىدىمىزدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولۇشى ئۈچۈن ، ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىپ توغرا بوداپ تىزگىنلەپ تۇرۇشىمىز كېرەك . چىرايلىقچە باشلىنىش كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى كۆچەيتىشنى ئەمەس ، ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك . نەتىجىسى مۆلچەرىمىزدىكىدىن ئېشىپ چۈشسە ياكى مەلۇم نەرسىنىڭ كېيىنچە بىزنىڭ ئەسلى ئويلىغىنىمىزدىن ياخشى بولغانلىقى ئىسپاتلانسا ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ خۇشال بولىمىز . ۋەھالەنكى ، بۇنداق قائىدە ناچار شەيئىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەي قالىدۇ : بىرەر يامان نەرسە دەسلەپتىلا كۆپتۈرۈلگەن بولسا ، كېيىنچە كىشىلەر ئەھۋالنىڭ ئۆز ئەينىنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن شاققىدە بۇرۇلۇپلا ئۇنى ماختاش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئەسلىدە ھالاكەت خاراكتېرىنى ئالغان شەيئى ئەمدىلىكتە كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك بولىدۇ .

## 20

# بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغانلار توغرىسىدا

بىر مەزگىل ھەقىقىي دەۋر سۈرگەن شەخسلەر دەۋرنىڭ شاراپىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغان بولۇشى ناتايىن ياكى دۆلەت قۇشى بېشىغا قونغان بولسىمۇ ، شۇ پەيتتىلا ھەرىكەت قىلالماي قالغان بولۇشى مۇمكىن . بەزى كىشىلەر تېخىمۇ ئوبدان دەۋردە دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ دۆلەت قۇشى ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ ، چۈنكى ئوبدان ، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ غەلىبە قىلىۋېرىشى ناتايىن . كۆللى شەيئىنىڭ روناق تېپىپ كېتەلىشى زامانغا باغلىق بولىدۇ ، بەزى مۇنەۋۋەر شەخسلەر زامانغا ماس كەلگەنمۇ بولىدۇ ، ماس كەلمىگەنمۇ بولىدۇ . لېكىن ، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى بەرىبىر مەڭگۈلۈك بولۇشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە . گەرچە ھازىر ئۇ مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدىغان زامان بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى سۈرەلەيدىغان باشقا بىرمۇنچە پۇرسەت ھامان كەلمەي قالمايدۇ .

## 21

# مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى

ئامەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولىدۇ ، ئەقىللىق ئادەمنىڭ ھەرقاندا ئىشتا پۇرسەتكە تايىنىشى ناتايىن . تەلەي تىرىشچانلىقنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئۈنۈمىنى كۆرسىتەلەيدۇ . بەزىلەر تەقدىر دەرۋازىسىغا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يېقىنلىشىدۇ ـ دە ، ئامەتنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ . بەزىلەر سەل جانلىقراق ئىش كۆرىدۇ : ئۇلار تەقدىر دەرۋازىسىدىن ئېھتىياتچان ، ئەمما يۈرەكلىك ھالدا مەردانە قەدەملەر بىلەن كىرىپ كېتىۋېرىدۇ . ئۇلار گۈزەل ئەخلاق ۋە باتۇرلۇقتىن ئىبارەت قانىتىنىڭ خاسىيىتىدىن ھەممىدىن ئۇستۈن جاسارىتى ئارقىلىق ئامەت بىلەن ئېلىشىدۇ ، ئاخىرىدا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا يېتەلەيدۇ . لېكىن ، ھەقىقىي پەيلاسوپ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئېھتىياتچانلىقىغا تايىنىدىغان بىرلا ھەرىكەت پىلانى بويىچە ئىش كۆرىدۇ ، چۈنكى تەلەيلىك ياكى شور پېشانىلىك ھەمىشە بىزنىڭ ئېھتىياتچانلىقىمىز ياكى قارامىلىقىمىزغا باغلىق بولىدۇ .

# 22

## كۆپنى كۆرۈپ ، بىلىم دائىرەڭنى كېڭەيت

ئەتراپلىق ئويلىنىپ ئىش كۆرىدىغان ئادەملەر كۆپىنچە مول بىلىملىك ئەقىل ئىگىسى بولۇپ ، كوچا پاراڭلىرىدىن سۆز ئاچماي ، دۇنيادا ياشاشقا زۆرۈر بولغان بىلىم ھەققىدىلا پاراڭ قىلىدۇ . ئۇلار ئېغىزىنى ئاچقان ھامان قالتىس مەزمۇنلۇق گەپلەرنى قىلىدۇ ، ھەرىكەت قىلغان ھامان جاسارىتى كۆكنى قۇچىدۇ . سۆز ـ ھەرىكەت ھامان زامانغا لايىق بولۇشى كېرەك . نەسىھەتنى جايىدا رول ئوينايدىغان قىلىش ئۈچۈن ، بەزى چاغلاردا جىددىي يوسۇندا تەلىم بېرىش شەكلىگە قارىغاندا قىزىقارلىق چاقچاق شەكلى بىلەن تەلىم بېرىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ . بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئىختىيارىي پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغاندا دىققەتسىزلا ئېيتىدىلىگەن ئەقىل ـ پاراسەت نەپىس ھالەتتىكى يەتتە ھۈنەردىن دەرىجە ئېشىپ چۈشىدۇ .

## 23

# قىلچىلىك نۇقساننى يېپىش ئۇچۇنمۇ ئۇستىلىق كېرەك

دۇنيادىكى ھەرقانداق ئادەمدە ئەخلاق جەھەتتە مەلۇم داغ ياكى خاراكتېر جەھەتتە مەلۇم نۇقسان بولماي قالمايدۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئۇنى ئاسانلا يېڭىپ كېتەلىسىمۇ، لېكىن ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ، تۈزەتمەي يۈرۈۋېرىدۇ. ئېھ-تىياتچان ئادەم دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بىر قابىل ئادەمنىڭ كۆپىنچە كىچىك-كىنە بىر نۇقساننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپلا: بىر پارچە بۇلۇت پۈتۈن قۇياشنى توسۇۋاپتۇ، دەپ ھەسرەت چېكىپ قالىدۇ. نۇقسان يۈزدىكى مەڭگە ئوخشايدۇ، يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا ئىنتايىن ماھىر كېلىدۇ. ئاشۇ قارا داغنىڭ ساھىبجامالنىڭ ھۆسنىگە ياراشقان خال بو-لۇشى ئۈچۈن كارامەت ھۈنەر كېرەك، مەسىلەن، كايزا ① ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى تاج بىلەن يېپىۋالغاندەك.

① كايزا ——كايزا ئۆزىنىڭ پايەكۆپىشىنى تاج بىلەن يېپىۋالغان.

# 24

# تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىڭىزنى تىزگىنلەپ تۇر

تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچۈڭنى بەزى چاغلاردا تىزگىنلەپ تۇرۇشۇڭ ، بەزى چاغلاردا بولسا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشۇڭ كېرەك . بارلىق بەخت ۋە خۇشاللىق تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچۈڭگە باغلىق ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ناھايىتى ئاقىلانىلىك بىلەن باشقۇرۇپ تۇرۇشۇڭ كېرەك . تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بەزىدە زالىم پادىشاھقا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشكە قانائەت قىلماي بىردىنلا ھەرىكەتكە ئايلىنىپ تۇرمۇشۇڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ، تۇرمۇشۇڭنى كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈلسىز قىلىۋېتىدۇ ، ئۆزۈڭنى بولسا غەمكىن ياكى زىيادە كۆرەڭ ـ ھاكاۋۇر قىلىپ قويىدۇ . تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى بەزىلەرگە غەم ـ ئەندىشىلا ئېلىپ كېلىدۇ ، چۈنكى ئۇ نادان ئادەمگە چىڭ يېپىشۋالىدۇ . تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى يەنە بەزىلەرگە بەخت ۋە قاراملىق ، خۇشاللىق ۋە ئەقلىدىن ئازدۇرۇش تۇغرىسىدا ۋەدە بېرىدۇ . تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىمىزنى ئېھتىياتچانلىق ۋە بىلىم ـ ساۋاتىمىز بىلەن تىزگىنلەپ تۇرمىساق ، ئۇ ھەر ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ يانمايدۇ .

## 25

# ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئىنىق بىلگەندىلا چارە تېپىلىدۇ

قانداق ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنى بىلىش بىر مەزگىل جىمى ماھارەتنىڭ يۇكسەك چوققىسى دەپ قارالغاندى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنىڭ ئۆزىلا كۆپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، بىزدە ئالدىن كۆرەرلىك ماھارىتىمۇ بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ بىز ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىغان ئىشلاردا شۇنداق بولۇشى كېرەك. سەن ئەتراپلىق كۆزىتىپ ئېنىق بىلىۋالغاندىلا، ئاندىن ئەقىللىق ئادەم بولالايسەن. بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مۆلچەرلەشكە ئىنتايىن ئۇستا كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنىمۇ بەش قولدەك بىلىۋالىدۇ. ئېھتىياتچان ئادەملەر بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىچكى ئەھۋالنى ئۆزى ئىنتايىن ئېنىق بىلسىمۇ، لېكىن تەڭ نىسپىنى دەپ، تەڭ نىسپىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قارىماققا سەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىشنىڭ يوقلۇقىغا ئىشىنىدۇ؛ قارىماققا سەن ئۈچۈن پايدىسىز ئىشنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ.

## 26

# باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىپ تۇتقۇ قىلىۋال

باشقىلارنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولساڭ ، ئەپچىل چارەڭ بولۇشى كېرەك ، ئىرادىگىلا تايىنىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ . شۇڭا ، خەقنىڭ كۆڭلىنى قانداق كۆزىتىشنى بىلىۋېلىشىڭ كېرەك . ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەۋەسكە ئاسا- سەن ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسى بولىدۇ . ھەربىر ئا- دەمنىڭ چوقۇنىدىغان مەبۇدى بولىدۇ . بەزى كىشىلەر نام ـ ئاتاققا بېرىلىدۇ ، بەزىلەر بولسا پايدا ـ مەنپەئەتكە بېرىلىدۇ ، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشقا خۇشتار كېلىدۇ . بۇ يەردىكى ئىشنىڭ ئېپى زادى قايسى خىلدىكى ئىلاھلاشقان نەرسە قايسى تۈردىكى كىشىلەرنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىنتىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىشتىن ئىبارەت ، بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ ئىستىكىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچنى تېپىۋالغان بىلەن باراۋەر . سەن تاپماقچى بولغان نەرسە دەل مۇشۇنداق « ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ » بو- لۇپ، ئۇنىڭ ھامان مەلۇم ئالىيجاناب ياكى مۇھىم نەرسە بولۇشى ناتايىن . ئادەتتە ، ئۇ مەلۇم رەزىل نەرسە ، چۈنكى دۇنيادىكى گەدەنكەش كاجلار ھامان بىر قېلىپتىلا ماڭىدىغانلاردىن كۆپ بولىدۇ ، دېگەن ياخشىراق . سەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى دەڭسەپ بېقىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاجىز- لىقىنى سىناپ باق . ئۇ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان نەرسە بىلەن ئۇنى ئالدايدىغانلا بولساڭ ، ئۇنىڭ قىلتاققا چۈشۈشىدە گەپ يوق .

## 27

# كۆپ بولغاندىن خىل بولغان ياخشى

مۇكەممەللىكنىڭ تايىنىدىغىنى سان ئەمەس ، سۈپەت . دۇنيادىكى ياخشى نەرسىلەر ئادەتتە كىچىك بولىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشىش تەس ، زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە ئۇلاردىن شۆھرەت چىقمايدۇ . ئادەملەرنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ شۇنداق بولىدۇكى ، ئۇلۇغ كىشىلەر كۆپىنچە پاكار كېلىدۇ . بەزى كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم كىتابلارنى ماختاپ كېتىشى ئۇ كىتابلارنىڭ غايەت چوڭ ھەجىملىك ئۇلۇغ ئەسەر بولغانلىقىدىن ، ئۇلارنىڭ يېزىپ چىقىلىشى بىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىمىزنى چېنىقتۇرۇشنى ئەمەس ، بەلكى بىلىكىمىزنىڭ كۈچىنى چېنىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلغاندەك بىلىنگەنلىكىدىن بولىدۇ . ئەتراپلىق - كەڭ دائىرىلىك بولۇشقا تايانغاندا ئادەتتىكىدەك بولۇپ قېلىشتىن خالىي بولۇش تەس . ھەممىدە يېتۈك ھېسابلانغان قابىل كىشى ھەممە پەندە ئوخشاشلا ۋايىغا يېتىشنى خىيالىغا پۈكىدۇ ، ئاقىۋەتتە تېتىقسىز بولۇپ چىقىدۇ . ئۆگىنىشتە مەلۇم كەسپنى چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگەندە ، ئۇنىڭ نەتىجىسى جەزمەن مول بولىدۇ ؛ مۇھىم خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ چىرايلىق نامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ .

28

# ھەممىۋا ئىشتا چاكىنىلىقتىن خالىي بولۇش كېرەك

ھەۋەس ـ قىزىقىشتا چاكىنىلىقتىن تېخىمۇ خالىي بولۇش كېرەك ، ئەلۋەتتە . خۇشامەت قىلىشنى خالىمايدىغانلارنى ئىنتايىن چېۋەر دېيىشكە بولىدۇ . ئېھتىياتچان ، پەخەس ئادەم ئادەتتىكى ئالقىش سادالىرىغا ئاسانلىقچە ئەسىر بولۇپ كەتمەيدۇ . بەزى ئادەملەر شۆھرەتپەرەسلىككە شۇ قەدەر ھېرىسمەن كېلىدۇكى ، خۇددى ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ بۇرنىدىن نەپەس ئالىدىغان خامېلېئونغا ئوخشاش ، ئادەملەر نەپىسىدىن چىقىرىۋەتكەن پاسكىنا ھاۋادىن نەپەس ئېلىشقا رازىكى ، ھەرگىز قۇياشنىڭ يېقىملىق ئاپتاپ ، ئىللىق شامالىرىغا ئىلتىپات قىلمايدۇ .

نەزەر دائىرە جەھەتتىمۇ ئاۋامغا بېقىش پىسخىكىسى بولماسلىقى كېرەك . ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىجاد قىلغان مۆجىزىلىرىدىن لەززەتلىنىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق : ئۇلار پەقەت يارىماس نەرسىلەردىنلا ئىبارەت ، خالاس . ئادەتتىكى كىشىلەر چوقۇنغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىشىپ كەتكەن چاكىنا شەيئىلەردىن ئىبارەت ، قالتىس توغرا ۋە ئېنىق كۆزقاراشلارغا بولسا ئۇلار ئانچە بەك ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ .

## 29

# بوي ئەگمەيدىغان قەيسەر بولۇش كېرەك

ئەقىل ـ ئىدراكقا قەتئىي تەۋرەنمەي ھەمراھ بولۇش كېرەككى ، ھەرگىز
ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرۈش ياكى زورلۇققا بويسۇنۇش سەۋەبى بىلەن ئاچا
يولغا كىرىپ قالماسلىق كېرەك . بوي ئەگمەيدىغان قەيسەر سۇمۇرۇغسىمان
كىشىلەرنى قەيەرلەردىن تاپىمىز ئەمدى ؟ ئەپلەپ ـ سەپلەپ جان بېقىشنى
زىنھار راۋا كۆرمەيدىغان ئادىل كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . بۇنداق پە-
زىلەتنى ھەممەيلەن ماختىشىدۇ ، ۋەھالەنكى شۇنداق قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز
ئۇچرايدۇ . بۇنى بەزىلەر ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ، بىر ەر
خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققان ھامان قېينچىلىقنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا داجىيدۇ .
خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇققاندا ، ساختىپەزلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ ، سىياسىي-
ئونلار ئىنتايىن ھىيلىگەرلىك بىلەن ئۇنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىۋالىدۇ . ئادىللىق
پەزىلىتى دوستلۇقتىن ، ھوقۇقتىن ، ھەتتا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىدىنمۇ ئايرىلىپ
قېلىشتىن پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ ، شۇڭلاشقا خېلى كۆپ كىشىلەر بۇنداق پە-
زىلەتنى لازىم قىلمايدۇ . ئاتالمىش ئەقىللىق كىشىلەر « ئومۇمىيلىقنى نەزەردە
تۇتۇش كېرەك » ، « بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك » دەپ تازا گەپ
سېتىپ ، گەپلەر بىلەن ئاۋامنى قايمۇقتۇرىدۇ . ئالدامچىلىقنى بىلمەيدىغان
ھەقىقىي سەمىمىي كىشىلەر ھامان ئالدامچىلىقنى ۋاپاسىزلىق دەپ قاراپ ، ئو-
چۇق ـ يورۇق كەلگەن يەقسەر كىشىلەردىن بولۇشقا رازىكى ، ئاتالمىش ئە-
قىللىق كىشىلەردىن بولۇشنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار
ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەت تەرەپدارى بولىدۇ . ئەگەر باشقىلار بىلەن ئۇنىڭ
ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلۇپ قالسا ، ئۇنىڭ تولا ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىدىن
ئەمەس ، بەلكى باشقىلارنىڭ ھەقىقەتتىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن بولىدۇ .

# 30

## نامنى بۇلغايدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك

نامنى بۇلغايدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك ، نام ـ ئابرۇيى كەلتۈرمەي ، كەمسىتىشلا كەلتۈرىدىغان خىيالىي ئىشلارنى تېخىمۇ قىلماسلىق كېرەك . ئۆز بېشىمچىلىقىنىڭ ئىپادىلىرى كۆپ خىل بولىدۇ ، ئەس ـ هوشى جايىدا ئادەمدە ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر خىلىمۇ بولماسلىقى كېرەك . بەزىلەردە ھەممە ھەۋەس ـ قىزىقىش بولىدۇ ، ئۇلار ئاقىل كىشىلەر رەت قىلىۋەتكەن بارلىق نەرسىگە قارا ـ قويۇقلا قوبۇل قىلىۋېرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ . ئۇلار تېخى ھەرقانداق بىر خىل غەلىتە غەۋەس ـ ئىشتىياقلاردىنمۇ راھەتلىنىپ كېتىدۇ ، بۇ ئۇلارنى باشقىلارغا بىلىندۈرگىنى بىلەن ، كۆپىنچە كۈلكىگە ئايلىنىپ قالىدۇكى ، ھەرگىز ماختالمايدۇ . ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىنتىلگەن چاغدا ، زىل ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەرمۇ سۈنئىيلىك ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك ، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئاسانلا قىزىقچىلىق قىلغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدىغان سورۇنلاردا شۇنداق بولۇشى كېرەك . بۇنداق ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇش كەتمەيدۇ ، بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر كۆزگە سىڭىشىپ قالغان تالاي ـ تالاي مەسخىرىلىك مىساللار بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكە يېتەرلىك ئەمەسمۇ ؟

## 31

# تەلەيلىكلەرنى چۈشىنىپ ئۇلار بىلەن دوست بول ، تەلىيى كاجلارنى چۈشىنىپ ئۇلاردىن ئالاقەڭنى ئۈز

تەتۈر پېشانىلىك كۆپىنچە ئەخمەقلىقتىن كېلىدۇ ، تەلىيى كاج ئادەملەر ئۈچۈن بۇ زەنجىرسىمان رېفلېكس پەيدا قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كىچىكرەك يامانلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشىك ئېچىپ بەرمەسلىك كېرەك ، چۈنكى تاشقىرىدا تېخىمۇ كۆپ يامانلىقلار ماراپ ياتقان بولىدۇ . بۇ يەردىكى ئەپچىل چارە : قانداق كوزىرنى تاشلىۋېتىش لازىملىقنى بىلىۋېلىشتىن ئىبارەت . ئالدىڭدا ئۇلتۇرغان ئۇتقۇچىنىڭ قولىدىكى ھەممىدىن ناچار ھېسابلانغان كوزىرمۇ ئۇتتۇرغۇچىنىڭ يەنى سېنىڭ قولۇڭدىكى ئەڭ ياخشى كوزىردىنمۇ كۆپ دەرىجىدە مۇھىم . ئەگەر دەرگۇماندا بولساڭ ، ئەڭ ياخشىسى ئەقىللىق ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەر بىلەن دوست بولغىن ، ئۇلار بەرىبىر ئامەتلىك بولىدۇ .

## 32

# كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىشكە ماھىر ئىكەنلىكىڭنى ھەممە ئادەم بىلىدىغان بولسۇن

ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ باشلىقى بولغان بولساڭ ، يۇقىرىدا دېيىلگىنى سەن ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم . باشقىلارنىڭ خوجايىنى بولۇشنىڭ پايدىسى بار ، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا ساخاۋەتلىك ياخشى ئىش قىلىش ئوڭاي بولىدۇ . دوست دېگەنلىك سېنىڭ ئىشلىرىڭغا ياردەم بېرىدىغان ئادەم دېگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس . بەزى كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا قەستەن خۇشامەت قىلىشنى خالىماسلىقى باشقىلارغا خۇشامەت قىلىشنىڭ ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ غەلىتە مىجەز ۋە قەستەنگە باشقىچە بىر ئىش قىلىپ يۈرىدىغانلىقىدىن بولىدۇ . ئۇلار ھەممە ئىشتا ھەممەيلەن ئورتاق رىئايە قىلىدىغان مۇناسىۋەت مىزانلىرىغا زىت ھەرىكەت قىلىدۇ .

## 33

# مەلۇم ئىشنى قىلىشنى مۇۋاپىق پەيتتە رەت قىلىشنى بىلىپ قوي

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ زور ساۋاقنىڭ بىرى —قانداق رەت قىلىشنى بىلىش بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم رەت قىلىش : سىنىڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى رەت قىلىش ياكى باشقىلار ئۈچۈن مەلۇم ئىشنى قىلىشنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت . بەزى پائالىيەتلەر ئانچە بەك مۇھىم بولمىسىمۇ قىممەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ . تېخىمۇ چاتاق ئىش ھېچقانداق مەنىسى بولمىغان ئۇششاق - چۈششەك ئىش بىلەنلا بولۇپ كېتىشتۇر ، ئۇ ھېچقانداق بىرەر ئىشنى قىلمىغاندىنمۇ بەكرەك يامان . ھەقىقىي يوسۇندا ئېھتىياتچان - پەخەس بولۇش باشقىلارنىڭ يوقىلاڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشىۋالمىغانلىق بىلەنلا پۈتمەيدۇ ، يەنە يوقىلاڭ ئىشلىرىڭغا ئارىلىشىۋېلىشىنىمۇ توسۇشۇڭ كېرەك . باشقىلارغا كۈچلۈك دەرىجىدە بېقىنىپ كېتىش تۈيغۇسىدا بولما ، بولمىسا ، ئۆزۈڭمۇ ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىسەن . دوستلۇقنى كەلسە - كەلمەس ئىشقا سالىۋەرمە ، دوستلىرىڭدىن ساڭا بېرىشنى خالىمايدىغان نەرسىنى سوراپمۇ يۈرمە . چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇش زىيانكەشلىك بولىدۇ ، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . مۇۋاپىق دەرىجىدە ۋە چەكلىك دەرىجىدە قىلالىساڭ ، ھامان باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ۋە ھۆرمەتلىشىگە مۇيەسسەر بولالايسەن . يوللۇق ۋە چەكلىك دەرىجىدە قىلىش ناھايىتى قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ سېنى مەڭگۈلۈك مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ . سەن ياخشى ۋە گۈزەل ئىشلارغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشۇڭ كېرەككى ، يۈكسەك ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭنى ھەرگىز دەپسەندە قىلما .

## 34

# ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى چۈشىنىش كېرەك

ئادەم ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ۋە تەبىئىي ئىقتىدارىنى چۈشىنىپ ، ئۇنى يېتىشتۈرۈشى ھەمدە باشقا ئارتۇقچىلىقلارنى شۇ ئاساستا ئۆستۈرۈشى كېرەك . ئەگەر ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ زادى قايسى ئىشنى قىلالايدىغان ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى بىلسە ، مەلۇم جەھەتتە كارامەت مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ .

ھەربىر كىشى ئالدى بىلەن ئۆز تەبىئىتىنىڭ زادى قايسى خىلغا كىرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىپ ، ئاندىن ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرۇشى كېرەك . بەزىلەر كۆزىتىشكە ، ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ ، بەزىلەر بولسا باشقىلاردىن ئۈستۈن جاسارەتكە ئىگە بولىدۇ . كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ پاراستىنى قارىغۇلارچە زورىغا ئىشقا سالىدۇ ، نەتىجىدە ھېچقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىزغىنلىقىغا گوللىنىپ ئاخىرىدا ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالىدۇ ، بىر ۋاقىتلارغا كېلىپ ئىشنىڭ سىرى ئېچىلغاندا پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىدۇ .

## 35

# ھەر ئىشنى ئىنچىكە دەڭسەپ كۆرۈش كېرەك

مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئالاھىدە ئەتراپلىق ئويلىنىش كېرەك . نادان ئادەملەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ كەم بولغانلىقىدىن بولىدۇ . ئۇلار بىرەر ئىشقا يولۇققاندا چالا - بۇلا پىكىر يۈرگۈزىدۇ ، ئۇنىڭ پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، بۇنداق كىشىلەر ئىشنى كۈچ سەرپ قىلىپ ئىشلەشنىمۇ خالىمايدۇ . بەزىلەر پىكىر يۈرگۈزۈشتە تەتۈرلۈك قىلىپ قويىدۇ ، ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك چوڭ ئىشقا بىپەرۋالىق قىلىدۇ ، ئەھمىيەت بەرمىسىمۇ بولىدىغان ئۇششاق - چۈششەك ئەرزىمەس ئىشلارغا قاتتىق داغدۇغا قوزغاپ كېتىدۇ . بەزى ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلىشىمىز ھەمدە ئەستە ئوبدان ساقلىشىمىز كېرەك . ئەقىللىق كىشىلەر ھەرقانداق ئىشنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي ، ئوخشاش ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىدۇ ، ئالاھىدە سىرلىق ياكى گۇمان قوزغايدىغان ئىشنى بەكرەك ئىنچىكە دەڭسەپ كۆرىدۇ ، بەزىدە ھادىسىدىنلا ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋالايدۇ . ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا چوڭقۇرراق مۇھاكىمە قىلىپ پىكىر يۈرگۈزىدۇ .

## 36

# ئۆزۈڭنىڭ ئامىتى توغرىسىدا كۆڭلۈڭدە سان بولسۇن

ھەرىكەت يۈزىسىدىنمۇ ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئاتلىنىش يۈزىسىدىنمۇ ، ئۆزۈڭنىڭ ئامىتىگە قارىتا سەندە ئاز - تولا ئىشەنچ بولۇشى كېرەك . بۇ ، ئۆزۈڭنىڭ مىجەز - خاراكتېرىڭنى بىلىۋېلىش ۋە سالامەتلىك ئالاھىدىلىكىڭنى چۈشىنىۋېلىشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم . ئادەمنىڭ قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغاندا دوختۇرلۇق پىرى ھىبوكراتتىن ساغلاملىق تەلەپ قىلىشى تولىمۇ ئەخمىقانىلىك بولىدۇ ، ئەگەر سېنېكادىن ئەقىل تەلەپ قىلسا تېخىمۇ ئەخمەقلىق بولىدۇ . ئامەتنى ئىدارە قىلىشقا ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت كېرەك ، گەرچە ئۇنىڭ تۇراقسىز ھەرىكەتلىرىنى مەڭگۈ چۈشىنىپ بولالمىساڭمۇ ، لېكىن بەربىر ئامەتنىڭ كېلىشىنى سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈۋالالايسەن ، چۈنكى بەزى چاغدا ئامەت مىسلداپ ھەرىكەت قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ ؛ سەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن ، چۈنكى بەزى چاغلاردا ئامەت ساڭا ئاجايىپ دوستانىلىك قىلىدۇ . ناۋادا ئۇنىڭ ساڭا مېھرى چۈشكەن بولسا ، يۈرەكلىك ھالدا ئالدىڭغا يۈرىۋەر ، چۈنكى ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا دادىل ئادەمنى ياقتۇرىدۇ ؛ بەزىدە ئۇمۇ گۈزەل خېنىملارغا ئوخشاش ياش يىگىتلەرنى ياخشى كۆرىدۇ . ناۋادا تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلمەي قالسا ، ھەرىكىتىڭنى ۋاقتىنچە ئاستىلات . ئىبرەت ئېلىش يۈزىسىدىن سەل چېكىنىپ تۇرۇپ ئويلىنىۋېلىش كېرەك . سەن ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرالىغۇدەك بولساڭ ، تۈنجى قېتىم چوڭ غەلىبە قىلغان بولىسەن .

## 37

# گەپنىڭ تېگىدىكى گەپنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇش ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش كېرەك

كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا بۇنىسى ھەممىدىن سىرلىق . بۇ ھۈنەرنى باشقىلارنىڭ زېرەكلىكىنى سىناپ بېقىشتا ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تىڭ ـ تىڭلاپ بېقىشتا ئىشلەتسە بولىدۇ . بىر خىل دارتىملاش ساداسىدىكى زەھەرخەندىلىك ، يېنىكلىك ، ھەسەتخورلۇق ھېسسىياتى گەپ ـ سۆزنىڭ سىرتىدا ئېنىق بىلىنىپ قالىدۇ ، ئۇنىڭغا ھەۋەسنىڭ زەھىرى سىڭگەن بولىدۇ ، بۇنداق شەكىلسىز ھالەتتىكى چاقماق سىنى شەرمەندە قىلىۋېتىدۇ . بەزىلەرنىڭ ھالاك بولۇشى دارتىملاپ ئېيتىلغان بىرەر ئېغىز زەھەرخەندە گەپتىنلا بولىدۇ . ھوقۇقىدىن پايدىلىنىشقا ماھىر كىشىلەر ئاۋامنىڭ سۇيىقەستىدىن ياكى بىرەر شەخسنىڭ يامان غەرەزلىرىدىن قىلچە قورقمايدۇ . پايدىلىق بولغان يەنە بىر خىل دارتىملانغان ياپتا گەپ ئۇنىڭ ئەكسىچە رول ئوينايدۇ ـ دە ، بىزنىڭ شان ـ شۆھرىتىمىزنى ئۇلغايتىۋېتىدۇ . لېكىن ئۇ نەيزىلەرنىڭ بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىشىدە يامان غەرەز بولغانىكەن ، بىزدە ئۇ نەيزىلەرنى تۇتۇۋالىدىغان تېخنىكا بولۇشى كېرەك : نەيزە كەلگەندە پەخەس بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ئايلىنىشىمىز ، نەيزە كەلمىگەندە تاقەت قىلىپ ھوشيار تۇرۇشىمىز كېرەك . ھوشيار تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك . بىز ئالدى بىلەن خەقنىڭ زەربىسىدىن پەخەس بولۇشقا تەرەددۇت قىلىپ قويساق ، زەربە كەلگەندە ھەرقانداق پەيتتىمۇ ئۇنى بىتچىت قىلىۋېتەلەيمىز .

## 38

# مۇۋەپپەقىيەت قازانغان هامان چېكىنىش ، ئوڭۇشالغان هامان يىغىشتۇرۇش كېرەك

دانا قىمارۋازلارنىڭ بارلىقى مۇشۇ تەدبىرنى قوللىنىدۇ . ماھىرلىق بىلەن چېكىنەلىگەندە ئەپچىللىك بىلەن ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ . يېتەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن هامان — تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان تەقدىردىمۇ — ئوڭۇشالغانىكەن دەرهال يىغىشتۇرۇش كېرەك . ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن ئامەت هامان گۇمانلىق بولىدۇ . بىخەتەرلىكرەك ئەھۋال شۇكى ، ئامەت بىلەن تەتۈر پېشانىلىك ئالمىشىپ كېلىشىدۇ ، ئۇنداق بولغاندا ئادەم جاپادىن كەلگەن راھەتتىن لەززەتلىنەلەيدۇ . ئامەت تولىمۇ شىددەت بىلەن تېز كېلىپ قالغاندا ، ئۇ يىقىلىپ كېتىشى ھەمدە ھەننىۋا نەرسىنى چېقىپ پاتىپاراق قىلىۋېتىشى مۇمكىن . ئامەت ئىلاھى بەزىدە بىزگە تولۇقلاپمۇ بېرىدۇ ، جىددىيلىك تۈيغۇمىزنىڭ ئورنىغا ئىزچىللىقنى ئەكېلىپ بېرىدۇ . ئەگەر ئۇ مەلۇم ئادەمنى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولسا ، جەزمەن چارچاپ ھالىدىن كېتىپ قالىدۇ .

## 39

# شەيئىلەرنىڭ قاچان تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى پەللىگە يېتىدىغانلىقىنى ياكى قاچان بالاغەتكە يەتكەنلىكىنى بىلىۋال ھەمدە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىشنىمۇ بىلىۋال

تەبىئەتتىكى ھەممىۋا نەرسە تەرەققىي قىلىپ كامالەتكە يېتىدۇ . كامالەت دەرىجىسىگە بارمىغانلا بولسا ، ئۇلار ئۆزلۈكسىز تۈردە تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ ؛ كامالەتكە يەتكەن ھامان ، بارا - بارا زاۋالغا يۈزلىنىدۇ . سۈنئىي يول بىلەن ياسىلىدىغانلىرىنىڭمۇ مۇكەممەللىشىپ كامالەتكە يېتىدىغانلىرىدىن ئۇن مىڭدىن بىرسى چىقىدۇ . يۇكسەك ئارزۇ - ھەۋەسلىك ئادەملەر مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەن ھەربىر نەرسىدىن ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدۇ . بىرەر ئىشتىن ھۇزۇرلىنىشنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىشى ناتايىن ؛ ئاز - تولا بىلگەن تەقدىردىمۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى سىرىنى بىلەلىشى ناتايىن . چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ مېۋىسىمۇ مۇشۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى بالاغەتكە يەتكەنلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ ، لېكىن پەيتىنى ئوبدان ئىگىلەپ ، ئۇنى قەدىرلىشىڭ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭ كېرەك .

40

# كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا يەزىلەتلىك بولۇش كېرەك

ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمەتكە ئېرىشىش ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىش ، ۋەھالەنكى ياخشى نىيەتكە ئېرىشىش تېخىمۇ مۇھىم . ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، بىر تەرەپتىن ئامەتكە تايىنىش كېرەك ، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى بىرىلىپ تى-رىشچانلىق بىلەن ئىشلەشكە تايىنىش . ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىنىشىدا ئامەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ ، ئەمما چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن يەنىلا بېرىلىپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەشكە تايىنىش كېرەك . كىشىلەر ھەممىشە نام - ئاتاق بولسىلا باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ ، دەپ قارىشىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئىستىبداتتىكى ئۇستۇنلۇككىلا تايىنىش كۇپايە قىلمايدۇ ، ياخشى نىيەتنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىشتە ياخشى ھەرىكەتنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراش كېرەك . بارلىق ياخشى ئىش— ياخشى گەپ ۋە ياخشى ھەرىكەتتىن ئىبارەت . باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولاي دېسەڭ ، سەن ئاۋۋال باش-قىلارغا مۇھەببەت باغلىشىڭ كېرەك . ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئەل - جامائەتنى جەلپ قىلىشتىكى ئۇسۇلى ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇشتىن ئىبارەت . ھەرىكەت ئاۋۋال ، گەپ كېيىن بولۇشى كېرەك . ئاۋۋال گۈرزىنى تاشلا ، ئاندىن ئەدىب بول . چۈنكى ئەدىب ۋە سىپايە كىشىلەرمۇ ئۆزئارا يەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىشىدۇ ، بۇنداق يەزىلەت ئەبەدىلئەبەد يوقالمايدۇ .

## 41

# گەپ ـ سۆزنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتمە

مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن گەپ ـ سۆزنى قالايمىقان ئىشلىتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس . بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر ھەقىقەتكە مۇخالىپ كېلىدۇ ھەم كىشىلەردە سىنىڭ ھۆكۈملىرىڭگە نىسبەتەن گۇمان تۇغدۇرۇپ قويىدۇ . گەپ ـ سۆز قىلـ غاندا مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش ـــ ماختاش ئىبارىسىنى كۆرگەنلا جايدا كەلسە ـ كەلمەس تاشلىۋەتكەنلىك بولىدۇ ، بۇنداق قىلىش سىنىڭ بىلىم ـ ساۋاتىڭنىڭ كەمتۈكلۈكىنى ، پەزىلىتىڭنىڭ يۈكسەك ئەمەسلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىـــدۇ . ماختاش قىزىقىشنى پەيدا قىلىدۇ ، قىزىقىش ئىستەكنى پەيدا قىلىدۇ . كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر سىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىڭنىڭ ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ چۈشكەنـ لىكىنى بايقاپ قالغاندا ، كۆپىنچە شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇـ مىدۋار كۆڭلىنىڭ ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ ـ دە ، نەتىجىدە ئۇلاردا ئۆچ ئېلىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ ؛ ماختىغۇچىمۇ ، ماختالـ غۇچىمۇ بىر يولىلا چەيلىۋېتىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئېھتىياتچان كىشىلەر ئۆـ زىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ . گەپ ـ سۆزنى ئاشۇرۇپ دېگەندىن كۆرە سەل كېـ مەيتىپرەك دېگەن تۈزۈك . ھەقىقىي كارامەت ئىشلار ھەقىقەتەن بەك ئاز ئۇچرايدۇ . شۇڭا ، چىرايلىق سۆزلەرنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىۋېرىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەس . گەپ ـ سۆزنى ئاشۇرۇپ قىلغانلىق يالغان سۆزلىگەنلىك بىلەن باراۋەر ، ئۇ بەلكىم باشقىلارنىڭ ئەسلىدە سىنىڭ پەزىلىتىڭ يۈكسەك ئىكەن ، دەپ ئويلاپ قالغان تەسىراتىنىمۇ يوققا چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ياكى سىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ ، دېيىلىدىغان نامىڭنىمۇ گۇمران قىلىشى مۇمكىن .

## 42

# تۇغما باشقۇرغۇچى

تۇغما ئادەم باشقۇرۇش سەنئىتى ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل سىرلىق كۈچ ، بۇنداق كۈچ سۇنئىي يوسۇندا جاپالىق ئىشلەشتىن ئەمەس ، بەلكى تۇغما باشقۇرغۇچىنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن كېلىدۇ . بۇنداق ئادەمگە ھەممەيلەن زادى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيلا بىر-بىرىپ ئىتائەت قىلىدۇ ، ئۇنىڭ سىرلىق كۈچىنى ۋە تۇغما قۇدرىتىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ . ئۇنداق ئادەمنىڭ ئۆزىدە بىر خىل ئېسىل ئادەمگە خاس جاسارەت بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتى باشقىلارنىڭ خانى بولۇشقا ، ئاممىنى « شىر پادىشاھى » بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ . ئۇنداقلار كىشىنى ھېيىقتۇرىدۇ ، كىشىنى خۇشاللىق بىلەن قايىل قىلىدۇ . ئەگەر ئۇلارنىڭ باشقا تۇغما تالانتى بولسا ، ئۇلار جەزمەن سىياسىي ساھەدىكى تۇغما مەشھۇر شەخسلەر ھېسابلىنىدۇ . باشقىلار ئۇزۇن گەپ بىلەن ھەل قىلالايدىغان مەسىلىلەرنى ئۇلار كۆپ ھاللاردا خۇشياقمىغاندەك قىلغان كىچىككىنە بىر قول ئىشارىسى بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ .

## 43

# دىلنىڭ سەرخىللارغا باقسۇن ، تىلنىڭ ئاۋامغا باقسۇن

ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلغاندا ھەقىقەتنى تېپىش بەك قىيىن ، يەنە كېلىپ خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ . بۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنى سوقراتلا قىلالايدۇ . ئۆزىچە دانا پېكرىم بار دەپ تۇرىۋۋېلىش باشقىلارنى ھاقارەتلىگەنلىكتۇر ، چۈنكى ئۇنداق قىلىش سېنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىنى خاتا دەپ جاكارلىغانلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ . مەلۇم كىشى تەنقىدلىسە ياكى مەلۇم بىرەيلەن يەنە مەلۇم بىرەيلەننى ماختىسا ، ئۇ ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ قايسىسى بولسىمۇ ، شۇ سەۋەبلىك بىرمۇنچە كىشلەر كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ھەقىقەت ئاز ساندىكى كىشلەرگە مەنسۇپ . ئالدامچىلىق پەسكەشلىك بولسىمۇ ، دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ . بەزى كىشلەرنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا دېگەن گەپلىرىگە ئاساسەنلا ئۇلارنىڭ ئاقىل ياكى ئاقىل ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ناھايىتى تەس . ئۇلار كۆپ ھاللاردا كۆڭلىدىكى راست گېپىنى دېمەيدۇ ، نادانلار قىياپىتىدە تۇرۇپ ئادەتتىكىچە پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ قويىدۇ ، ئەمما ئايرىم سورۇنلاردا بولسا بۇنداق تىلى تۈزۈك ، دىلى بۇزۇقلارنى جان - جەھلى بىلەن كۆرىدۇ . ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغانلار باشقىلارنىڭ رەددىيىسىگە ئۇچراشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ، باشقىلارغا رەددىيە بېرىشتىنمۇ ساقلىنىدۇ . ئۇ ئەسلىدە باشقىلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە سەزگۈر بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ئەل - جامائەت ئالدىدا ئاسانلىقچە ئۇنداق قىلمايدۇ . كىشلەرنىڭ ھېسسىياتى ئەركىن بولىدۇ ، ئۇنىڭغا دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ ھەم دەخلى - تەرۇزمۇ قىلماسلىق كېرەك . ئۇلار كۆڭۈل باغچىسىدا تىمتاس بولۇپ تۇرىۋېرىدۇكى ، توغرا چۈشىنىدىغان ئايرىم كىشلەرگە يولۇقمىغۇچە ھەرگىز سىرتقا كۆرۈنمەيدۇ .

## 44

# ئۇلۇغ كىشىلەر بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇش كېرەك

قەھرىمان شەخسلەردە ھامان قەھرىمان شەخسلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان بىر خىل تۇغما ئىقتىدار بولىدۇ . قەھرىماننى قەدىرلەيدىغان بۇنداق ئىقتىدارنى بۇ ئالەمدىكى كارامەت بىر مۆجىزە دېيىشكە بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ ھەم سىرلىق ، ھەم پايدىلىق . دۇنيادا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋە ئۆزئارا چۈشىنىدىغان شۇنداق قەلب ۋە مىجەزلەر باركى ، ئۇلارنىڭ بىر نىيەت ، بىر مەقسەتتە بولۇشىنىڭ ئۈنۈمى ئادەتتىكى نادان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى شىپالىق دورىلارنىڭ ئۈنۈمى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك بولىدۇ . بۇنداق ئورتاقلىق ۋە ھېسداشلىق بىزنى شۆھرەتكە ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماستىن ، باشقىلارنىمۇ ئۆزىمىزگە مايىل قىلىدۇ ، بىزنى تېز ئارىدىلا باشقىلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ئۇتۇشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ . بۇنداق ئىقتىدار دېمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەرقانداق مۇنازىرىدىن ئۇستۈن تۇرىدۇ ، تۆھپىسى بولمىغاندىمۇ مۇۋەپپەقىيەتنى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ . ئورتاقلىقمۇ ، ھېسداشلىق تۇيغۇسىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ ، ئاكتىپمۇ ، پاسسىپمۇ بولىدۇ . ئورنى يۇقىرىلاردا مۇشۇ ئىككى خىل نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسى مۆجىزە يارىتالايدۇ . ئۇلارنى چۈشىنىش ، پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ناھايىتى يۇكسەك ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ . بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدار ئېلىپ كەلگەن پايدىنىڭ ئورنىغا ئادەتتىكىچە تىرىشچانلىقلارنى ھەرگىز قويغىلى بولمايدۇ .

## 45

# يوشۇرۇن غەرەزدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇكى، ئۇنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

يوشۇرۇن غەرەزدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇكى، ئۇنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئاشكارىلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. دانالىق تەدبىرلىرىنى خۇپىيانە تۇتۇش لازىم، چۈنكى ئۇلار كىشىلەردە ھەسەت پەيدا قىلىدۇ؛ يوشۇرۇن غەرەز تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇلارمۇ كىشىلەرنىڭ ئۆچلۈكىنى قوزغايدۇ. ئالدامچىلىق ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدىن ھوشيارلىق بىلەن پەخەس بولۇشۇڭ كېرەك. ئەمما، سېنىڭ پەخەس بولۇپ يۈرۈۋاتقان روھىي ھالىتىڭنى باشقىلارغا سەزدۈرۈپمۇ قويما، بولمىسا خەقتە ساڭا ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. باشقىلار سېنىڭ پەخەس بولۇپ يۈرۈۋاتقان روھىي ھالىتىڭنى بىلىپ قالسا، ئۆزلىرىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ - دە، پۇرسەت تېپىپ ئۆچ ئالىدۇ، كۈتۈلمىگەن كېلىشمەسلىكلەرنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى كۆپرەك ئويلىنىپ قىلغانىنىڭ پايدىسى جىق. بۇ توغرىدا چوڭقۇرراق ئويلىنىش مۇۋاپىق. بىرەر ھەرىكەتنىڭ ئاخىرغىچە كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىش - چىقالماسلىقى ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ۋاستىنىڭ ئەتراپلىق بولغان - بولمىغانلىقىغا باغلىق.

## 46

# ياقتۇرماسلىق كەيپىياتىڭنى تىزگىنلەپ تۇر

بىز بەزىلەردىن تەبىئىي ھالدا نەپرەتلىنىمىز ، بۇنداق نەپرەتلىنىش پسىخىكىسى ھەتتا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى بىلىپ يەتمەستىلا پەيدا بولغان بولىدۇ . بەزى چاغلاردا رەزىل ۋە ئىختىيارسىز ھالدىكى بۇنداق ياقتۇرماسلىق مەشھۇر كىشىلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ . بۇنداق كەيپىياتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇش كېرەك : مۇنەۋۋەر كىشىلەردىن بىزار بولۇش كەيپىياتى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدرى ـ قىممىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ . قەھرىمان شەخسلەرگە بىزار بولۇش كەيپىياتى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن نومۇسسىزلىق بولغىنىغا ئوخشاش ، قەھرىمان شەخسلەر بىلەن ئىناق بىللە ئۆتۈش ھەممىدىن بەك ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىشتۇر .

47

# خەۋپلىك ئىشلارغا ئاسانلىقچە ئارىلاشماسلىق كېرەك

پەخەس ۋە ئېھتىياتچان بولۇشنىڭ جەۋھىرى مانا مۇشۇ نۇقتىدا . بۈيۈك پاراسەتلىك ۋە كارامەت تالانتلىق ئادەملەر هامان بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ . بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئەسلىدە مېڭىشقا بولىدىغان ناهايىتى ئۇزۇن يول بولسىمۇ ، ئېھتىياتچان كىشىلەر هامان ئارىلىقتىكى جايلارنى تاللاپ ماڭىدۇ . ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ئەتراپلىق ئويلىنىشلاردىن كېيىن هەرىكەت قىلىدۇ ، چۈنكى خەۋپ ـ خەتەردىن بالدۇرراق ئۆزىنى چەتكە ئېلىش بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئاندىن خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىشكە قارىغاندا هامان كۆپ دەرىجىدە ئاسان توختايدۇ . خەۋپ ـ خەتەرلىك هالەت بىزنىڭ هۆكۈمىمىزنى قىلچىلىك كاپالەتلەندۈرەلمەيدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەر بولۇشنىڭ چارىسى ئۇلاردىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت . بىر خەۋپ ـ خەتەر كۆپ هاللاردا تېخىمۇ چوڭ بولغان يەنە بىر خەۋپ ـ خەتەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ، ئاخىرىدا بىزنى بالايىئاپەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ ، بەزى كىشىلەر مىجەزى ياكى ئىرقىي كېلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن قوپال خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ ـ دە ، ئاسانلا ئىش تېرىپ قويىدۇ ، نەتىجىدە باشقىلارنىمۇ خەۋپ ـ خەتەرگە تىقىپ قويىدۇ . لېكىن ، كاللىسى سەگەك ئادەم ۋەزىيەتنى پەملەشكە ماهىر كېلىدۇ ، ئۇلار هەقىقىي باتۇرلۇقنىڭ خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىشتە ئەمەس ، بەلكى خەۋپ ـ خەتەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ماهىر بولۇشتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ . ئۇلار جاسارەتسىز ، پاراسەتسىز قاراملىقنى ئوبدان چۈشىنىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەغلۇبىيەت يولىغا قايتا كىرىپ قېلىشنى خالىمايدۇ .

48

# چوڭقۇر پىكىرلىك ھەقىقىي ئادەم بولۇش كېرەك

ئالماس چوڭقۇر يەرگە كۆمۈلۈپ تۇرغىنىدەك ، ئىچكى نەرسە سىرتقى نەرسىگە قارىغاندا ھەسسىلەپ مۇھىم بولىدۇ . بەزىلەر پۈتۈنلەي بېزەك مالدىنلا ئىبارەت بولۇپ ، بەئەينى كىرىش ئېغىزى سەلتەنەتلىك خان ئوردىسىدەك ياسداق ، ئىچىدىكى ئۆيلىرى شاخ - شۇمبىلار بىلەنلا كەپىدەك ئاددىي قىلىپ سېلىنغان ، گويا مەبلەغ يېتىشمەي قالغانلىقتىن تاشقى شەكىللا ياساپ قويۇلغان ئىمارەتكە ئوخشايدۇ . گەرچە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھەمىشە دەم ئېلىپ ئولتۇرسىمۇ ، سەن ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن دەم ئالىدىغان جاي تاپالمايسەن ، چۈنكى ئۇلار ساڭا دەيدىغان ھەشەم گەپلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئىش قالمايدۇ . ئۇلارنىڭ دەسلەپتىكى كۈتۈش سۆزلىرى سىتسىپلىيىنىڭ ئارغىماقلىرىدەك تېتىك - جانلىق بولسىمۇ ، چاققان كۆرۈنسىمۇ ، بىردەمدىن كېيىنلا ئۇ يەر موناستىردەك تىمتاس بولۇپ قالىدۇ . ئېغىزدىكى گەپنىڭ مارجاندەك تىزىلىپ توختىماي چىقىپ تۇرۇشىنى ئويلىساڭ ، تىلىڭنىڭ كەينىدە ئەقىل - پاراسەت بۇلىقى بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك . بۇنداق ئادەملەر ھەرقانداق ئىشقا يۈزەلا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغانلارنى ئاسانلا گوللاپ كېتەلەيدۇ ، ئەمما كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرنى ھەرگىز گوللاپ كېتەلمەيدۇ . چۈنكى كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر ئۇلارنىڭ تېگىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىچىنىڭ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي قۇرۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ .

## 49

# تولۇق كۆرۈپ ، توغرا ھۆكۈم قىلىش كېرەك

تولۇق كۆرۈپ ، توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان كىشى شەيئىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ قالماي ، شەيئىنى باشقۇرالايدۇ . ئۇ ئەڭ چوڭقۇر يەردىكى نەرسىنى كۆزىتەلەيدۇ ، باشقىلارنىڭ ئىستىبداتىنىڭ تەكتىنى بىلەلەيدۇ ؛ قانداق ئادەم بولسىمۇ ، ئۇ بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئىگىلىۋالالايدۇ . ئۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ، ھەرقانداق يوشۇرۇن - سىرلىق نەرسىنىمۇ ئېچىۋېتەلەيدۇ . ئۇ شۇ قەدەر قاتتىق كۆزىتەلەيدۇ ، ئەپچىل پىكىر قىلالايدۇ ، ئېنىق پەرەز قىلالايدۇكى ، جاھاندا ئۇ بايقىيالمايدىغان ، دىققەت قىلالمايدىغان ، ئىشەنچ قىلالمايدىغان ۋە چۈشىنەلمەيدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ .

## 50

## غۇرۇرۇڭنى يوقاتما

غۇرۇرۇڭنى يوقاتما ، ئۆزۈڭگە زىيادە بىپەرۋالىق قىلىپمۇ كەتمە . ئۆزۈڭنىڭ توغرا پەزىلىتى ئارقىلىق ئۆزۈڭنى داۋاملىق دۇرۇس تۇت . سەن تاشقى جەھەتتىكى كونا قائىدە ـ تەرتىپكە بېقىنىپ قالماي ، ئىمكانقەدەر ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قاتتىق تەلەپ قوي . ئۆزۈڭنىڭ سالاھىيىتىڭگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆز ـ ھەرىكەتتىن ساقلانغىن ، بۇنداق قىلىشىڭ خەقنىڭ قاتتىق باھا بېرىشلىرىدىن قورققانلىقىڭدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزۈڭدە ئالاقىزادىلىكتىن بولىدىغان ئېھتىياتچانلىق پسخىكىسى پەيدا بولغانلىقىدىن بولىدۇ . ئەگەر سەن ئۆز ـ ئۆزۈڭدىن ۋەھىمە قىلىدىغان بولساڭ ، سېنىگاللىق قىياسەن گۇۋاھچى[1] ( ۋىجدان ) بولۇشىڭ ھاجىتى قالمايدۇ .

① قىياسەن گۇۋاھچى — ۋىجدان . سېنىكانىڭ « ئەخلاق ھەققىدە خەتلەر » دېگەن كىتابىدىن .

## 51

# تاللاشقا ماھىر بول

تۇرمۇشتىكى تالاي ـ تالاي ئىشلار سىزنىڭ تاللاش ئىقتىدارىڭىزنىڭ بو- لۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق بولىدۇ . ئەگەر سەن ئوبدان پەم ، توغرا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولاي دېسەڭ ، زېھنىي قابىلىيىتىڭ ۋە ئىش يۈرۈش- تۈرۈش ئىقتىدارىڭغىلا تايىنىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ . چوڭقۇر كۆزىتىش ۋە مۇۋاپىق تاللاش بولمىسا ، مۇكەممەل نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ ، تاللىيالايدىغان ئىقتىدار ۋە ئەڭ ياخشى تاللىيالايدىغان ئىقتىداردىن ئىبارەت ئىككى خىل تاللاش ئىقتىدارىغا چېتىلىدۇ . بىرمۇنچە كىشىلەر پارا- سەتلىك ۋە تەدبىرلىك ، ھۆكۈم قىلىشتا ناھايىتى ئېھتىياتچان ، يەنە كېلىپ تىرىشچان ۋە بىلىملىك بولسىمۇ ، تاللاش مەسىلىسىدە كۆپ ھاللاردا مەغلۇپ بولۇپ قالىدۇ . ئۇلار گويا خاتا تاللاش ماھارىتى بارلىقىنى قەستەن ئىپادىلى- مەكچى بولغاندەك ، داۋاملىق ھەممىدىن ناچار نەرسىلەرنى تاللاپ قالىدۇ . قانداق تاللاشنى بىلىش تەڭرى ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك ئىقتىدارنىڭ بىرىدۇر .

## 52

# مەڭگۈ ئېغىر بېسىق بول

ئېھتىياتچان ئادەم ھامان ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئىقتىدارىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشقا ئىنتىلىدۇ . بۇنداق ئىقتىدار ھەقىقىي خىسلەتنى ، زېھنىي كۈچ ۋە قۇدرەتنى نامايان قىلىدۇ ، چۈنكى كاللىسى بار ئادەم ئاسانلىقچە كەيپىياتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . قاتتىق ھېسسىيات قەلبتىن پەيدا بولىدىغان غەلىتە ئوي - پىكىر بولۇپ ، سەل ئېشىپ كەتسىلا بىزنىڭ ھۆكۈمىمىزنى كېسەل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ . ئەگەر بۇ كېسەل كالپۇكقا يۇقۇپ قالسا ، نام - شەرەپىڭنى بۇلغاپ تاشلايدۇ . سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ - كېسىل ھۆددە قىلالىساڭ ، ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ياكى ناھايىتى ئوڭۇشسىز ئەھۋالدا قالغاندىمۇ شۇنداق قىلالىساڭ ، ھېچكىم سېنى تەنقىد قىلالمايدۇ . ھەممەيلەن سېنىڭ كارامەت ئىكەنلىكىڭگە ئاپىرىن ئېيتىشىدۇ .

## 53

# ھەم تىرىشچانلىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئىشلەش كېرەك ، ھەم مېڭىنى ئىشقا سېلىش كېرەك

تىرىشچانلىق ئەقىللىقلار دېلىغۇل بولۇپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى چاپسانلىتىدۇ . ئەخمەقلەر تېز سۈرئەتنى ياخشى كۆرىدۇ : ئۇلار پۇتلىكاشاڭ ـ توساقلارغا قارىماستىن ، قارامىلىق بىلەن ئىش كۆرىۋېرىدۇ ؛ ئاقىللار كۆپىنچە بىرەر ئىشقا يولۇققاندا بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولىدۇ ؛ نادانلار ھەرقانداق ئىش قىلسا ئالدىراپلا قىلىۋېرىدۇ . ئاقىللار نېمە ئىش قىلسا ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كې- لەلمەيدۇ . بەزى چاغلاردا ئىشقا توغرا ھۆكۈم قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بىپەر- ۋالىق قىلىش ياكى ئىش ئۇنۇمىگە ئېتىبارسىز قاراش تۈپەيلىدىن چاتاق چىقى- رىپ قويىدۇ . بوشاشماي داۋاملىق تەييار تۇرۇش بەخت ـ ئامەتنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ .

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى دەرھال بېجىرىش كېرەككى ، ھەرگىز ئەتىگە قويماسلىق كېرەك ، بۇ ئىنتايىن مۇھىم . ئالدىراش بولساڭمۇ ۋاقىت چىقار ، ئارىسالدى بولساڭمۇ تېز تۇتۇش قىل ، دېگەن گەپ ئوبدان ئېيتىلغان .

## 54

# ھەسەل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ نەشتىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەت

ھەتتا توشقانمۇ ئۆلۈك ئېيىقنىڭ بۇرۇتىنى سىلاپ بىقىشقا جۈرئەت قىلا-لايدۇ . جاسارەت ، مۇھەببەت قاتارلىق نەرسىلەرگە ئوخشاش ، ھەرگىز چاق-چاق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس . ئۇ بىرەر قېتىم بوي ئېگىپلا قويسا ، ئارقا - ئارقىدىن بوي ئېگىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئوخشاشلا قىيىنچىلىقنى كېيىنچە بە-رىبىر يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ ، شۇنداق ئىكەن ، ئۇنى بالدۇرراق ھەل قىلى-ۋەتكەنگە يەتمەيدۇ . كىشىلەر ھامانە ھەرىكەتكە قارىغاندا ئىدىيە جەھەتتە دادىل كېلىدۇ . نەيزە - خەنجەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىش كېرەككى ، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىنىغا سېلىپ قويۇپ ۋاقتى كەلگەندە ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك . ئۇ — سىنىلىڭ قوغدىنىش قورالىڭ . ئاجىز روھىي ھالەت ئاجىز بە-دەندىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك بولىدۇ . پەزىلەتتە شۆھرەت قازانغان نۇرغۇن كىشىلەردە دەل مۇشۇنداق ھاياتىي كۈچ كەمچىل ، ئۇلار قارىماققا ناھايىتى ئۆلۈك مىجەز ، پۈتۈنلەي چۈشكۈن بىر خىل كەيپىياتنىڭ قورشاۋىدا قالغاندەك كۆرۈنىدۇ . خاراموشلۇق ئىچىدە مۇنداق بىر ئاجايىپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش بار : ھەسەل بىلەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ نەشتىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەت . سەن يۈرەكلىك ۋە جاسارەتلىك بولغىنىڭ روھىي جەھەتتە ھەرگىز بوشىشىپ قالما .

55

# قانداق كۈتۈپ تۇرۇشنى بىلىش كېرەك

قانداق كۈتۈپ تۇرۇشنى بىلگەن ئادەمنىڭ چىداش ئىقتىدارى كۈچلۈك ۋە كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولىدۇ. ئىش قىلىشتا ھەرگىز زىيادە ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك، كەيپىياتنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچراپ كەتمەسلىك كېرەك. ئۆزىنى باشقۇ ـ رالايدىغان ئادەم باشقىلارنىمۇ باشقۇرالايدۇ. پۇرسەتنىڭ مەركىزىي جايىغا بېـ ـرىشنىڭ ئالدىدا، ئاۋۋال ۋاقىت ئاسمىنىدا ئۇبدان ساياھەت قىلىۋەتكەن ياخشى. ئاقىلانە ئارىسالدىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك قىلالايدۇ، مەخپىي ئىشنى ئەڭ ئاخىرىدا چېچەكلىتىپ مېۋىگە كىرگۈزەلەيدۇ. ۋاقىتنىڭ ھاسىسى گىگانت باتۇر ھېكتورنىڭ[①] گۈرزىسىدىنمۇ بەكرەك ئىشقا يارايدۇ. تەڭرى ئىنسانلارنى جازالاشتا پولاتتەك قول بىلەن ئەمەس، بەلكى سۆرەلمە پۇت ( يەنى پەيتى كەلمىگۈچە ھېچنېمە قىلمايدۇ — تەرجىمان ئىزاھى ) بىلەن جازالايدۇ. « ماڭا ۋاقىتلا بەرسەڭ، ئىككىگە تەڭ كېلىمەن » دېگەن تەمسىل ئۇبدان ئېيتىلغان ( يەنى جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان — تەرجىمان ئىزاھى ). تەقدىر سەۋر ـ تاقەت قىلىپ كۈتىدىغان ئادەمگە ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئىنئام بېرىدۇ.

① ھېكتور — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى باتۇر.

## 56

# ئىشلىگەچ ئويلاش كېرەك

بۇشاشماستىن دائىم تەييار ھالەتتە تۇرىدىغان خۇشال كۆڭۈلدىن ئوبدان ھاياجانلىنىش پەيدا بولىدۇ . بۇنداق كۆڭۈل ئۈچۈن ، جىددىي ھالەتتە تۇرىدىغان جاي ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان تۇيۇقسىز سادىر بولىدىغان ھادىسە يوق ، ئۇنىڭدا جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغان بولىدۇ . بەزى كىشىلەر كۆپرەك ئويلايدۇ ، لېكىن قانداقلىكى ئىش قىلىسىمۇ چاتاق چىقىدۇ ؛ يەنە بەزى كىشىلەردە قىلچىمۇ يىراقنى كۆرەرلىك بولمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىكى ئىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىقىدۇ . بەزىلەرنىڭ كېلىشمەسلىككە يوشۇرۇن تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ ، قىيىنچىلىق قانچە چوڭ بولسا ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى شۇنچە ئوبدان جارى قىلىنىدۇ . ئۇلار ئاجايىپ ئەزىمەتلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزلۈكىدىنلا شەكىللىنىپ قالغاندەك بىلىنىدۇ ، ئەندىشە قىلغان ھامان توسالغۇغا ئۇچراپ قالىدۇ تېخى . ئەگەر ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئويلىمىغان بولسا ، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ھەرگىز ئويلىمايدۇ ، مەقسەتلىك ھالدا ئويلىغان تەقدىردىمۇ پايدىسى بولمايدۇ . چاققانلىق بارىكاللىغا ئېرىشەلەيدۇ ، چۈنكى ئۇ تۇغما يوسۇندىكى ئويلاشتا زىل ، ھەرىكەتتە پەخەس بولۇشتەك كارامەت نەرسىنى نامايان قىلىدۇ .

57

# چوڭقۇر ئويلىنىپ يىراقنى كۆرىدىغانلار يامان كۈنگە قالمايدۇ

ئىشنى ھەققىي يوسۇندا ئوبدان قىلغانلىق چاپسان قىلغانلىق بىلەن باراۋەر . ئىشنى چاپسان ۋۇجۇدقا چىقىرىش كويىدىلا بولغاندا ، مەغلۇپ بولۇشمۇ چاپسان بولىدۇ . ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئىزى ئۆچمەي ساقلىنىپ قالىدىغان ئىش ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تىرىشىپ ئەجىر قىلغاندا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ . ھەققىي يوسۇندا مۇكەممەل بولغاندا ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالايدۇ ، ھەققىي مۇۋەپپەقىيەتلا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆچمەي ساقلىنىپ قالالايدۇ . چوڭقۇر چۈشەنگەندە ئاندىن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىسىگە يەتكىلى بولىدۇ . ئۇلۇغۋار قىممەت ئۈچۈن ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش كېتىدۇ . مېتالنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق بولىدۇ : مېتالنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىقى ھەممىدىن كۆپ ئەجىر بىلەن تاۋلىنىدۇ ، ئۇنىڭ سالمىقىمۇ ھەممىدىن ئېغىر بولىدۇ .

## 58

# ئەتراپىڭىزدىكىلەر بىلەن جانلىق ماسلىشىپ ئۆت

ھەممەيلەنگە ئوخشاشلا بىر خىل ئەقىل ـ پاراسەتنى كۆرسەتمەسلىك كې-
رەك ؛ ئىشقا قانچىلىك تىرىشچانلىق كەتسە ، شۇنچىلىكلا تىرىشچانلىق كۆر-
سەتسە بولىدۇ . بىلىمىڭىزنى ۋە قابىلىيىتىڭىزنى بىھۇدە زايە قىلىۋەتمە . لاچىن
بېقىش ماھىرى ئۆزى ئىشقا سالالايدىغان قارچىغىنىلا باقىدۇ . قابىلىيەت ـ
ئىقتىدارىڭىزنى ھەر كۈنلۈكى كۆرسىتىۋەرمە ، بولمىسا ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا
كىشىلەر ھېچقانچە كارامىتى يوق ئىكەن دەپ ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ .
شۇڭا ، سەن بەزىبىر ئالاھىدە ماھارەتلىرىڭنى ساقلاپ قال . ئاز ـ ئازدىن بەزى
يېڭى ئىستېداتلىرىڭنى پات ـ پات كۆرسىتىپ تۇرالىساڭ ، كىشىلەر ئىستېدا-
تىڭنىڭ زادى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ، ساڭا ئـۇمـىـد
باغلاپ تۇرىدىغان بولىدۇ .

## 59

# ئاياغلاشتۇرۇش ياخشى بولسا ، ئاندىن ياخشى بولغانغا ھېساب

تەقدىر سارىيىنى يوقلاپ بارغاندا ، ئەگەر سەن خۇشاللىق ئىشىكىدىن كىرسەڭ ، قايغۇ ـ ھەسرەت ئىشىكىدىن چىقىپ قالىسەن ؛ ئەگەر قايغۇ ـ ھەسرەت ئىشىكىدىن كىرسەڭ ، خۇشاللىق ئىشىكىدىن چىقىپ قالىسەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ ئاياغلاشتۇرغاندا جەزمەن پەخەس بولۇشۇڭ كېرەككى ، دەسلەپتە دەبدەبىلىك بولغاندىن كۆرە ، ئىشنى ئاياغلاشتۇرغاندا مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختكە ئېرىشكەن ياخشى . ئامەتلىك ئادەملەر كۆپ ھاللاردا ئىشنى ناھايىتى داغدۇغىلىق باشلىسىمۇ ، ئاياغلاشتۇرىدىغان چاغدا ناھايىتى پاجىئەلىك ئەھۋالدا قالىدۇ . ھەقىقىي مۇھىم بولغىنى سورۇنغا بارغىنىڭدا ھەممەيلەننىڭ سېنى ئالقىشلاپ قارشى ئېلىشى ئەمەس — بۇنداق ئەھۋال تولا ئۇچرايدۇ — بەلكى سەن كەتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەرنىڭ سېنى ئەسلەپ تۇرۇشىدۇر . سەن كەتكەندىن كېيىنمۇ كىشىلەرگە سېنى يەنە كەلسىكەن دېيدىغان تەلپۈنۈش ئىشتىياقىنى سالالىساڭ ، ھەقىقىي قالتىس ئادەم ھېسابلىنىسەن . سېنى دەرۋازىغا قەدەر بىللە ھەمراھ بولۇپ ئۇزىتىپ بارىدىغان تەلەي ناھايىتى ئاز بولىدۇ . ئۇ ( تەلەي ) ھامان سەن كەلگىنىڭدە كۈلۈمسىرەپ قارشى ئالغان بولسا ، كەتكىنىڭدە مۇز تەلەت بولۇپ ئۇزىتىپ قويىدۇ .

60

# ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك

بەزى كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئېھتىياتچان كېلىدۇ ، ئۇلار كىشىلىك تۇر- مۇشقا قەدەم بېسىش بىلەنلا تۇغما تەربىقىدىكى ئۇبدان ھۆكۈم قىلىش ئارتۇق- چىلىقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ . بۇ بىر خىل تۇغما پاراسەت بولۇپ ، ئۇلارنى قەدەم ئالماي تۇرۇپلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يېرىم يولىنى بېسىپ بولغان- دەك ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ . ياش ۋە تەجرىبىسىنىڭ ئېشىشى بىلەن ئۇلا- رنىڭ ئەقلى پۈتۈنلەي يېتىلگەن ھالەتكە يېتىدۇ ـ دە ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى ۋەزىيەتكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ، يۈنىلىشنى تىزگىنلەپ ماڭالايدىغان قىلىدۇ . بۇنداق كىشىلەر ئېھتىياتچان ئەقىل ـ ئىدراكقا ئالدامچىلىق قىلماقچى بولغان ھەرقانداق غەلىتە ئوي ـ پىكىرلەرگە نەپرەتلىنىدۇ ، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا شۇنداق بولىدۇ ، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ خېيىمخەتەرسىز بولۇشىنى ئىزدەيدۇ . پاراخوتنى دۆلەتكە تەمسىل قىلغاندا ، ئاشۇنداق كىشىلەر دېڭىز ـ ئوكيان قاتنىشىدىكى كاتتا ئىشلارنى باشقۇرالايدۇ ، يەنى رولنى ئۆزى تۇتمىغان تەقدىردىمۇ ، رولچىنىڭ يېتەكچىسى بولالايدۇ .

61

# ئالىيجاناب ئىشلاردا ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان بولۇش كېرەك

مۇكەممەل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر ئىچىدە بۇنىسى كەمدىن ـ كەم ئۇچ- رايدۇ . مەشھۇر قەھرىمانلاردا مۇقەررەر ھالدا مەلۇم بىر خىل ئالىيجاناب پە- زىلەت بولىدۇ . چاكىنا كىشىلەر ھەرگىز ئالقىشقا سازاۋەر بولالمايدۇ . ئالىي- جاناب ئىشلاردا ھەممىنى بىسىپ چۈشسەك ، ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقلىنى- دىغان ، ئالاھىدە نەتىجە قازانغان ئادەملەردىن بولۇپ چىقالايمىز . تۆۋەن كەسىپلەردە ھەرقانچە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىشمۇ ھېچقانداق ئىش ئەمەس : نەتىجە قانچىكى ئاسان قولغا كەلسە ، ئۇنىڭ شۇنچە تىلغا ئالغۇچىلىق شەرىپى بولمايدۇ . ئالىيجاناب ئىشلاردا ھەممىنى بىسىپ چۈشۈش سىنى كاتتا سالاپەتكە ئىگە قىلىدۇ : ساڭا ھەر تەرەپتىن مەدھىيە سادالىرى يېغىپ تۇرىدۇ ، ھەممە كىشىنىڭ قەلبى ساڭا تەلپۈنىدۇ .

62

# ھەممىدىن خىل سايمانىنى ئىشلەتكۈچى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ

بەزىلەر ناچار سايمانىنى ئىشلىتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىن ئۆزگىچە پەۋقۇلئاددە ماھارىتى بار ، دەپ قاراشنى ئۈمىد قىلىدۇ . بۇ خەۋپلىك ھالدىكى ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىش بولۇپ ، ناھايىتى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانغا ئوخشايدۇ ، ئەمەلىيەتتە بولسا ، بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش . خان بولغۇچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋەزىرنىڭ قابىلىيىتى بىلەن سۇنۇپ قالمايدۇ . دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، خۇددى ئىش مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىسا ئۇنىڭ سەۋەبلىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچىغا ئارتىلغاندەك ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بارلىق شان - شەرىپىمۇ ئادەتتە شۇ ئىشنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسىغا مەنسۇپ بولىدۇ . تۆھپە يارىتىپ ، شۆھرەت قۇچالىغان ئادەم ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئادەم بولىدۇ . كىشىلەر ھەرگىز مەلۇم كىشىنىڭ « ئوبدان ئىشچىسى ياكى ناباپ ئۈستىسى بار » دېمەيدۇ ، بەلكى مەلۇم ئادەمنىڭ « تېخنىكىسى يۇقىرى ياكى ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن » دەپ ئېيتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قول ئاستىڭدا ئىشلەيدىغان خادىملارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ تاللىشىڭ كېرەك . سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆچمەس نامىڭنى ئاشۇلارغا باغلىشىڭ كېرەك .

## 63

# ئاۋۋال قول سالغان ياخشى

ئەگەر سەن ھەقىقي مەشھۇر ئىختىساسلىق ئادەم بولساڭ ، ھەر ئىشقا ئاۋۋال قول سالغىنىڭ تۈزۈك ، بۇ سېنى ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشتۈرىدۇ . ئەگەر باشقا شەرتلەر ئوخشاش دەپ پەرەز قىلساق ، ئاۋۋال قول سالغانلىكى ئادەم ئالدى بىلەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ . بەزى كىشىلەر ئەسلىدە ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ بويىچە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولىسمۇ ، ئەمما ئۆزلىرىگە يەتمەيدىغان باشقا ئادەملەرگە قەستەن ئەۋزەل پۇرسەتنى ئىگىلىتىپ قويىدۇ . ئاۋۋال ئىگىلىگۈچى ئابرۇيلۇق چوڭ ئوغۇل ( ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە — تەرجىمان ئىزاھى ) ، ئۇ قانۇن بويىچە دەۋا قىلىپ جان باقالىغۇدەكلا مۇلۈككە ئىگە بولالايدۇ . كېيىن قالغىنى مىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ ، ھامان باشقىلارنىڭ چاڭ- توزانىدا كۆلكىگە قې- لىشتىن خالىي بولالمايدۇ . ئاجايىپ سىرلىق تالانت ئىگىسىمۇ مىڭ بىر ئاۋاي- لاشلار بىلەن ئۆزىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىدىن خاتالىقىقا گىرىپتار بولۇپ قالماسلىق شەرتى ئاستىدا ئۆزگىچە يول بىلەن باشقىچە ئامال- چارە تېپىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ . ئەقىللىق ئادەملەر ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا باتۇر- ئەزىمەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ . بەزى ئا- دەملەر ئارقا رەتتىكىلەرنىڭ بېشىدا تۇرۇشقا رازىكى ، بىرىنچى قاتاردىكىلەرنىڭ ئىككىنچىسى بولۇشنى ياقتۇرمايدۇ ( ياكى چوڭ يەردە مالاي بولغۇچە ، كىچىك يەردە خوجا بولۇشقا خۇشتار كېلىدۇ — تەرجىمان ئىزاھى ) .

## 64

# غەم - قايغۇدىن ساقلان

كىشىنى بىئارام قىلىدىغان غەم - قايغۇدىن مۇمكىنقەدەر يىراق تۇرۇش ھەم ئاقىلانىلىك ، ھەم پايدىلىق . ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەش سېنى نۇرغۇن بىئاراملىقتىن خالىي قىلىدۇ . شۇڭا ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى ، ئېھتىياتچانلىق ساڭا ئامەت ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى ئاتا قىلىدىغان ئىلاھە نۇسىنادۇر① . باشقىلارغا ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان يامان خەۋەرلەرنى يەتكۈزمەسلىكىمىز ھەمدە تېخىمۇ مۇھىمى بۇنداق يامان خەۋەردىن ئۆزىمىز خەۋەردار بولماسلىقىمىز كېرەك . بەزى كىشىلەر شېرىن خۇشامەتچىلىك گەپلەرىنى ئاڭلاۋېرىپ ، بۇ گەپلەرنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغانلىرى بىلەن قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغانلىرىنى ئايرىيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ ؛ بەزى كىشىلەر پىتنە - پاسات گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ ، ياخشى - ياماننى بىلەلمەي قالىدۇ ؛ يەنە بەزى كىشىلەر مىسلىداتىسقا② ئوخشاش ھەر كۈنى ئازراقتىن زەھەرسىمان نەرسىنى ئىستېمال قىلىۋالمىسا خاتىرجەم بولالمايدۇ . باشقىلارنىڭ ( سېنىڭ سىرداش دوستۇڭ بولغان تەقدىردىمۇ ) كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەڭگۈلۈك روھىي ئازابقا قالدۇرۇشمۇ ياخشى تەدبىر ئەمەس . بەزى

---

① ئىلاھە نۇسىنا ــ رىم ئىلاھەلىرى ئىچىدىكى تۇغۇت ئىلاھەسى . جۇنۇ بىلەن دىئانا شۇ فامىلىنى قوللانغان.

② پانتۇس پادىشاھى دۈشمەنىنىڭ زەھەرلەپ قويۇشىدىن قورقۇپ ، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا زەھەرگە قارشى كۈچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئازراق زەھەرلىك دورا يەۋالىدىكەن .

كىشىلەر ساڭا مەسلىھەت بېرىپ تەدبىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزى ھېچقانداق خىيىمخەتەرنى ئۈستىگە ئالمايدۇ ، شۇڭا سىنىڭ باشقىلارغا ياخشىـ چاق بولمەن دەپ ئۆزۈڭنىڭ بەختى بىلەن ھېسابلاشماسلىقىڭنىڭ ھاجىتى يوق . سىنىڭ باشقىلارنى خۇش قىلغانلىقىڭ ئۆزۈڭنى ئازابلىغانلىقىڭدىن دېرەك بەرـ گەندە ، مۇنداق بىر ساۋاقنى ئېسىڭدە تۇتقىن : ئۆزۈڭنى شۇ ئىشتىن كېيىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئازابقا سالغاندىن كۆرە ، خەقنى ھازىرلا بىرئاز ئازابلاندۇرغىنىڭ تۈزۈك .

## 65

# قىزىقىش نەپسى بولۇشى كېرەك

نەپسى قىزىقىشنى ئەقىل- پاراسەتكە ئوخشاش يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم بولىدۇ. شەيئىلەرنى ناھايىتى تولۇق چۈشىنىش سىنىڭ نەزەر دائىرەڭنى ئاچىدۇ، ئارزۇيۇڭنى كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئىشتىن كېيىن كۆڭۈلدىكىدەك بەھرە ئالالىساڭ، ئالەمچە خۇشال بولىسەن. مەلۇم بىر كىشىنىڭ نېمىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقىغا قاراپلا ئۇنىڭ پاراسىتىنىڭ قانچىلىكلىكىگە ھۆكۈم قىلالايسەن. ئەقىل- پاراسىتى قانچىكى يۇقىرى كىشىنىڭ ئىنتىلىدىغان نىشانىمۇ شۇنچە يۈكسەك بولىدۇ. ئېغىز قانچە چوڭ ئېچىلسا، چىشلەپ ئۈزۈۋېلىنىدىغان نەرسىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ؛ قەلبى ئالىيجاناب كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا ئالىيجاناب ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. قىزىقىشى ساپ كىشىلەرگە ئەڭ ئۇلۇغ مەشھۇر زاتلارمۇ قول قويماي قالمايدۇ. كامالەتكە يەتكەنلەرمۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. مۇكەممەللىكتە تازا كامالەتكە يەتكەن نەرسىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ھۇزۇرلىنىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا بەك قاتتىق تەلەپ قويما. قىزىقىشنىڭ پەيدا بولۇشى باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۆزلۈكسىز مەشىق ئارقىلىق ئاخىر ئۆزۈڭدە زوقلىنىش- قىزىقىش پەيدا قىلالايسەن. ئەگەر ئەڭ ياخشى ھۇزۇرلانغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى دوست تۇتالىساڭ، تەلىيىڭنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ. ئەمما، ئۆزۈڭنى مەن ھەممىدىن نارازى دەپ يۈرمەسلىكىڭ كېرەك، ئۇنداق قىلىش دۆۋەڭلىكتە چېكىدىن ئاشقان روھىي ھالەت

ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر بۇنداق چېكىدىن ئاشقان روھىي ھالەت تۈغما مىجەزدىن ئەمەس ، دورامچىلىقتىن كېلىپ چىققان بولسا ، ئۇ تېخىمۇ يىرگىنچلىك تۇ- يۇلىدۇ . بەزى كىشىلەر تەڭرىنىڭ باشقا بىر دۇنيانى ۋە ئەڭ مۇكەممەل باشقا شەيئىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ، شۇنداق بولغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەسەۋۋۇرلىرىنى قاندۇرالارمىش .

66

# ھەر ئىشنى ئاخىرغىچە ياخشى قىلىش كېرەك

بەزى كىشىلەر ئىش قىلغاندا ئىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلاردىن چىقىپ كېتىش ـ كەتمەسلىكىگە ۋە لايىقىدا بولۇش ـ بولماسلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما ئاخىرقى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، مەغلۇپ بولغان ھامان ئابرۇيىنى يوقىتىدۇ. كىشىلەر غالىبلارنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى سەۋەبنى ئېيتىپ بېرىشنى زادىلا تەلەپ قىلمايدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر كونكرېت جەريانغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، قەھرىمانىنى ئۇنىڭ غەلىبىسى ۋە مەغلۇبىيىتىگە قاراپلا باھالايدۇ. سەن كۆزلىگەن نىشانىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك يېتەلىسەڭ، چوقۇم نام ـ شۆھرەت قازىنالايسەن. قوللانغان ۋاستەڭ كىشىلەرنى ھەرقانچە ناخۇش قىلسىمۇ، نەتىجەڭ ياخشى بولسىلا، ھەممە ئىش ياخشى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىشىڭنى تازا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قولۇڭدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا موھتاج بولساڭ، قولۇڭدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستە دەل ھەقىقىي ۋاستە بولىدۇ.

## 67

# سىنى قايسى كەسىپ مەدھىيىگە ئېرىشتۈرەلىسە ، شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللان

بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى باشقىلارنىڭ رازى بولغان - بولمىغانلىقىغا باغلىق . مۇكەممەللىك مەدھىيىگە موھتاج . بۇ گۈلنىڭ شامالنىڭ يەلپۈشىگە موھتاج ئىكەنلىكىگە ، ھاياتلىقنىڭ نەپەس ئېلىشقا تايىنىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ . بەزى كەسىپلەرنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەمما بەزى كەسىپلەر گەرچە تېخىمۇ مۇھىم بولسىمۇ ، ئاسانلىقچە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمايدۇ . ئالدىنقىسىنى ھەممە كىشى كۆرىدۇ ، ھەممەيلەن ياخشى كۆرىدۇ ؛ كېيىنكىسى بولسا ئازراق ئۇچرايدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم كېرەك . ئەپسۇسكى ، ئۇ سان كۆزگە چېلىقمايدۇ ، قەدىرلەشكە تېگىشلىكى قەدىرلەنمەي قالىدۇ . ئەڭ مەشھۇر پادىشاھلار زەپەر قۇچقان پادىشاھلاردۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئاراگون پادىشاھلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان ، چۈنكى ئۇلار داڭق چىقارغان ئىستىلاچىلار ۋە جەڭگاھتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەر ئىدى . ئۇلۇغ ئادەم تازا نام چىقارغىلى بولىدىغان كەسىپنى سۆيۈشى كېرەك . بۇنداق كەسىپلەرنى ھەممە كىشى چۈشىنىدۇ ، ھەممە كىشى ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ . ئەگەر ئۇ ئادەم كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەلىسە ، ئۆچمەس شۆھرەت قازىنالايدۇ .

## 68

# باشقىلار سېنى چۈشەنسۇن

كىشىلەرنىڭ سېنى چۈشىنىشى كىشىلەرنىڭ سېنى ئېسىدە تۇتۇشىدىن ئې-شىپ چۈشسۇن ، چۈنكى ئەقلىي قابىلىيەت ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتىدىن ئۇلۇغ بولىدۇ . كەلگۈسىدىكى ئىش توغرۇلۇق بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىشىڭ كېرەك ، بەزى ۋاقىتلاردا شۇ كىشىلەرگە ئەقىل ـ تەدبىر كۆرسىتىشىڭ كېرەك . بەزى كىشىلەر پەيت يېتىپ كەلگەندە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار شۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ . سەن دوستانىلىك بىلەن سەممىي ئاگاھلاندۇرۇپ ، شۇ ئىشنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى كۆرسىتىپ بېرىشىڭ كېرەك . سەزگۈرلۈك بىلەن پەيتنى پەملەپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىش ئىنتايىن ئۇلۇغ بىر تالانت ھېسابلىنىدۇ . سەندە بۇنداق تالانت بولمايدىكەن ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ نۇرغۇن پۇرسەتلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىسەن . كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەر باشقىلارغا يول كۆرسەتسۇن ؛ يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىنتىلسۇن . باشقىلارغا يول كۆرسىتىشتە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەككى ، باشقىلارنى يول كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىنتىلدۇرۇشتىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك ، ئىما ـ ئىشارە قىلىپ قويسىلا بولىدۇ . يول كۆرسەتكۈچىنىڭ ئۆزى خېيىمخەتەرگە چېتىلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇ پەۋقۇلئاددە ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك . ئەگەر ئىما ـ ئىشارىتىڭ كۇپايە قىلمىسا ، ئەڭ ياخشىسى نەپىس قىزىقىشىڭنى كۆرسەت ھەمدە ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىڭنى تازا نامايان قىل . مۇبادا قارشى تەرەپ « ياق » دېسىلا ، سەن ئۇستىلىق بىلەن « بولىدۇ »غا ئىنتىل . كۆپ ۋاقىتلاردا سېنىڭ بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەسلىكىڭگە ئۆزۈڭنىڭ شۇ نەر-سىلەرگە ئىنتىلمەسلىكىڭ سەۋەب بولىدۇ .

## 69

# ئادەتتىكى ھەربىر ھاياجانلىنىشقا باش ئېگىۋەرمەسلىك كېرەك

ئۇلۇغ كىشىلەر كۆڭلىگە بىرەر خىيال كەلسىلا دەرھال شۇنىڭغا ھەۋەس قىلىۋەرمەيدۇ . ئېھتىياتچان بولۇش ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باغلىق : سەن ئۆزۈڭنىڭ خىسلىتىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ياكى ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ تەتۈرىچە ئىش قىلساڭ ، شۇملۇقۇڭ بىلەن تەبىئىتىڭ ئۆزگىرىپ تەڭپۇڭ بولغان بولىدۇ . ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ . بەزى كىشىلەر تەبىئىي تەلۋە كېلىدۇ ، ھەمىشە ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلىدۇ ، بىرەر شەيە چىقسىلا ، ئۇنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . مۇشۇنداق يامان سۈپەتلىك تەڭپۇڭسىزلىق تەسىرىدىن ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىكى ئىشى ھەمىشە بىر ـ بىرىگە زىت كېلىدۇ . بۇنداق ئۆتۈپ كەتكەن تەلۋىلىك ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى نابۇت قىلىپلا قالماي ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ زەربە بېرىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ .

## 70

# رەت قىلىشتا ئۇستىلىق كېرەك

سىنىڭ ھەممە نەرسىنى بارلىق كىشىلەرگە سوۋغا قىلىۋېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس . بىرىش بىلەن رەت قىلىش ئوخشاشلا مۇھىم ، بولۇپمۇ بۇيرۇق چۈشۈرگۈچىلەر ئۈچۈن شۇنداق . مەسىلىنىڭ تۈگۈنى قانداق رەت قىلىشتا . بەزى كىشىلەرنىڭ رەت قىلىشى يەنە باشقا بەزى كىشىلەرنىڭ ۋەدىسىدىن قىممەتلىك : بەزىدە ئالتۇن يالىتىلغان « ياق » كىشىلەرنى ئوردىنىڭ ۋەدىسىدىنمۇ بەكرەك رازى قىلىدۇ . بىرمۇنچە كىشىلەر ھەمىشە « ياق »نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ، نەتىجىدە ئىشنى بۇزۇپ قويىدۇ . ئۇلار ئىشتىن كېيىن يول قويۇشى مۇمكىن ، ئەمما باشقىلار ئۇنىڭدىن ياخشى تەسىرات ئالالمايدۇ ، چۈنكى ئۇلار ھە دېگەندىلا باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدۇ . باشقىلارنى رەت قىلغاندا چورتلا رەت قىلىۋەتمەسلىك كېرەككى ، كىشىلەر ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ئاز ـ ئازدىن ھېس قىلىدىغان بولسۇن ، ھەرگىز بىر يوللا ئۈزۈل ـ كېسىل رەت قىلىۋەتمەسلىك لازىم : ئۇنداق قىلساڭ ، كىشىلەر سەندىن قايتا ئۈمىد كۈتمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ . رەددىيە ئېلىپ كېلىدىغان ئازابنى ئازراق بولسىمۇ شېرىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھامان بىرئاز ئۈمىد لاتاپىتى قالدۇرۇش كېرەك . ئۆتمۈشتىكى نەپنى بىكار قىلغان تەقدىردىمۇ ، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن ئىش قىلىش كېرەك ؛ ھەرىكەت جەھەتتە نەپىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ ، نەپىنىڭ ئورنى ئېغىز ئارقىلىق تولدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ . « بولىدۇ » ، « بولمايدۇ » دېيىش بەك ئاسان ، ئەمما بۇ سۆزلەرنى تازا لايىقىدا دېيىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

## 71

# مىجەز ياكى ياسالمىلىق تۈپەيلىدىن ئېگىز - پەس سۆزلىمەسلىك كېرەك

ئېھتىياتچان ئادەم مۇكەممەللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ھامان باشتىن- ئاخىر بىر خىل بولىدۇ ، دەل مۇشۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئاقىللىقىنى نامايان قىلىدۇ . ئۇ ، ئىشنىڭ تۈپ سەۋەبى ۋە مۇناسىۋەتلىك پايدا- زىيان تۈپەيلىدىنلا ئۆزىنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن . نا- ھايىتى ئېھتىياتچان بولۇشتەك بۇنداق ئىشتا ، تۇتۇرۇقسىزلىق ئىنتايىن سەت قىلىقتۇر . بەزى كىشىلەر ھەركۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئامتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ؛ ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە چۈشىنىش ئىق- تىدارىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەركۈنى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . ئۇلار تۈنۈگۈن يول قويغان بولسا ، بۈگۈن يېنىۋالىدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ شەنىنى بۇلغايدۇ ، كىشىنى راستىنلا گاڭگىرىتىپ قويىدۇ .

72

# كەسكىن بولۇش كېرەك

قانۇننى ئىجرا قىلىشتا كۆرۈلگەن خاتالىق پەيدا قىلغان زىيان تېخى ئىش بېجىرىشتە ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك پەيدا قىلغان زىياندەك چوڭ بولمايدۇ . جىمجىت تۇرغان شەيئى ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان شەيئىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان بۇزۇلىدۇ . بەزى كىشىلەر ھەمىشە بىر قارارغا كېلەلمەي ، خەقنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشىغا موھتاج بولۇپ خاتالىق پەيدا قىلغان . كۆپ ھاللاردا بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئېنىق ھۆكۈم قىلالماسلىقى ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئىش بېجىرىشتىكى سۆرەلمىلىكى سەۋەب بولىدۇ ، چۈنكى ئۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە خېلىلا ئۆتكۈر كىشىلەر . قىيىنچىلىقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرەلىگەنلىك زېرەكلىك ھېسابلىنىدۇ ، ئەمما كىشىلەر قىيىنچىلىقتىن ئۈستىلىق بىلەن ساقلىنالىسا ، ئاندىن ھەقىقىي زېرەك ھېسابلىنىدۇ . بەزى كىشىلەر ھەرقانداق شەيئىنىڭ توسالغۇسىغا ھەرگىز بوي بەرمەيدۇ . بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە كۈچلۈك ئىرادىسى بار . ئۇلار ئەزەلدىنلا ئالىيجاناب ئىشلارنى قىلىپ كەلگەن ، ئۇلار ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ ، ماھىرلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىپ ، ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ . ئۇلار ھەمىشە دېگىنىنى قىلىدۇ ، ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن يايراپ كېتىدۇ . ئۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالايدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئىشەنچ بىلەن يەنە ئۇلۇغ شان - شەرەپ يارىتالايدۇ .

## 73

# ئۆزىنى قاچۇرۇش يوللۇق بولۇشى كېرەك

ئۆزىنى قاچۇرۇشتا يوللۇق بولۇش ئېھتىياتچان ئادەملەرنىڭ قىينچىلىقنى يېڭىشتىكى ئەپچىل چارىسى ھېسابلىنىدۇ . ئادەمنى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىدىغان سىرلىق ئورۇندىغا كىرىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق بىر لەتىپە بىلەنلا ئۆزلىرىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ ، بۇ بىر كۈلكە بىلەن خەۋپتىن قۇتۇلۇش ، دەپ ئاتىلىدۇ . ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان ھەربىي گونزارو[1] نىڭ جاسارىتى ئاشۇنىڭدىن كەلگەن . سەن باشقىلارغا دوستانىلىك بىلەن ئەكسىچە گەپ قىلغاندا ، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئەپچىل چارە : گەپتە ئۆزۈڭنى ئەمەس ، باشقا بىرسىنى كۆزدە تۇتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىشىڭدىن ئىبارەت .

---

① گونزارو — مەشھۇر ھەربىي بولۇپ ، مورلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ھەمدە ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جەڭگە قاتناشقان ، جەڭدە كارامەت نەتىجە ياراتقان .

## 74

# كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل

ئەڭ ياۋايى هايۋانلار شەھەردە ياشايدۇ . ئۆزىنى بىلىش ئېگى كەملەرنىڭ يامان ئادەتلىرىنىڭ بىرى كىشىلەرنىڭ يېقىنلىششى قىيىن بولۇشتىن ئىبارەت . ئۇلار مىجەزىنى شان ـ شۆھرىتى ئارقىلىق ئۆزگەرتىدۇ . ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئادەمنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈش ھەرگىزمۇ ئابرۇي قازىنىشنىڭ ئوبدان چارىسى ئەمەس . ئويلايدىغان بولساق ، بۇ خىلدىكى ئادەملەر مىجەزى بىر قىسمىلا غەلىتە مەخلۇق بولۇپ ، ئۇلار ياۋايىلىق ۋە ئۆكتەملىك قىلىشقا ، يولسىزلىق قىلىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرىدۇ . بەختسىز مالايلار ئۇلارغا يې‌قىنلاشقاندا گويا يولۋاسنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ تولىمۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قامچا بىلەن ئۆزىنى قوغدايدۇ . ئۇنداق ئادەم يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش يولىدا پەسكەشلىك بىلەن ئېگىلىپ تىزلىنىدۇ ، كۆرگەنلا ئادەمنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدۇ ؛ ھوقۇقىنىڭ تۇتقۇچى قولىغا كىرگەن ھامان ھەممە ئادەمنى كۆڭۈلسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كونا نومۇسىنى ئاقلىماقچى بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ هازىرقى يۇقىرى مەرتىۋىسى تۈپەيلىدىن ، ھەممەيلەن يېقىنلىششقا ئىنتىلىدىغان شەخس بولۇشى كېرەك بولسىمۇ ، ئۇنىڭ باغرى تاش ، ئەدەپسىز ۋە ساختىپەز بولغاچقا ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ئالتە كۈنلۈك يىراققا قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئۇنداق ئا‌دەمنى ئەڭ ئەدەپلىك جازالاش ئۇسۇلى : ئۇنىڭ بىلەن زادى كارى بولماسلىقتىن ئىبارەت . سىنىڭ ئەگەر راستتىنلا ئەقىل ـ پاراستىڭ بولسا ، شۇ ئەقىل ـ پارا‌ستىڭ بىلەن باشقىلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت ياراتقىن .

## 75

# قەھرىمان ـ ئەزىمەتلەرنى ئۇستاز تۇت

بىرەر قەھرىماننى تاللاپ ئۆزۈڭنىڭ ئۈلگىسى قىلىۋال ، لېكىن ئۇ ئەڭ ياخشىسى قەدەممۇقەدەم ئۇنى دورىماي ، ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلەش . دۇنيادا خىلمۇخىل ئۇلۇغ ئادەملەر بار ، ئۇلار ئۆز كەسپى بويىچە ھەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىرسىنى ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ تاللىۋالىدۇ ، شۇغىنىسى ئۇنى ئۆلۈك ھالدا دورىمايدۇ ، بار ئامالللارنى قىلىپ ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ . ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ھېكتورنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يوشۇرۇنچە ياش ئاققۇزغان ، لېكىن ئۇ ھېكتور ئۈچۈن ئەمەس ، ئۆزى ئۈچۈن يىغلىغان ، ئۆزىنىڭ ھېكتورغا ئوخشاش مەشھۇر نام چىقىرىشقا نېسىپ بولالمىغانلىقىدىن يىغلىغان . دۇنيادىكى كۆللى شەيئى ئىچىدە باشقىلارنىڭ شۆھرىتىلا ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى ھەممىدىن بەك جۇش ئۇرغۇزالايدۇ . باشقىلارنىڭ شۆھرىتى ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان سىگنالغا ئوخشاش بولۇپ ، ئادەمنى نوقۇل ھەسەتخورلۇقنى ئۇنتۇپ جاسارەت ـ غەيرەتكە كېلىپ ، ئالىيجاناب بۈيۈك ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ .

①خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ھېكتورنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ھەسەت بىلەن يىغلاپ تاشلىغان ، چۈنكى ھېكتور قەھرىمان بولۇپ گومېرنىڭ تارىخىي داستانىدا تەسۋىرلىنىپ تارىختا نامى قالغان .

76

# ھەمىشە چاقچاق قىلىشقا ھەۋەس قىلماسلىق كېرەك

ئېھتىياتچانلىق ئۇچۇن ئېھتىياتچان بولۇشتىكى ئاچقۇچ ئۇنىڭ سىرلىق بولۇشىدا . سىرلىق بولۇش بىلەرمەنلىككە قارىغاندا ئاسانىراق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ . ھەمىشە چاقچاق قىلىۋېرىشكە ئامراق ئادەمنىڭ مۇكەممەل بولۇشى تەس ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى ئاسانلا مازاق قىلىشنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . بىز ئۇنى يالغان گەپ قىلىدۇ دەپ قاراپ ، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز . بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كېتىشتىن قورقىمىز ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىشتىنمۇ قورقىمىز . كىشىلەر چاقچاقچى ئادەمنىڭ زادى قايسى ۋاقىتتا دۇرۇس گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋالالماي قالىدۇ ، ئەھۋال ئۇنىڭدا سۆزلىگۈدەك ھېچقانچە دۇرۇس گەپنىڭ يوقلۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . ئەڭ ئوسال يۇمۇرمۇ باش ـ ئايىغى بولمىغان يۇمۇردىن ئارتۇق بولمايدۇ . بەزى كىشىلەر قىزىقچىلىقى بىلەن ئابرۇي قازانغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنە ئاخىرقى ھېسابتا شۇنىڭ بىلەن قىزىقچىلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ . چاقچاق قىلىدىغان چاغدا چاقچاقمۇ بولۇشى كېرەك ، ئەلۋەتتە . ئەمما ، باشقا چاغلاردا سىرلىق ۋە ئەستايىدىل بولۇش كېرەك .

## 77

# ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەپ ، باشقىلارغا لايىقلىشىش كېرەك

ۋەزىيەتكە قاراپ ماھىرلىق بىلەن ئۆزگىرەلەيدىغان ، گەپ - سۆزى ئۆ-
زگە باب كەلگەن پىرومىتوس① بولۇش كېرەك . ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەم-
سۆھبەتتە بولغاندا گەپ - سۆزۈڭدە ئۆزۈڭنىڭ بىلىم - قابىلىيىتىنى ئىپادىل-
شلىك كېرەك ؛ دانىشمەنلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ھەرىكەت ، يۈرۈش - تۇ-
رۇشۇڭ پەزىلەتتە ئالىيجاناب ئىكەنلىكىڭنى نامايان قىلىشى كېرەك . مانا بۇ
خەيرىخاھلىققا ئېرىشىشنىڭ ئوبدان چارىسى ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى خۇسۇس-
يەتلىرى يېقىنراق بولسا ئاسانلا ياخشى تەسىرات پەيدا بولىدۇ - دە ، مىجەز -
خاراكتېرى ماس كېلىپ قالىدۇ . ئالدى بىلەن ئىككىنچى تەرەپنىڭ مىجەز -
خاراكتېرىنى كۆزىتىشلىك كېرەك ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى
ئويلىنىشلىك كېرەك . ئۇ مەيلى كۆلكە - پاراڭلاردا بىپەرۋالىق قىلسۇن ، ياكى
قىزىقچى - شوخ بولسۇن ، ئۇ توغرىدا كۆڭلۈڭدە سان بولۇشى كېرەك ، ئاندىن
كېيىن سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ ، ئادەمگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشلىق
كېرەك . ئەگەر سەن ئىككىنچى تەرەپكە بىرەر ھاجىتىڭ چۈشىدىغان بولسا ،
بۇنىسى تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ . سەن ئىشنى سالماقلىق بىلەن قىلىدىغان ئادەم
بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۆزۈڭنى تەڭشەش ئارقىلىق باشقىلارغا ئۇيغۇنلىشىشىڭمۇ
ناھايىتى ئوبدان ئەسقاتىدىغان جاھاندارچىلىق پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ . بۇ
نۇقتىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى قاملاشتۇرۇپمۇ كېتەلىشى ناتايىن .
شۇغىنىسى ، بىلىمى مول ، قىزىقىشى كەڭ ئادەم ئۈچۈن ، بۇمۇ قىيىن ئىش
ھېسابلانمايدۇ .

---

① پرومىتوس — يونان رىۋايەتلىرىدىكى شەخس بولۇپ ، ئۆزگىرىشكە ماھىرلىقى
بىلەن داڭق چىقارغان .

## 78

# ھەر ئىش قىلىشنىڭ ئېپى — سىناق قىلىپ ئىزدىنىشتە

ھاماقەت ئادەملەر ھەر ئىشنى ئالدىراپ- سالدىراپلا قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىدە غەيرەت بولسىمۇ، پەم يوق. ئۇلار مەسىلىگە تولىمۇ نوقۇللا قارايدۇ، كەلگۈسىدىكى خەۋپ- خەتىرىنى ئالدىن كۆرەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ نام- ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىدىنمۇ ئەندىشە قىلىپ يۈرمەيدۇ. ئەمما، ئېھتىياتچان ئادەملەر بەك پەخەس بولىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن چوڭقۇر ئويلىنىۋېلىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن ئىش كۆرىدۇ- دە، بىخەتەرلىك تەدبىرىنى ھازىرلاپ قويىدۇ. ئاقىل ئادەملەر گەرچە بەزى چاغلاردا تەقدىر ئىلاھى كەك قورساقلىق قىلىپ قويسىمۇ، لېكىن قاراملارچە قىلغان ئىشىنىڭ مەغلۇپ بولماي قالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەردە يولۇڭنىڭ ئوي- دۆڭ، چوڭقۇرلۇقىنى ئوبدان بىلمىسەڭ، ساڭا شۇنداق مەسلىھەت بېرىمەنكى، ئاستىراق ھەرىكەت قىلىپ، كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ، قۇلاقلىرىڭنى دىڭ تۇتۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ ئىزدىنىپ ئالغا باسقىن، شۇنداق قىلساڭ ئاندىن پۇختا ئىش قىلغان بولىسەن. بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ھەممىلا يەردە ئورا كولاقلىق بولىدۇ. كۆپرەك كۆزىتىپ، كۆپرەك ئويلىنىش ھەممىدىن ياخشى چارىدۇر.

## 79

# ئەركىن - ئازادە خاراكتېر

تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان بولۇش كەمتۈكلۈك بولماستىن ، بەلكى تۇغما ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدۇ . زېرەكلىك بەلكىم ئۇنى تەتىللاغا گۆل كەشتىلەگەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈشى مۇمكىن . ئەڭ ئۇلۇغۋار ئادەم سالاپىتى ۋە يۇمۇرلۇق خۇسۇسىيىتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پايدىلىنىپ ، كۆپچىلىكنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلەيدۇ . لېكىن ئۇلار ئېھتىياتچان بولۇشىمۇ خېلى ئەھمىيەت بېرىدۇ ، ھەرگىز ئەدەپسىزلىك قىلمايدۇ . باشقىلار بولسا قىزىقچىلىق قىلىشنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەپچىل چارىسى قىلىۋالىدۇ . بەزى ئىشلارنى ، بەزىلەر ناھايىتى سۈرلۈك دەپ قارىغان ئىشلارنىمۇ كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ خېلى دەرىجىدە مۇلايىملىق ۋە ماسلىشىشچانلىقنى نامايان قىلىدۇ ، باشقىلارغا نىسبەتەن كارامەت جەلپ قىلارلىق ئۇنۇم ھاسىل قىلىدۇ .

## 80

# مول بىلىملىك بولۇش جەھەتتە ئېھتىيات قىل

ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆزىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ . لېكىن ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىلىدۇ . بىزنىڭ ئىككى قۇلىقىمىز ھەم ھەقىقىي ئەھۋالغا ھۆددە قىلىدىغان ئارقا ئىشىك ، ھەم ساختا بولغان ئالدى ئىشىك ھېسابلىنىدۇ . كۆپ ساندىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىش كۆپ ھاللاردا كۆز بىلەن كۆرۈش ئارقىلىق بولسىمۇ ، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى قۇلاقنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولىدۇ . كۆز ۋە قۇلاق بىۋاسىتە كۆرەلىگەن ۋە ئاڭلىيالىغان ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى مۇتلەق چىن بولسىمۇ ، يىراقلاردىن كەلگەن ئاتالمىش ھەقىقىي ئەھۋاللار تېخىمۇ ساپ ئەمەس . كىشىلەر ئارقىلىق تارقالغاندا ، ئۇنىڭغا ھەر قېتىمدا تارقاتقۇچىنىڭ كەيپىياتى ئارىلىشىپ قالغان بولىدۇ . كەيپىيات شەيئىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلا بولسا ، ئۇنىڭغا جەزمەن بىر قات رەڭ قوشۇلغان بولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياكى كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدىغان ، ياكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بولىدۇ ، بىزنى مەلۇم بىر خىل تەسىراتقا مايىل قىلىپ قويىدۇ . تەنقىد قىلغۇچىغا قارىغاندا ۋارقىراپ مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇغۇچىغا تېخىمۇ بەكرەك دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ . ئۇنىڭ قانداق نىيەتتە ، قانداق خاھىشتا ، قانداق مۇددىئادا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك . چىن بولمىغان ساختا كىشىلەردىن ۋە ئادەتتە داۋاملىق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك .

## 81

# سەلتەنەتنىڭ يېغىلاپ تۇر

بۇمۇ سۇمۇرغلارنىڭ قايتا تىرىلىشىنىڭ مەخپىي سىرىدۇر . ئاجايىباتمۇ ئاخىردا بېرىپ چىرىيدۇ ، ئاتاق ـ ئابرۇيمۇ بەربىر تۈگەپ كېتىدۇ . كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەرقانچە بۈيۈك ھۆرمەتمۇ يوقىلىدۇ ، ھەرقانچە شۆھرەتلىك ئۇتۇقمۇ قېرىلىق دەۋرىگە يەتكەندە ئادەتتىكىلەردىن يېغىلىپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، جۈرئەت ، تالانت ، بەخت ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ھەرۋاقىت يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك . ئۆتكۈر قۇياشنىڭ ھەركۈنى ئەتىگەندە ئۆزگىچە پارلىغىنىغا ئوخشاش ، سەلتەنەتنىڭ قايتا كۆرستىشكە جۈرئەت قىلىشىڭ كېرەك . يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مەقسەت كىشىلەرنى ھەسسىلەپ ئەسلەيدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ؛ يېڭىدىن نۇرلاندۇرۇشتىن مەقسەت : كىشىلەرنى ئالقىشلاپ تەنتەنە قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر .

82

# ھەممىسىنىڭلا خاتا ياكى مۇكەممەل بولۇشىمۇ ناتايىن

ئاقىللار بارلىق دانىشمەنلىكنى مۇرەسسە - مادارا قىلىشقا يىغىنچاقلايدۇ . چېكىدىن ئېشىپ كەتسە خاتا بولۇپ قالىدۇ . ئاپېلسىن شىرنىسى پاك - پاكىز سىقىۋېلىنسا ، قىرتاقلا بولۇپ قالىدۇ . خۇشاللانغاندىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك ، ئىستىبداتنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىۋەرگەندىمۇ تالانت قۇرۇپ كېتىدۇ ؛ دەل زالىم خانغا ئوخشاش سۈت ساغقاندا قانغىلا ئېرىشىلىدۇ ، خالاس .

## 83

# كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدىغان سەۋەنلىكنىڭگە يول قوي

يېنىكلىك بىلەن قىلىنغان ھەرىكەت بەزى چاغلاردا خەقنىڭ سىنىڭ ئىق-تىدارىڭنى كۆرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ ياخشى شەكىل ھېسابلىنىدۇ. ھەسەتخورلۇق ئادەتتە باشقىلارنى چەتكە قېقىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ: قانچە مەدەنىي ھەسەتخورلۇق قىلىنسا، ئۇنىڭ جىنايىتى شۇنچە زور بولىدۇ. ھە-سەتخورلۇقنىڭ مۇكەممەل شەيئىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشى كىشىلەرنىڭ مۇكەممەللىككە چىداپ تۇرالمىغانلىقىدىن؛ كىشىلەرنىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل مۇ-كەممەللىكنى ئەيىبلەيدىغانلىقىدىن بولىدۇ. ھەسەتخورلۇق ئادەمنى يۈز كۆزى بار گىگانت ئادەم ئارگوس[1] قا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ـ دە، ئۆزىگە تەسەللى بېرىش مەقسىتىدە مۇكەممەل نەرسە ئىچىدىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ. قۇسۇر تېپىپ ئەيىبلەش چاقماقتا ئوخشاش بولۇپ، ھەمىشە ئەڭ يۇقىرى جايغا زەربە بېرىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەتتا گومېردەك يېتۈك يازغۇچىمۇ كۆ-ڭۈلدىكىدەك يازالمىغان[2] دەپ ئەيىبلىنىشتىن خالىي بولالمىغان، شۇڭا سىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىڭ ياكى جاسارىتىڭ — لېكىن ئېھتىيات قىلىش ئەمەس — بىپەرۋالىق قىلىش خاتالىقى ئۆتكۈزۈپ قويغان بولۇۋالسۇن. شۇنداق بولغاندا، يامان غەرەز جىمىپ قېلىپ، زەھەر چېچىلىۋەرمەيدىغان بولىدۇ. بۇ خۇددى ھەسەتخورلۇق بىلەن تولغان بۇقىنىڭ ئالدىدا قىزىل شەلپەر رەختىنى ئويىنىتىپ يۈرۈپ ھايات قالغانغا ۋە ئۆچمەس نام قالدۇرغانغا ئوخشايدۇ.

---

① ئارگوس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى يۈز كۆزلۈك ئادەم.

② خوللاسىنىڭ «پوئېتىكا» دېگەن ئەسىرىدە: گومېردەك مەشھۇر شائىرمۇ بەزى جايلارنى كۆڭۈلدىكىدەك يازالمىغان، دەپ باھا بېرىلگەن.

# 84

## دۈشمەندىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك

نەرسە تۇتۇشتا پىچاقنىڭ بىسىنى تۇتماسلىق كېرەك ، پىچاقنىڭ بىسى بەدەننى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ ؛ ئەگەر پىچاقنىڭ دەستىسىنى تۇتقاندا ، پىچاق بەدەننى مۇھاپىزەت قىلالايدۇ . بۇ قائىدە مۇسابىقىگىمۇ ماس كېلىدۇ . ئاقىل ئادەمنىڭ دۈشمەندىن بايقىغان پايدىسى نادان ئادەمنىڭ دوستتىن بايقىغان پايدىسىدىن كۆپ بولىدۇ . ياخشى نىيەت بىلەن قورقۇنچلۇق يول دەپ قارالغان قىيىن تاغ كۆپ ھاللاردا يامان غەرەز تەرىپىدىن ئاسانلا تۈزلىنىۋېتىلىدۇ . بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى كۆپىنچە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولغان . تەخسكەشلىك قىلىش نەپرەتلىنىشتىنمۇ بەكرەك يامان ، چۈنكى نەپرەتلىنىش تەخسكەشلىك قىلىش يېپىپ قالغان خاتالىقنى تۈزىتىپ بارىدۇ . ئېھتىياتچان ئادەم باشقىلارنىڭ قەبىھلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بىر پارچە ئەينەك تېپىۋالىدۇ . ئۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئەينەكتىن تېخىمۇ بەكرەك چىن بولۇپ ، كىشىلەرنى كەمچىلىكنى ئازايتىش ، ئۇنى تۈزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . ھەرقانداق ئادەم زەھەرخەندە رەقىبى بىلەن يۈزتۇرانە تۇرغاندا كارامەت پەخەس بولۇپ كېتىدۇ .

## 85

# كوزىرىڭنى ئۆزگەرتىشۋالما

ئالاھىدە شەيئىلەر ئاسانلا كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ كېتىلىدۇ . مەلۇم نەرسىگە ھەممەيلەننىڭ تەڭلا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ كېتىشى ئاسانلا بىئارام- لىقنى پەيدا قىلىدۇ . ھېچ نەرسىگە يارىماسلىق يامان ئىش ، ھەممىگە پايدىلىق بولۇپ كېتىش بولسا تېخىمۇ چاتاق ئىش . بەزى كىشىلەر داۋاملىق غالىب بولغانلىقى ئۈچۈن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ ، قايسى بىر چاغلاردا كىشىلەرنىڭ تەلپۈنگىنىگە ئوخشاش دەرھاللا كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ . بۇنداق كوزىر ئۆزگەرتىش ھەرخىل مۇكەممەللىك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇلار دەسلەپكى چاغلاردا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغانلىقى بىلەن ئېرىشكەن نام ـ ئابرۇيىدىن قۇرۇق قالىدۇ ھەمدە كەمسىتىلىپ ئادەتتىكىچە ھالغا چۈشۈ- رۇپ قويۇلىدۇ . بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا مېڭىپ كېتىشنى داۋالايدىغان شىپالىق دورا : تالانتىنى نامايان قىلغاندا مۇرەسسە ـ مادارا قىلىشنى ئۆلچەم قىلىشتا . مۇكەممەللىككە چەكسىز ئىنتىلىش كېرەك ، ئەمما ئۇنى نامايان قىلىش لايىقىدا بولۇشى كېرەك . مەشئەل قانچە يورۇسا ، سەرپىياتى شۇنچە كۆپ بو- لىدۇ ، يورۇپ تۇرۇش ۋاقتى شۇنچە قىسقا بولىدۇ . ھەقىقىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ، كىشىلەرگە ئۆزۈڭنىڭ ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدىغان شەخس ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلدۇرغىن .

## 86

# پىتنە ـ ئىغۋانى تۇسۇش كېرەك

ئامما دېگەن كۆپ باشلىق غەلىتە مەغلۇق ، ئۇنىڭدا يامان غەرەز تېرىيدىغان بىرمۇنچە كۆز ۋە كەلسە ـ كەلمەس تۆھمەت تارقىتىدىغان كۆپلىگەن تىل بار . بەزى چاغلاردا تېرىغان پىتنە ـ ئىغۋالار ئەڭ ياخشى نام ـ ئابرۇيىنىمۇ يوققا چىقىرىۋېتىدۇ . ئەگەر ئۇ ساڭا لەقەمگە ئوخشاش چاپلىشىپ قالسا ، سېنىڭ چىرايلىق نامىڭمۇ شۇنىڭ بىلەن بىراقلا يوق بولۇپ كېتىدۇ . ئامما كۆپ ھاللاردا گەۋدىلىك كرەك بولغان بەزى ئاجىزلىقلارغا ياكى كۈلكىلىك بولغان بەزى نۇقسانلارغا قىزىقىپ قالىدۇ ـــ چۈنكى ئاشۇلار ئۇزئارا كۇسۇرلىششقا ئوبدان تېما بولۇپ بېرىدۇ . بەزى چاغلاردا بىزنى كۆرەلمەيدىغان رەقىبىمىز ئاشۇنداق ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ھىيلىگەرلىك بىلەن توقۇپ چىقىرىۋېرىدۇ . رەزىل ـ ئىپلاس ئىغىزدىن ئىيتىلغان چاقچاقمۇ كىشىنىڭ شان ـ شەرىپىنى نومۇسسىزلارچە توقۇلغان سەپسەتىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ نابۇت قىلىۋېتىدۇ . ئەسكى نامغا قالماق خۇيما ئاسان ، چۈنكى يامان ئىش كىشىنى ئاسانلا ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ ھەم ئۇنى يۇيۇۋېتىش تەس . ئېھتىياتچان كىشىلەر ئۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولغاي ؛ چاكىنا ، ئەدەپسىز ، ھاكاۋۇرانە سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن پەخەس بولغاي . چۈنكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېسەلنى داۋالاشقا قارىغاندا يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشىدۇ .

## 87

# مەدەنىيەت ۋە تەربىيە كۆرۈش

ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا ياۋايى بولۇپ تۇغۇلىدۇ . مەدەنىيەت ئادەمنى ھايۋاندىن ئۈستۈن تۇرۇشقا مۇۋەپپەق قىلغان . بىزنى مەدەنىيەت ھەقىقىي ئادەمگە ئايلاندۇرغان — ئادەم قانچە مەدەنىيەتلىك بولسا ، شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ . گرېكلار شۇ قاراشقا ئاساسەن ئالەمدىكى باشقا ئادەملەرنى «ياۋايىلار» دەپ ئاتىغان . بىلىمسىزلىك — ئەدەپسىزلىك ۋە گالۋاڭلىققا باراۋەر . ئاۋامنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە ، بىلىمنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق . لېكىن ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئۆزىمۇ چېنىقتۇرۇپ تۇرمىسا قوپاللىشىپ قالىدۇ . چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزلا ئەمەس ، ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىزمۇ ، بولۇپمۇ پاراڭ - سۆھبەتلىرىمىزمۇ تەربىيە كۆرگەن بولۇشقا موھتاج . بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى تەبىئىتىدە ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇقۇم ، سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ، بەدىنىنىڭ بېزىلىشىدە ( دەرەخ قوۋزىقىغا ئوخشاش ) ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ مەنىۋى تەبىئىتى (مېۋىگە ئوخشاش ) دە تەبىئىي يوسۇندىكى تەربىيە كۆرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ؛ يەنە بەزىلەر شۇ قەدەر قوپال - بەتقىلىقكى ، ئۇلار كىشى چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى قوپال ئىپلاسلىق بىلەن ھەممىۋا نەرسىنى بۇلغاپ قويىدۇ ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى پەزىلىتىنىمۇ بۇلغاپ قويىدۇ .

# 88

# باشقىلارغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىل

يۇكسەك ئىرادە تىكلەش كېرەك . ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ زادىلا ئىچى تار ئەمەس . باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ، بولۇپمۇ گەپ ـ سۆز بولۇۋاتقان ئاساسلىق تېما كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويغاندا ، ھەرخىل تەپسىلاتلارغا بەك ئېتىبار قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ . بەزى ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشۈڭ كېرەك ، ئەمما ئىختىيارىراق بول . سۆھبەتلىشىشنى ئۇششاق ـ چۈششەك سوئال ـ سوراقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ياخشى ئەمەس . ئەدەپلىك ، ئالىيجاناب كەڭ قورساقلىقنى ئىپادىلىشىڭ كېرەك . ئۇ دېگەن سالاپەت ھېسابلىنىدۇ ، باشقىلا- رنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم بىر سىر : ئىشقا بىپەرۋالىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقاندەك ھالەتكە كىرىۋېلىشتا . دوستلىرىڭ ، تونۇشلىرىڭ ، بولۇپمۇ سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن كۆپىنچە ئىشلارغا ئېتىبارسىز قا- راشنى ئۆگىنىۋال . تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىش كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويىدۇ . ئەگەر بۇ سېنىڭ خاراكتېرىڭنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالسا ، كىشىنى بەكمۇ بىزار قىلىپ قويىسەن . كۆڭۈلسىز ئىشلارنى كۆڭلىدە ساقلاۋېرىش نېرۋا كېسەللىگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىق بىلەن باراۋەر . شۇنى ئەستە تۇتۇش كې- رەككى ، كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئىش كۆرۈشى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل ـ كۆكسى ۋە ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

## 89

# ئۆزۈڭنى ئوبدان كۆزىتىپ تۇر

ئۆزۈڭنىڭ خاراكتېرىنى ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ، ھۆكمىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئوبدان كۆزىتىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك . ئەگەر ئۆزۈڭنى چۈشەنمىسەڭ ، ئۆزۈڭنى تىزگىنلەپ تۇرالمايسەن . ئەينەك بىلەن يۈزىنى كۆرگىلى بولىدۇ ، ئەمما ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆزەتكىلى بولىدىغان بىردىنبىر نەرسە — ئۆزى ھەققىدە ئاقىلانىلىك بىلەن ئويلىنىشتۇر . سەن ئۆزۈڭنىڭ سىرتقى ئوبرازىڭدىن ھەرگىز ئەندىشە قىلمايدىغان ھالەتكە كەلگىنىڭدە ، ئۆزۈڭنىڭ ئىچكى ئوبرازىڭنى ئوڭشاپ ۋە ياخشىلاپ باق . ئىشنى ئاقىلانىلىك بىلەن بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ، ئۆز ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارىڭنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۆلچەرلەپ ، ئۆزۈڭنىڭ رىقابەتلەرگە قانداق بەس كېلەلەيدىغانلىقىڭغا ھۆكۈم قىلىپ باق ، ئۆزۈڭنىڭ ئىرەنلىكىنى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى ئۆلچەپ باق .

## 90

# ئۇزاق ياشاش ، ئوبدان ياشاش سەنئىتى

مۇنداق ئىككى ئىش يەنى ھاماقەتلىك ۋە چۈشكۈنلىشىش ھاياتنى بالدۇرلا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ . بەزى كىشىلەر ھاياتنى قانداق قۇتقۇزۇپ قېلىشنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن جېنىدىن جۇدا بولىدۇ ؛ يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ھاياتنى قۇتقۇزۇش خىيالىدا بولمىغانلىقىدىن جېنىدىن جۇدا بولىدۇ ؛ خۇددى گۈزەل ئەخلاق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جاۋاب قايتۇرغىنى بولغىنىغا ئوخشاش ، بىدئەتلىكمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جازالىشى بولىدۇ . بىدئەتلىك ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئۆمرىمۇ ھەسسىلەپ قىسقا بولىدۇ ؛ ياخشى ئىش قىلىدىغانلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا مۇيەسسەر بولىدۇ . روھنىڭ قۇدرىتى تەنگە ئۆتكەندە ، گۈزەل تۇرمۇش ھەم مەنىلىك بولىدۇ ، ھەم ئۇزاققا سوزۇلىدۇ .

## 91

## « يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس »

ئەگەر بىر كىشى مەلۇم ئىشنى قىلغاندا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن ھېس قىلسا ، چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ ؛ چەتتە قاراپ تۇرغۇچى رەقىب بولغان بولسا ، ئۇ تېخىمۇ بەك ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇ . سىنىڭ ھۆكۈمىڭ ھېسسىياتىڭ جۇش ئۇرغاندا ئىككىلىنىپ قالغان بولسا ، ئۆپكەڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغانلىقىڭنى بايقايسەن . سەن ئۇ ئىشنىڭ ئاقىلانىلىك ياكى ئاقىلانىلىك ئەمەسلىكى ھەققىدە گۇمانلىنىپ تۇرغاندا بىرەر ئىشنى ئۆز زىممەڭگە ئېلىشىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك . تېخىمۇ بىخەتەر ئۇسۇل ھېچقانداق ئىشنى قىلماسلىقتىن ئىبارەت . ئېھتىياتچان بولغاندا گۆھەرنى ئېھتىماللىققا دو تىكىپ قويمايدۇ - دە ، ئۇ باشتىن - ئاخىر كامالەتكە يەتكەن ئەقلىنىڭ تىزگىنلىشىدە بولىدۇ . مەلۇم بىر ئىش غۇلغۇلا قىلىنىۋاتقان مەزگىلدىلا ئېھتىياتچانلىقىنىڭ ئەيىبلىشىگە يولۇقسا ، ئۇنىڭدا قانداقسىگە ياخشى نەتىجە بولالىسۇن ؟ ئەستايىدىل تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىردەك ماقۇللانغان قاراردىنمۇ خاتالىق چىقىپ قالىدۇ - يۇ ، ئەقلىنىڭ گۇمانلىنىشىغا ۋە رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان ئىشتىن يەنە نېمىلەرنى كۈتەلەيتتۇق ؟

## 92

## ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك

بۇ ، سۆز - ھەرىكەت ۋە يۈرۈش - تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى . مەرتىۋەڭ قانچە يۇقىرى بولسا ، بۇ مىزان شۇنچە زۆرۈر . بىر ئۇنسىيە ئېھتىياتچانلىق بىر قاداق پاراسەتكە تەڭ كېلىدۇ . پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش قوپال - يۈزەكى بارىكاللىغا ئېرىشكەندىنمۇ بەكرەك مۇھىم . ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئىناۋىتى سەن ئېرىشەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ماختاش ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر سەن ئېھتىياتچان كىشىنى رازى قىلالىساڭ ، بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە . ئۇنىڭ قۇۋۋەتلىگىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىناق تېشىغا تەڭ دېگۈدەك بولىدۇ .

## 93

# يېتۈك تالانت

ھەر تەرەپلىمە مۇكەممەل بولۇش سىنى تالاي ئادەملەر بىلەن تەڭ تۈر-غۈزالايدۇ ، تۈرمۈشۈڭنى ھەممە ۋاقىت شادىمانلىققا ئىبرىشتۈرەلەيدۇ ۋە شادىمانلىقنى دوستلىرىڭغىمۇ نىبسىپ قىلالايدۇ . كۆپ خىل بولۇش ۋە مۇكەم-مەل بولۇش تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك قىلىدۇ . گۈزەل شەيئىگە قانداق قىلىپ سۆيگۈ بېغىشلاشمۇ بىر خىل سەنئەت ھېسابلىنىدۇ . تەبىئەت ئىنسانىنى پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ جەۋھىرى قىلغانىكەن ، ئۇنداقتا سەنئەت ئىنسانلارنىڭ پەزىلىتى ۋە پاراستىنى تاۋلاش ئارقىلىق بىر ئالەم قىلىۋەتسۇن .

## 94

# مۆلچەرلىگۈسىز تالانت

ئېھتىياتچان ئادەم باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ زادى قانچىلىك ئەقىل ـ پاراستى ۋە غەيرەت ـ جاسارىتى بارلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. باشقىلارغا ئۆزۈڭنى بىلدۈرسەڭ بىلدۈرگىنكى، لېكىن ئۇلار سېنى چۈشىنىپ يېتەلمىسۇن؛ تالانتىڭنىڭ ئاخىرقى چېكىنى ھېچكىم بىلىپ يېتەلمىسۇن؛ ھېچكىم ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالمىسۇن. باشقىلار سېنىڭ تالانتىڭنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلسۇن، ھەتتا تالانتىڭدىنمۇ گۇمانلانسۇن. بۇ، سېنىڭ ئۆز تالانتىڭنى نامايان قىلغىنىڭغا ـــ تالانتىڭ ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ـــ قارىغاندا سېنى باشقىلارنىڭ چوقۇنۇشىغا تېخىمۇ نېسىپ قىلالىسۇن.

## 95

# ئۈمىد مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرسۇن

باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان ئۈمىدىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېتىلدۈرۈپ بارغىن ، ئۈمىد بارغانسېرى ئاۋۇپ بارسۇن ، كىشىلەر سىنىڭ ئۇلۇغۋار ئۇتۇقلىرىڭ توپەيلى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار ئۇتۇقلارنى كۈتىدىغان بولسۇن . سەن باشتىلا ھەممىۋا نەرسەڭنى ئوتتۇرىغا چىقىرىۋەتمە . كۈچۈڭنى ۋە بىلىمىڭنى يوشۇرۇش سىنىڭ سىرىڭ بولىدۇ ، سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەرەپكە ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلىشىڭ كېرەك .

## 96

# ئوبدان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى

ئوبدان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى —ئەقلىي ئامىل ، ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئۇل تېشى ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ بولغاندا ئاندىن ئانچە كۆچىمەيلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسەن . ئۇ تەڭرىنىڭ شەپقىتى بولۇپ ، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە ھەممىدىن ياخشى ھېسابلىنىدۇ . كارامەت ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بىزنىڭ ساۋۇتىمىزدۇر ، ئۇ كەم بولسا ، كىشىلەر بىزنى كاللىسى ئىشلىمەيدىغانلار دېيىشىدۇ ؛ ئۇ بولمىسا ، تالاي ـ تالاي نەرسىلەردىن قۇرۇق قالىمىز . ھاياتىمىزدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ماقۇللۇقى بىلەن بولىدۇ ، چۈنكى ھەممە نەرسە زېھىن ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ . ئۇ تەبىئىي ھالدا ئەقلىيلىققا ھەممىدىن مۇۋاپىق كېلىدىغان ، ھەممىدىن بەك يارىشىملىق ئىشلارغا مايىل .

## 97

# نام چىقار ھەم شۆھرىتىڭنى ساقلا

بىز ياخشى نامغا ئامراق كېلىمىز ، لېكىن ياخشى نامغا ئېرىشىمەك ئاسان ئەمەس ، چۈنكى ئۇ كارامەتتىن ھاسىل بولىدۇ ، كارامەت بولسا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ ؛ ئادەتتىكىچە نەرسە ئاددىيلا بولغانغا ئوخشاش ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان ئۇنى ساقلاشمۇ بەك ئاسان بولىدۇ . ياخشى نام نۇرغۇن ۋەدىلەرنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى شەرت قىلىدۇ . ئەگەر ئۇ ئېسىلزادىلەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئالىيجاناب ھەرىكەتتىن كەلگەن بولسا ، سۈرلۈك سالاپەت تۈسىنى ئالغان بولىدۇ . ھەقىقىي مەنىدىكى شۆھ- رەت — ھەقىقىي يوسۇندا ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۈچمەيدىغان شۆھرەتتۇر .

## 98

# غەرىزىگىنى يوشۇرۇپ يۈر

قايناق ھېسسىيات روھنىڭ دەرۋازىسى ھېسابلىنىدۇ . ھەممىدىن ئەسقاتىدىغان بىلىم يوشۇرۇش ئىچىدە مەۋجۇت . ئۆز كوزىرىنى كۆرسىتىپ قويغان ئادەم ئۇتتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن . خەقنىڭ دىققىتى سىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىڭ ۋە پەخەس بولۇشلىرىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلمىسۇن . رەقىبىڭ سىنىڭ خىيالىڭنى گويا مولۇندەك ماراپ يۈرگەن چېغىدا ، سەن گويا سىياھبېلىق سىياھ پۈرقۇغاندەك قىلىپ ئۇنى يوشۇرۇۋېلىپ ، غەرىزىگنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ بىلىپ قېلىشىغا يول قويماسلىقىڭ ، باشقىلارنىڭ ئالدىن بىلىۋېلىشىغا يول قويماسلىقىڭ كېرەك ، باشقىلارنىڭ سىنىڭ ئارزۇيۇڭغا توسالغۇلۇق قىلىشى ياكى ئۇنىڭ ماختاشلىرىغىمۇ يول قويماسلىقىڭ كېرەك .

99

# ئەسلى قىياپەت ۋە سىرتقى كۆرۈنۈش

ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئەسلى قىياپىتى كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمايدۇ . سىرتقى كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئەسلى قىياپەتنى كۆرىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ ، كۆپىنچە كىشىلەر غىل - پال قىلىپ غايىب بولۇپ كېتىدىغان سىرتقى كۆرۈنۈشكىلا قانائەت ھاسىل قىلىپ قالىدۇ . ئەخلاقلىق ئالىيجاناب ئادەم بولىمەن دەپ ، چىرايىدا ياۋۇز ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرسا ، بۇنىڭدىن نېمە نەتىجە چىقسۇن ؟

## 100

# خىيالىي تۇيغۇغا ۋە ئالدامچىلىققا غەرق بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك

خىيالىي تۇيغۇغا ۋە ئالدامچىلىققا غەرق بولۇپ كەتمەيدىغانلار ئەخلاقلىق ۋە ئەقىللىق جاناب ، شۇنداقلا ئالىيجاناب پەيلاسوپ ھېسابلىنىدۇ . لېكىن ، تاشقى قىياپەتكىلا ئېتىبار بېرىپ كەتمە ، ئۆزۈڭنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىمۇ كۆز - كۆز قىلما . پەلسەپە گەرچە دانىشمەنلىكنى قوغلىشىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى بولسىمۇ ، كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىدىن قېپقالدى . كىشىلەر ئەمدى ئېھتىياتچان بولۇش توغرىسىدىكى پەننى ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قالدى . سېنېكا ئۇنى رىمغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئاقسۆڭەكلەر بەس - بەس بىلەن دوراشقانىدى ، ئەمما ئەمدى كىشىلەر ئۇنىڭ قىلچە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ، كىشىنى بىزار قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى . ۋەھالەنكى ، ساختا بولماسلىق ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئاساسلىق ئامىلى ، شۇنداقلا دۇرۇس ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقىدۇر .

## 101

# دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ يېرىمى قالغان يېرىمىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەخمەق كېلىدۇ

ھەممە ئىش يامان بولۇشىمۇ ، ياخشى بولۇشىمۇ مۇمكىن ، گەپ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا . بىرسى ئىنتىلگەن نەرسە بەلكىم ئىككىنچى بىرسى قاتتىق يامان كۆرىدىغان نەرسە بولۇشى مۇمكىن ، ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭلا نەزىرى بىلەن ئۆلچەش ئىنتايىن ئەخمەقلىقتۇر . مۇكەممەللىك بىرلا كىشىنىڭ رازى بولۇشى دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ : شەخسنىڭ قىزىقىشى ئادەمنىڭ چىرايىغا ئوخشاش خىلمۇخىل بولىدۇ . ساڭا ياخشى تۇيۇلمىغان نەرسىنى ھامان ياقتۇرىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ . بىرنەرسە مەلۇم كىشىگە ياقمىغانلىقى بىلەن ئۇنىڭغا يامان كۆزقاراشتا بولساڭ بولمايدۇ ، ھامان ئۇنىڭدىنمۇ لەززەت ئالىدىغانلار چىقىپ قالىدۇ . ئۇلارنىڭ تەنتەنە قىلىپ بارىكاللا ئېيتىشلىرىمۇ يەنە بەزىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ ، ئەلۋەتتە . ھەقىقىي يوسۇندا ئادەمنى رازى قىلىدىغان ئۆلچەم شەيئىلەرنىڭ دەرىجىسىگە قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىلىدىغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدۇر . بىر ئادەم ھايات ياشاۋاتقاندا ، بىر خىللا پىكىرگە ، بىر خىللا ئادەتكە ياكى بىر ئەسىرنىڭ ھەرىكەت مىزانىغىلا قۇلاق سېلىش بىلەن ئۆتمەسلىكى كېرەك .

## 102

# ئەرشتىن بەخت چۈشسە كۆڭلىڭدە قويغىدەك جاي بولۇشى كېرەك

ئېهتىيات قىلغۇچىلارنىڭ تېنىدە يوغان گال بولۇشى كېرەك . قابىلىيەتلىك چوڭلارنىڭ تەركىبىي قىسمىمۇ چوڭ بولۇشى كېرەك . ئەگەر سەندە ئەڭ ياخشى ئامەت بولسا ، ئادەتتىكى ياخشى ئامەتتىن بەھرىمەن بولۇش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماسلىقىڭ كېرەك . بەزى نەرسىنى بەزى ئادەم ئىستېمال قىلسا تويۇپ قالغىنى بىلەن ، يەنە باشقا بىر ئادەم ئىستېمال قىلسا ئاچ قالىدۇ . بەزىلەر ئىشتىهاسى بولمىغاچ ، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەرنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ : يۇقىرى مەرتىۋە ، ئالىي ئۇنۋانغا تۇغۇلۇشىدىنلا ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ ، كېيىنچە ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ ماسلىشىشنى ئۆگىنەلمەيدۇ . ئۇلار باشقىلار بىلەن بىللە ئۆتكەندە ، كۆنلەر ئۇزارغانسېرى مۇناسىۋىتى جەزمەن يامانلىشىپ كېتىدۇ ؛ ساختىا بىر خىل شۆھرەت ئۇلارنىڭ كاللىسىنى قاپلىۋالىدۇ ، ئاخىرىدا بىرىپ ئۇلارنى شان ـ شۆھرىتىدىن قۇرۇق قالدۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئورۇندا بېشى قېيىپ ، كۆزلىرى تورلىشىپ كەتكەنلىكتىن ، ياخشى ئامەتكە ئېرىشىپ قالغان هامان ئەقىل ـ هوشىدىن ئېزىپ قالىدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئەسلىدىلا ئامەتنى قويغۇدەك جاي يوق . ئۇلۇغ زات بولغانىكەن ، ئۇ ئامەتكە نىسبەتەن كەلگىنىنىلا قوبۇل قىلىۋېرىدىغان كەڭ قورساقلىقنى ئىپادىلىشى كېرەك هەمدە ئۇنى ئىچى تار قىلىپ قويۇش ئېهتىمالى بارلىكى نەرسىلەرنىڭ هەنىۋاسىدىن ئىمكانقەدەر ئېهتىياتچانلىق بىلەن ساقلىنالايدىغان بولۇشى كېرەك .

## 103

# ھەربىر ئادەمدە ئۆزىگە يارىشا غۇرۇر بولۇشى كېرەك

ھەممە ئادەم پادىشاھ بولالمايدۇ ، لېكىن سىزنىڭ تەبىقەڭ ياكى شەرت ـ شارائىتىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، سۆز ـ ھەرىكىتىڭىز ۋە يۈز ـ تۇرقىڭىزدا ، سۆز ـ ھەرىكىتىڭىز ۋە يۈزۈڭىز ـ تۇرۇشىڭىز پادىشاھ بولغۇچىغا قاراپ توغرىلىنىشى كېرەك . مەيلى نېمە ئىش قىلساڭ قىلغىنىڭى ، ھەممە ئىشتا پادىشاھ بولغۇچىغا مۇناسىپ سالاپىتىڭ بولۇشى كېرەك . ئالىيجاناب ھەرىكەت ۋە ئالىيجاناب قەلب بولۇشى لازىم ، ئەگەر سەن رېئاللىقتا پادىشاھ بولالمىساڭمۇ ، ئۆزۈڭنىڭ پەزىلىتى جەھەتتە پادىشاھ بولۇشۇڭ كېرەك ، چۈنكى ھەقىقىي پادىشاھقا مۇناسىپ سالاپەت سىنىڭ دۇرۇس ئادەم بولۇشۇڭدا . ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ئۇلۇغ ئادەم بولۇش ئۆلچىمىگە رىئايە قىلالىساڭ ، باشقا ئۇلۇغ ئادەملەرگە ھەسەتخورلۇق قىلمايسەن . بولۇپمۇ پادىشاھلىق تەختى ئەتراپىدىكى كىشىلەردە مەلۇم بىر خىل ھەقىقىي ئالىيجاناب پەزىلەت بولۇشى كېرەك . ئۇلاردا شەكلەن سۆلەت ئەمەس ، پادىشاھقا ئوخشاش ئۇلۇغۋار ئەخلاق ۋە سالاپەت بولۇشى كېرەك . ئۇلار سۆلەتۋازلىقنى قوغلاشماي ، ئالىيجاناب ۋە ھەقىقىي نەرسىلەرگە تەلپۈنۈشى كېرەك .

104

# بىرەر خىزمەتنى ئىنچىكە كۆزىتىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى

ھەربىر خىزمەت بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ ، ئۇنداق كۆپ خىللىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىلىم ۋە ئېنىق كۆزىتىش ئىقتىدارى كېرەك . بەزى خىزمەتكە شىجائەت كېرەك ، بەزى خىزمەتكە ئىنچىكىلىك كېرەك . سەممىيەت بىلەنلا پۈتىدىغان خىزمەتنى ئىشلەش بەكمۇ ئوڭايغا توختايدۇ ؛ ئەپچىل تەدبىر كېتىدىغان خىزمەت ھەممىدىن قىيىنغا توختايدۇ . ئالدىنقىسىغا تەبىئىي ئىقتىدار بولسىلا بولىدۇ ، كېيىنكىسى بولسا ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە سەزگۈرلۈكنى تەلەپ قىلىدۇ . كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ناھايىتى تەس ، دۆت ۋە ساراڭنى باشقۇرۇش تېخىمۇ تەس . قول ـ ئىلكىدە ھېچنېمىسى يوق كىشىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەسسىلەپ ئەقىل ـ پاراسەت كېتىدۇ . كۈن بويى توختىماي تەكرارلىنىۋېرىدىغان خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىش كىشىنى چىدىغۇسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ . تېخىمۇ ياخشى خىزمەت ــ بىزنى بىزار قىلمايدىغان ، ئۆزى مۇھىم ، كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ، ئەمما بىزنىڭ كەيپىياتىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرالايدىغان خىزمەتتۇر ؛ ھەممىدىن بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان خىزمەت ــ ھەممىدىن كۆپ ياكى ھەممىدىن ئاز تايىنىۋېلىش تۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىزمەتتۇر ؛ ئەڭ ناچار خىزمەت بىزنى ئەڭ جاپالىق ئىشلەشكە سالىدىغان خىزمەت بولۇپ ، ئۇنى ھازىرقى كۈندە تۈگەتكىلى بولمايلا قالماستىن ، كەلگۈسىدىمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ، ھەتتا ئىشلىگەنسېرى بەك جاپالىق بولىدۇ .

## 105

# ئادەمنى بىزار قىلىۋەتمەسلىك كېرەك

بىرلا تېمىنى قايتىلاۋېرىپ ، تار قاراشلار بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك . ئىخچام بولۇش ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ ، ئادەمگە ياخشى تەسىرات بېرىدۇ ھەمدە ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ . ئىخچام بولۇش ئالدىراقسانلىقنەك بىلىنىسمۇ ، لېكىن ئەدەپلىك بولۇش جەھەتتە تو- لۇقلاشقا ئىگە بولىدۇ . ياخشى شەيئى ئىخچام بولىدىغانلا بولسا تېخىمۇ ياخشى . ئەسلىدە ناھايىتى ناچار بولسىمۇ ، ئىخچامراق بولالىسا ، بەك ناچار بولۇپ كەتمەيدۇ . ئاز ھەم ساز بولۇش كۆپ ھەم ئەبجەش بولغاندىن كۆپ ياخشى . ھەممىگە مەلۇمكى ، بويى ئېگىز بولسا قابىلىيىتى ئاجىزراق بولىدۇ ، گەۋدى- سىنىڭ كېلەڭسىزلىكى سۆزنىڭ ئۇزۇن بولغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ . بەزى كى- شىلەر ئالەمگە شەرەپ كەلتۈرۈشكە ماھىر ئەمەس ، لېكىن ئەتراپىدىكىلەرنى پاراكەندە قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ . ئۇلار ئەسقاتمايدىغان شەيئى ھەممەيلەننى ئۆزىدىن قاچۇرۇپ قويغانغا ئوخشايدۇ . ئېھتىياتچان ئادەم كىشىلەرنى ، بولۇپمۇ ئالدىراش ئۆتىدىغان ئۇلۇغ شەخسلەرنى بىزار قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك . ئۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇش باشقا ھەممىنى ئا- دەمنى بىئارام قىلىپ قويغاندىنمۇ بەكرەك چاتاق بولۇشى مۇمكىن . ئاقىلانە گەپ قىلىش دېگەنلىك ــــ گەپنى ئىخچام قىلىش دېگەنلىكتۇر .

## 106

# ئامىتىڭ بىلەن ماختانما

ھاكاۋۇرلۇق كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنى بىزار قىلىۋېتىدۇ ، ئەگەر سەن ئورنۇڭنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى بىلەن قىن ـ قىنىڭغا پاتماي كېرىلىپ كەتسەڭ ، كىشىلەر سەندىن تېخىمۇ بىزار بولىدۇ . « ئۇلۇغ »لۇق كىبرى پەيدا قىلىۋالما —— كىشىلەر بۇنىڭدىن تولىمۇ يىرگىنىدۇ ، ساڭا بىرەرسىنىڭ زوقلانغانلىقى بىلەنمۇ جاھانغا پاتمايدىغان بولۇپ كەتمە . سەن قانچىكى قاتتىق باش قاتۇرۇپ باشقىلارنىڭ چوقۇنۇشىغا ئېرىشمەكچى بولساڭ ، ئۇنىڭغا شۇنچە ئېرىشەلمەي قالىسەن . چوقۇنۇش سېنىڭ باشقىلارنىڭ چوقۇنۇشىغا ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغانلىقىڭغا باغلىق . سەن ئۇنى ھىيلىگەرلىك بىلەن بۇلاپ ـ تالاش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىمەن دېسەڭ مۇمكىن ئەمەس ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق بولۇشۇڭ ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنى كۈتۈشۈڭ كېرەك . مۇھىم خىزمەت ئورنى سەندىن مۇناسىپ ھالدىكى دەبدەبە ۋە قائىدە ـ يوسۇنلۇق سالاپەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . سەن پەقەت خىزمەت ئورنۇڭ سەندە بولۇشنى تەلەپ قىلغان نەرسىنى ۋە ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى ئادا قىلىشقا لازىم بولغان نەرسىنىلا ھازىرلىشىڭ كېرەك . ھەممە نەرسىنى ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرماي ئىشلىۋەتمەسلىكىڭ كېرەك ، ھەممە ئىش تەبىئىي ھالدا ئۆز يولى بىلەن بولسۇن . ئالاھىدە باشقىچە جاپاغا چىداپ ئىشلەش روھىغا ئىگە كۆرۈنگەن كىشىلەر ، ئەكسىچە ، ئادەمگە خۇددى ئىقتىدارى ئاجىز ، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ . ئەگەر سەن مۇۋەپپە-

قىيەت قازانماقچى بولساڭ ، ئۆزۈڭنىڭ ئىبتى ئۇلۇغ ، سۈپرىسى قۇرۇق تاشقى قىياپىتىڭگە تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى تەبىئىي ئىقتىدارىڭغا تايىنىپ ئىش كۆر . پادىشاھنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشمۇ ئۇنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك سۆلتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئامىللار سەۋەبىدىن بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنىڭغا ھەقىقىي مۇناسىپ بولغانلىقىدىن بولۇشى كېرەك .

107

# كۆرەڭلىك قىياپىتىڭنى بىلىندۇرۇپ قويىدۇ

ئۆمۈرۋايەت ئۆزىگە ئۆزى نارازى بولۇپلا يۈرمەسلىك كېرەك ، ئۇنداق قىلىش قورقۇنچاقلىقنىڭ ئىپادىسى ؛ ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ كۆرەڭلەپمۇ كەتمەسلىك كېرەك ، ئۇنداق قىلىش ئەخمەقلىقنىڭ ئىپادىسى . زىيادە ھالدا ئۆز تۇيغۇسىنى ئوبدان دەپ بىلىش ئەمەلىيەتتە بىلىمسىزلىك ھېسابلىنىدۇ . ئۇ گەرچە ئەخمەقلەرچە بەنت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ ، ئادەمنى بىردەملىك خۇ- شاللىققا ئېرىشتۈرسىمۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە نام ـ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزىدۇ . ئۇ باشقىلارنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىنى باھالاپ چىقالمايدۇ . شۇڭا ، ھە- مىشە ئۆزىنىڭ ئادەتتىكىچە بولغىنىغا مەست بولۇپ يۈرىۋېرىدۇ . ئاگاھلاندۇ- رۇپ قويۇشنىڭ ھامان ئەسقاتىدىغان يېرى بار ، ھەم ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق تە- رەققىي قىلىشىغا ياردىمى بولىدۇ ، ھەم ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشسىز بولۇپ قالغاندا بىزگە تەسەللى بولالايدۇ . ئەگەر سەندە ئوڭۇشسىزلىققا نىسبەتەن بالدۇرراق قورقۇش كەيپىياتى بولغان بولسا ، ئوڭۇشسىزلىق راستتىنلا كېلىپ قالغاندا ، ئەكسىچە ، تاياننچىنىڭ ھىمايىسىدە ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولۇپ قالىسەن . گومېرنىڭمۇ مۈگدەپ قالغان چاغلىرى بولغان ، ئالېكساندىر مەغ- لۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئالداشنى ئويلىغان . ئىش مۇ- ھىتقا قاراپ بەلگىلىنىدۇ ، بەزى چاغلاردا مۇھىت بىزگە ياردەم بېرىدۇ ، بە- زىدە بولسا بىزگە زىيان سالىدۇ . ۋەھالەنكى ، ھېچقانداق ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئەخمەق ئۇچۇن ئەڭ مەنىسىز قانائەت قىلىشمۇ خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشاش گۈزەل تۇيۇلىدۇ ھەمدە داۋاملىق نۇرغۇنلىغان قانائەتلىنىش ئۇرۇقىنى چاچىدۇ .

108

# كۆڭۈلدىكىدەك ئادەم بولۇشنىڭ ئەپچىل يولى

مۇۋاپىق كىشىلەرنى ئەتراپىڭغا توپلا . كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇش مۆجىزە يارىتىدۇ . ئوخشىمىغان ئۆرپ - ئادەت ، تۈپ مەقسەت ، ھەتتا ئەقلىي كۈچ كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرىدۇ ، ئەمما بىز ئۇنى تونۇپ يېتەلمەيمىز ، ئىشنى غاچ - غۇچ بېجىرىدىغان كىشىلەر ئاسانلا دېلىغۇلدا بولىدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى كېرەك ؛ ئوخشاشلا باشقا مىجەزدىكى كىشىلەرمۇ شۇ يوسۇندا باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندا ، قەستەن قوغلاشمىساڭمۇ ئاچچىقلانمايدىغان ۋە خاپا بولمايدىغان مۆتىدىل كەيپىياتتا بولىسەن - دە ، نورمال ھالەتتە تۇرىسەن . ئۆزىنى ئۆزى تەڭشەپ تۇرۇش ھامان خېلى يۇقىرى ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ . قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرۇشى ئالەمنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ، ھەتتا توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ ، بۇنداق ئالمىشىپ تۇرۇش ئادەملەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى جەھەتتە ، ھەتتا ئۇنىڭ باشقا تەبىئەت دۇنياسىدا تېخىمۇ زور ماسلىششچانلىق پەيدا قىلىدۇ . سەن دوست تۇتقاندا ياكى چاكار تاللىغىنىڭدا مۇشۇ نەسىھەت ئارقىلىق ئۆزۈڭگە يېتەكچىلىك قىلىپ باقساڭ يامان كەتمەيدۇ . بىر - بىرى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان ئىككى قۇتۇپلۇق ئارىلىشىش ئېھتىياتچان ماسلاشچانلىق يولىنى يارىتىدۇ .

## 109

# باشقىلارغا كايىماسلىق كېرەك

شۇنداق قوپال مىجەز بىر خىل كىشىلەر باركى ، ھەرقانداق ئىشنىمۇ خۇددى چېكىدىن ئاشقان جىنايەت قاتارىدا كۆرۈپ زادى كەچۈرمەيدۇ . ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر دەملىك ئەسەبىيلىشىشتىن ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىدىن بولىدۇ . ئۇلار ھەر بىر ئادەمنى ئەيىبلىگەندە ، بىر بولسا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان بىرەر ئىشىنى دەپ ، بىر بولسا قىلماقچى بولغان بىرەر ئىشىنى دەپ ئەيىبلەيدۇ . بۇ قىلىق رەھىمسىزلىكتىنمۇ يىرگىنىشلىك بولغان مىجەزنى ئاشكارىلايدۇ ، بۇ خىل مىجەز راستتىنلا ئۇچىغا چىققان ئوساللىق ھېسابلىنىدۇ . ئۇلارنىڭ باشقىلارنى شۇ قەدەر ھەددىدىن ئاشۇرۇپ دۆشكەلىشى ، ھەتتا باشقىلارنىڭ تېرىقتەك نەرسىسىنى مۇبالىغىلەشتۇرۇپ چوڭ قىلىپ كۆرسىتىشى ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا ئاپىرىدۇ . ئۇلار كىشىلىك ھېسسىياتنى چۈشەنمەيدىغان سەركارلار بولۇپ ، ھەتتا جەننەتنىمۇ دەپسەندە قىلىپ قاراڭغۇ زىندانغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ . ئۇلار ئاچچىقى كەلگەندە ھەرقانداق نەرسىنىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ . ياخشى مىجەزلىك ئادەملەر بارلىق سەۋەنلىكنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ . ئۇلار « باشقىلارنىڭ ئەسلى نىيىتى دۇرۇس بولغان ياكى بىر دەملىك ئېھتىياتسىزلىقتىن خاتالىق سادىر قىلىپ قويغان » دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدۇ .

## 110

# ئۆزۈڭنىڭ تۆكۈشىپ كېتىشىڭنى كۈتمە

دانىشمەن ئادەملەر « شەيئىلەر سېنى تاشلىۋەتكۈچە سەن ئۇلارنى تاش-
لىۋەت » دېگەن ئەقلىيە سۆزگە ئەقىدە قىلىشىدۇ . ھەتتا سەن قىيامەت كۈ-
نۈڭنىمۇ غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشۇڭ كېرەك . كۈن بەزىدە بۇلۇتنىڭ كەينىگە
مۆكۈۋالىدۇ ، ئۇنداق چاغدا كۈننىڭ كۈنپېتىشقا ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى ھېچكىم
كۆرەلمەيدۇ . بۇ چاغدا بىز : كۈن ئولتۇرغانمىدۇ ، قانداق ؟ دەپ ئويغا پېتىپ
قالىمىز . كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك ، شۇنداق قىلمىساڭ ،
كېلىشمەسلىككە يولۇققاندا بىردىنلا روھىي گۇمرانلىققا گىرىپتار بولىسەن .
كىشىلەرنىڭ سەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇلگۇرەلمەسلىكىدىن قورقۇپ ، ساڭا
ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇۋېلىشىنى ساقلاپ تۇرما : سېنىڭ نام ـ ئابرۇيۇڭ قال-
مىغاندا ، ئۇلار سېنى تىرىكلا كۆمۈۋېتىپ ، ئارماندا قالدۇرىدۇ . دانىشمەن
ئادەملەر بەيگە ئېتىنىڭ قاچان ئارام ئېلىشقا قويۇۋېتىلىشى لازىملىقىنى بىلى-
دۇكى ، ئاتلىرىنىڭ يېرىم يولدا ئۈشتۈمتۇت دومىلاپ چۈشۈپ ، ئەل ـ جاما-
ئەتنىڭ كۈلكىسىگە قېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ . ساھىبجامال سەتەڭ خې-
نىملار مۇۋاپىق پەيتى كەلگەندە ئەينەكنى چېقىۋەتسۇن ؛ ئەينى چاغلاردىكى
ساھىبجامال سەتەڭ خېنىملار گۈزەل رۇخسارىدىن قالغاندىن كېيىن ئەينەكتە
ئەكس ئەتكەن ھەقىقىي قىياپىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئامالسىز قالغاندا ، مىڭ پۇ-
شايمان يېگەن بىلەنمۇ بىكار ـ دە !

## 111

# دوستلىرىڭ بولسۇن

ئۇلار سىزنىڭ يەنە بىر هاياتىڭ هېسابلىنىدۇ . دوستىنىڭ نەزىرىدە دوست-
لارنىڭ ھەممىۋاسى ئاق كۆڭۈل ۋە دانا بولىدۇ . سەن ئۇلار بىلەن بىللە بول-
غىنىڭدا ئاخىر ھەممە ئىش ئوڭغا تارتىدۇ . باشقىلار سىزنىڭ قانچىلىك قىممىتىڭ
بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا ياكى قانچىلىك قىممىتىڭ بار دەپ قارىسا ، سىزنىڭ
شۇنچىلىك قىممىتىڭ بولىدۇ ؛ ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ساڭا نىسبەتەن ياخشى
تەسىرات پەيدا بولغاندىلا ، ئاندىن ئاغزىدا سىزنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلىشىدىغان
بولىدۇ . ھېچقانداق نەرسە ئۇنى بىر كىشىگە ياردەم بەرگەندىن بەكرەك تە-
سىرلەندۈرەلمەيدۇ ؛ دوستنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى : ھەر-
قانداق ئىشقا ۋە ئادەمگە دوستقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت . بىز
ئىگە بولغان بارلىق نەرسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋە ئەڭ ياخشى قىسمى
باشقىلاردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ . سەن ياكى دوستلىرىڭ بىلەن بىللە ئۆتسەن
ياكى دۈشمىنىڭ بىلەن ھەمراھ بولسەن ، ئۇنىڭدىن باشقا تاللاش يوق . ھەر
كۈنى بىردىن دوستقا ئېرىشسەڭ ، ئۇ گەرچە سىزنىڭ ئىچ سىرىڭنى تۆكۈشەلەي-
دىغان يېقىن دوستۇڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئەقەللىسى قوللىغۇچۇڭ بولالا-
يدۇ . دوستنى ئەستايىدىل تاللىساڭ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك
ئىشەنچلىك كىشىلىرىڭدىن بولۇپ قالىدۇ .

## 112

# باشقىلارنىڭ ياخشى نىيەتتە بولۇشىنى قولغا كەلتۈر

ھەتتا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ياراتقۇچى تەڭرىمۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردە شۇنداق ئىش كۆرىدۇ . بىر ئادەمنىڭ ياخشى نامى باشقىلارنىڭ ياخشى تەسىراتىغا ئېرىشىش ئارقىلىق كېلىدۇ . بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىدۇ ، نەتىجىدە تىرىشچانلىقنىڭ رولىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ . لېكىن ، ئاقىل كىشىلەرگە ناھايىتى ئېنىقكى ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بولغاندا ، بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئىقتىدارى گويا يولۋاسقا قانات چىققاندەك ھالەتكە كېلىدۇ ـ دە ، ئۇ ئازلا كۈچ بىلەن كۆپ ئىشنى قىلالايدىغان بولىدۇ . باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتى ھەرقانداق ئىشنى ئوڭايلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەمدە بىر ئادەمدە كەم بولغان جاسارەت ، سەمىمىيەت ، پاراسەت ، ھەتتا ئېھتىياتچانلىق قاتارلىق ھەممە نەرسىنى تولۇقلايدۇ . ئۇ كۆرۈۋشنى خالىمايدىغانلا بولسا ، بەتبەشىرىچىلىكنى زادى كۆرەلمەيدۇ . ئادەتتە ئۇ مىجەز ـ خاراكتېر ، ئىرق ، ئائىلە ، دۆلەت ۋە كەسپىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئاساسەن بولىدۇ . مەنىۋى ساھەدە ، باشقىلارنىڭ ياخشى نىيىتى ساڭا تەبىئىيلىك ، مەدەت ، ئىناۋەت ۋە ئىستىبدات بەخش ئېتىدۇ . بىر ئادەم ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان —بۇنداق بولۇشى ناھايىتى تەس — ئۇنى ئاسانلا ساقلاپ قالالايدۇ . سەن ئۇنىڭغا تىرىشىش ئارقىلىق ئېرىشەلەيسەن ، ئەمما ئۇنى قانداق ئىشلىتىشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك .

## 113

# ئامەتنىڭ ئوڭدىن كەلگەندە تەلىيىڭ قاچىدىغان چاغنىڭ غېمىنى قىلىپ قوي

قىشتىن ئۆتۈشنىڭ ماددىي تەييارلىقىنى يازدىلا غەملەپ قويۇش ئاقىلانىلىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازدا غەملىۋېلىش تېخىمۇ ئوڭاي چۈشىدۇ . ئامەتلىك قوش كەلگەندە باشقىلارنىڭ شەپقىتىگە ئىگە بولۇشقا كېتىدىغان بەدەل ئازراق بولىدۇ ، يەنە كېلىپ ھەممە يەردە دوستۇڭ بولغان بولىدۇ . سۇ كەلگۈچە توغان سېلىشمۇ ئوبدان چارە : تېنىڭ پاتقاققا پېتىپ قالغاندا ھەممە نەرسە ئەرزىمەس ، قىممىتى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ھەمدە ھەممە نەرسە كەمچىل بولۇپ قالىدۇ . بىر توپ دوستۇڭ ۋە ھىممەت ـ شەپقىتىڭگە ھەشقاللا دېيىشنى بىلىدىغان كىشىلىرىڭ بولسۇن ؛ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنى بايقايسەنكى ، ھازىر قارىماققا ئانچە مۇھىم بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قىممىتى بولغان بولىدۇ . پەسكەش ـ چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئامىتى كەلگەندە دوستى بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ دوست ئىكەنلىكىنى زىنھار ئېتىراپ قىلمايدۇ ؛ بۇنداق ئادەملەرنى نەس باسقاندا گەپنى باشقىچە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ ـ دە !

## 114

# باشقىلار بىلەن تالاشما

سەن رەقىبىڭ بىلەن ئېلىشقان ھامان ، ئابرۇيۇڭغا زەرەر يېتىدۇ . كۆ-
شەندىلىرىڭ شۇئان بىر ئامال قىلىپ ئەيىبىڭنى تېپىپ چىقىدۇ -دە ، ئابرۇ-
يۇڭنى تۆكۈپ تاشلايدۇ . ئۇرۇشقاندا ئادىللىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىدىغانلار
ناھايىتى ئاز بولىدۇ . بىر - بىرىگە رەقىب ھالىتىدە تۇرغان ئادەملەر بىر -
بىرىنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىنى ئاسانلا تېپىۋالىدۇ ، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپ
بىر - بىرىگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان چاغدا ، بۇ يېتەرسىزلىكلەر كۆ-
پىنچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ . بىرمۇنچە كىشىلەر باشقىلار بىلەن رەقىب
بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئابرۇيلۇق كىشىلەر ھېسابلانغان بولىدۇ .

## 115

# دوستلىرىڭىزنىڭ ، ئائىلەڭىزدىكىلەرنىڭ ۋە تونۇش - بىلىشلىرىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىگە ئادەتلىنىپ ئۆت

دوستلىرىڭىزنىڭ ، ئائىلەڭىزدىكىلەرنىڭ ۋە تونۇش - بىلىشلىرىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىگە ئادەتلىنىش سەت چىرايغا كۆنۈپ قالغانغا ئوخشاش بولىدۇ . تايىنىشقا بولىدىغان ئادەم بار جايدا ، يول قويغان ياخشىراق . لېكىن ، تولىمۇ پەسكەش كەلگەن شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەرمۇ باركى ، ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالساقمۇ ، لېكىن ئۇلار بولمىسىمۇ بولمايدۇ . شۇڭا ، خۇددى سەت ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈبېرىپ كۆنۈپ قىلىپ ، كۆنگەندىن كېيىن ئالاقزادە بولۇپ كەتمىگەنگە ئوخشاش ، ئۇ ئادەملەر بىلەن ئۇستىلىق بىلەن چىقىشىپ بىللە ئۆتۈشىمىز كېرەك . دەسلەپتە ئۇلار ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ، بارا - بارا باشتىكىدەك ئانچە بەك قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلمايدۇ . بىز پەخەس بولۇپ ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز ، ئۇلارنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەرلىرىنى ئىمكانقەدەر كۆڭلىمىزگە ئالماسلىقىمىز لازىم .

116

# پرىنسىپال ئادەملەر بىلەن داۋاملىق ئارىلىشىپ ئۆت

پرىنسىپال ئادەملەرنى ياخشى كۆرسەڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشسەڭ ، ئۇلار ساڭا قارشى چىققان ھالەتتىمۇ ساڭا بولغان سەمىمىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ . چۈنكى ئۇلار ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن قىلىدۇ ، شۇڭلاشقا ئالىيجاناب كىشىلەر بىلەن تالاشقا چۈشسەڭ چۈشكىنىڭكى ، ھەرگىز رەزىل ئادەملەرنى بويسۇندۇرۇۋالمىغىن . رەزىل ئادەملەردە ئادەم بولۇش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمايدۇ ، شۇڭا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشتا كۆپ ھاللاردا ئامالسىز قالىمىز . قۇلاق كەستى مۇتتەھەملەر ئارىسىدا ھەقىقىي دوستلۇق دېگەن بولمايدۇ . ئۇلاردا ئەخلاق تۇيغۇسى بولمايدۇ ، ئۇلار بەزىدە شېرىن ـ شېكەر گەپلەرنى قىلسىمۇ ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ . شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى بولمىغان ئادەمدىن يىراق تۇرۇش كېرەك ، چۈنكى ئۇ شان ـ شەرەپنى قەدىرلىمىگەنىكەن ، ئەخلاقىمۇ سەل قارايدۇ . شان ـ شەرەپ ھەقىقىي خانلىق تەختىدۇر .

## 117

# ئۆزۈڭ ھەققىدە پاراڭ قىلما

ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ھەققىدە پاراڭ قىلىدىغان بولساڭ يا ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ ئۆزۈڭنى ماختاپ قالىسەن ، يا ئۆزۈڭنى كەمسىتىپ ئەيىبلەپ قويىسەن ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە توغرا ھۆكۈم قىلىشتىن مەھرۇم بولىسەن ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىنمۇ چۈشۈپ كېتىسەن . دوستلار ئارا بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم ، كۆ- رۈنەرلىك ئورۇندا تۇرغۇچىلار ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم . چۈنكى ئۇلار كۆپ چاغلاردا جامائەتچىلىك ئالدىدا سۆزلەيدۇ ، ئاممىۋى سورۇنلارغا چىقىدۇ ، ئۇلار ناۋادا سەللا ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ سالسا ھاماقەت قاتارىدا سانىلىپ قالىدۇ . باشقىلار ھەققىدە يۈزتۇرانە تۇرۇپ پاراڭ قىلىشمۇ ئاقىلانىلىك بول- مايدۇ . سېنىڭ ئۆز رايىغا خىلاپ ھالدا ماسلاشتى ياكى توڭ گەپ قىلدى دەپ قارىلىپ ، ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىڭ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن .

## 118

# « ئەدەپلىك » دېگەن چىرايلىق نامغا ئېرىشىش كېرەك

ئەدەپلىك بولۇش — مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، سىبھرىي كۆچكە باي، ئەدەپلىك بولغاندا ئەل- جامائەتنىڭ ياخشى تەسىراتىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ؛ گەپ- سۆز قوپال بولسا، كىشىلەر مەسخىرە قىلىدۇ، بىزار بولىدۇ. ئەگەر سەن قوپال ھەم تەكەببۇر بولساڭ، چوقۇم كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىسەن؛ ئەگەر سىنىڭ تەربىيىلىنىشىڭدە مەسىلە بولسا، كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە دۇچار بولىسەن. ئەدەپلىك بولۇش زىيادە ئەتراپلىق بولۇپ كېتىشتىن قورقمايدۇ، ئەدەپنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدۇ. باشقا ئىشلارمۇ شۇنداق بولىدۇ، قائىدە- يوسۇن ئاز بولسا ناھەقچىلىكنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر رەقىبىڭگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلالىساڭ، تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش قىلغان بولىسەن. كىشىلەرگە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش قىيىن ئىش ئەمەس، ئەمما پايدىسى: خەقنىڭ ئىززىتىنى قىلساڭ، خەقنىڭ ئىززىتىگە نائىل بولىسەن. ئەدەپلىك بولۇش ۋە ئىززەتلەشنىڭ ئەۋزەللىكى شۇكى، بىز كىشىلەرگە قىلىمىز، ئەمما ئۆزىمىز ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمايمىز.

## 119

# خەقنى بىزار قىلىۋەتمە

يىرگىنىشلىك نىيەت كۆپ ھاللاردا ئىزدىمىسىمۇ ئۆزى پەيدا بولىدۇ ، شۇڭا خەقنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماسلىق كېرەك . كىشىلەر دائىم ھېچقانداق ئالاھىدە سەۋەبسىزلا باشقىلارنى ئۆچ كۆرۈپ قالىدۇ . يىرگىنىشلىك نىيەت باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش نىيىتىدىن ئاسانراق پەيدا بولىدۇ ؛ ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ھايان ئېلىش ئارزۇسىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ . بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغاشنىلا خىيال قىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ شۇ ئارقىلىق كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىشنى خىيال قىلغانلىقىدىن بولۇشىمۇ ياكى تېگىدىن مۇشۇنداق قىلىشنى ياقتۇرغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئۇلار ئۇچۇن ئۆچ كۆرۈش نىيىتى تۇغۇلغان ھامان گويا يامان نامدىن قۇتۇلماق تەس بولغاندەك ، ئۇنىڭدىن يېنىشى ناھايىتى تەس . ئۇلار توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان كىشىلەردىن قورقىدۇ ، يامان گەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىدۇ ، تەكەببۇر كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، مازاق قىلىدىغان كىشىلەرگە نەپرەتلىنىدۇ ، ئەمما ئالاھىدە مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ . خەقنىڭ ئىززىتىگە ئېرىشەي دېسەڭ ، خەقنىڭ ئىززىتىنى قىل ؛ مۇكاپاتلىناي دېسەڭ ، خەقنى مۇكاپاتلا .

## 120

# تۇرمۇش ئەمەلىي بولۇشى كېرەك

بىلىم ئادەتتىكىدەك ئەسقاتىدىغان بولۇشىنىلا تەلەپ قىلىدۇ . ھەرقانچە كارامەت پاراسىتىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئەل - جامائەت ئالدىدا بىلمەيدىغان بولۇۋال . كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى گويا كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىگە ئوخشاش بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ . قەدىمكى كىشىلەردەك جىمجىت بولۇۋالماسلىق ، لېكىن ھازىرقى زامان كىشىلىرىدەك تەم - پۇراقلىق بولۇش كېرەك . ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە دىققەت قىلىش كېرەك ، بۇنىسى ھەممىدىن مۇھىم . ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىمەن دېسەڭ ، ئالدى بىلەن ھەۋەس جەھەتتە ئەل قاتارى بولۇشۇڭ كېرەك . ئاقىل ئادەم ئىلگىرى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بەكلا مايىل قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ ، مەيلى ئىدىيىنى ئوراش ياكى بەدەننى ئوراش جەھەتتە بولسۇن ، ھازىرقى دەۋرگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆزىنى تەڭشەيدۇ . بۇ قانۇنىيەت ھەرقانداق جايغا باب كېلىدۇ ، « ياخشىلىق » دېگىنىلا بۇنىڭغا كىرمەيدۇ ، چۈنكى ئادەم ھەممە ۋاقىت ياخشى ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بىرمۇنچە نەرسىلەر قارىماققا كونىراپ كەتكەن قاتمال نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ ، مەسىلەن ، راست گەپ قىلىش ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش دېگەنگە ئوخشاشلار . ئاق كۆڭۈل ئادەملەر قارىماققا گۈزەل ئۆتمۈشكە مەنسۇپتەك قىلسىمۇ ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە دائىم سازاۋەر بولىدۇ . بۇ خىلدىكى ئادەملەر بار بولسىمۇ ، ئىنتايىن

ئاز ئۇچرايدۇ ، كىشىلەر كۆپىنچە ئۇلارنى ئۇلگە قىلمايدۇ . ئەگەر بىر دەۋردە يامانلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىپ ، ياخشى ئىشلارنى تېپىش قىيىن بولسا ، نېمە- دېگەن پاجىئەلىك دەۋر بولۇپ قالىدۇ - ھە ؟ ئاقىل ئادەم ئىشلىرى كۆڭۈل- دىكىدەك بولالمىسىمۇ ئىمكانقەدەر ئۆزىنى ساقلىشى كېرەك . ئۇلارنىڭ تەق- دىردىن بىرنەرسە تەلەپ قىلماي ، تەقدىرنىڭ ئاتا قىلغىنىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشنى سورىغۇلۇق !

121

# چاكىنا ئادەملەرنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماسلىق كېرەك

بەزىلەر ھەممە نېمىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ، بەزىلەرنىڭ ھەممە نېمىگە كۆڭۈل بۆلگۈسى كېلىدۇ . ھەممە ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ھەمىشە ئاتالمىش چوڭ ئىشلار ھەققىدە پاراڭ قىلىدۇ ، ھەمىشە ھەممە ئىشقا ئەستايىدىل قارايدۇ ، ھەممە ئىشتا تالاش - تارتىش قىلىدۇ ، نەتىجىدە ھەممە ئىشنى تېگى - تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق قىلىۋېتىدۇ . كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ئىشنىڭ ھەققىي يوسۇندا كۆڭۈلنى بىئارام قىلغۇچىلىك ھېچقانچە يېرى يوق . پەقەت كالۋا - چاكىنا ئادەملا ھەرقانداق كىچىك ئىشنىمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ . كارى بولمىسىمۇ بولىدىغانلىكى ئىشنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش كېرەك . قارىماققا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەن بىرمۇنچە نەرسىلەر ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ قالىدۇ ، ئەگەر زىيادە ئەستايىدىل بولۇپ كەتكەندە ، ئەسلىدە ھېچقانچە بىر نېمە ھېسابلانمايدىغان ئىشمۇ ناھايىتى ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ . قەتئىي بىر قارارغا كېلىپلا تەدبىر كۆرۈپ ئىشنى غاچ - غۇچلا بىر ياقلىق قىلىش كېرەك ، بولمىسا « سۆرەلگەن ئىش بۇزۇلار » دېگەندەك پۈتمەس - تۈگمەس بالا - قازا كېلىپ چىقىدۇ . كېسەل داۋالاشنىڭ دورىسى بەزىدە كېسەل پەيدا قىلىشنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ . كەڭ قورساقلىقنى قايرىپ قويۇش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بۈيۈك مىزاندۇر .

## 122

# سۆزدە زىرەك ، ھەرىكەتتە سىلىق بولۇش

سۆزدە زىرەك ، ھەرىكەتتە سىلىق بولغاندا ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كې-
تەلەيدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپسانلا ھەممەيلەننى قايىل قىلغىلى بولىدۇ . كى-
شىلەر بىلەن پاراڭلىشىشتا ، نۇتۇق سۆزلەشتە ، ھەتتا يول يۈرۈشتە ، روھىي
قىياپەتتە ۋە باشقىلارغا يېلىنغان ياكى شىكايەت قىلغاندا ، بۇنداق ماھارەتنىڭ
ئۈنۈمىنى ھەممە ۋاقىت ، ھەممە جايدا كۆرگىلى بولىدۇ . كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى
بويسۇندۇرۇش ھەقىقىي غەلىبە ھېسابلىنىدۇ . بۇنداق نوپۇز سەھرالىق كا-
لامپاينىڭ قارامىلىقىدىنمۇ ، قەستەن ئېھتىياتچانلىقنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك
ئارقىغا سۆرەشتىنمۇ پەيدا بولمايدۇ ؛ ئۇ قابىلىيىتى ئۈستۈن ، ھەرىكىتى پاك
كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىدىن پەيدا بولىدۇ .

## 123

# قۇرۇق ھەيۋە قىلىش ئالىيجانابلىق ئەمەس

قانچىكى يۇقىرى ئىقتىدارلىقلار ياسالمىلىقتىن شۇنچە خالىي بولىدۇ . قۇرۇق ھەيۋە قىلىش ئىنتايىن كەڭ تارقالغان ئومۇمىي كېسەل ھېسابلىنىدۇ . ئۇ باشقىلارنى چارچىتىپ قويىدۇ ، شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدۇ . قۇرۇق ھەيۋە قىلغۇچىنىڭ ئۆزى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تەشۋىشكە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ دەردىنى بولۇشىچە تارتىدۇ ، چۈنكى ئايلاپ ـ يىللاپ يۈزىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا قىلغان ھەرىكەتلىرى ئۆز بويىنغا تاقاق سېلىۋالغاندىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ . قۇرۇق ھەيۋە قىلىش بۈيۈك تالانت ئىگىسىنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ ، چۈنكى كىشىلەر ئۇلارنى « بىر بولسا ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى بىلەن ماختىنىدۇ ، بىر بولسا ئاجايىپ شەھۋانىي قىلىقلىرىنى بازارغا سالىدۇ ؛ ئۇلاردا تۇغما گۈل سۈپەت تەبىئەت يوق . چوڭ سۈپەت ، تەبىئىي بولۇش ياسالمىلىققا قارىغاندا كىشىلەر كۆڭلىنى تېخىمۇ بەكرەك ھۇزۇرلاندۇرىدۇ » دەپ قارايدۇ . كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قۇرۇق ھەيۋە قىلغۇچىلار بىلەن ئۇلارنى دورىغۇچى تالانتلىقلارنى ھەرگىز بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ . ھۈنىرىڭ قانچە ئۈستۈن بولسا ، بىلىملىك تۇرۇپمۇ كەمتەر بولۇشۇڭ كېرەك . شۇنداق قىلساڭ ، كارامەت تەبىئىي گۈزەللىكنى نامايان قىلالايسەن . ھەقىقىي چىن

ھېسسىياتىڭنى ئاشكارىلاشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ ئىنسانىي تۇرمۇشتىكى غە-
زانى ئېغىزغا ئالمايدىغان ئاجايىپ زاتلاردىن بولۇۋالمايسەن . كەمتەر
ئالىيجاناب ئادەم ئۆزىنىڭ تۆھپە - مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە ھەرگىز ئېغىز
ئاچماسلىقى كېرەك . ئۆزىنىڭ نام - ئاتىقىنى ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارىغۇ-
چىلار باشقىلارنىڭ باشقىچە مۇئامىلىسىگە ئېرىشىدۇ . يۈكسەك پەزىلەتلىك
ئالىيجاناب كىشىلەر ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا ئېتىبارسىز قارىغۇ-
چىلار كۆئېنلۈنىنىڭ قاشتېشى قاتارىدا قەدىرلىنىدۇ . ئۇ ئۆز سالمىقىنى ساقلىشى
بىلەن ھەممەيلەننىڭ بىردەك مەدھىيىلىشىگە ئېرىشەلەيدۇ .

## 124

# ھەممەيلەن ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم

دۇنيادا ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئاز ئۇچرايدۇ ؛ ئەگەر سەن ئاقىللارنىڭ قەدىرلىشىگە نىيسىپ بولالىساڭ ، ئۆزۈڭنى قالتىس ئامەتلىك دەپ بىلىشىڭ كېرەك . كىشىلەر غەلىتە قىسمەتكە قالغانلارغا كۆپ ھاللاردا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ ؛ تۇشمۇتۇشتا مەدھىيە - تەرىپلەرگە ئېرىشىشىڭ ئانچە تەس ئەمەس ، ئۆزۈڭنى تارىختا قالدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى تولا . سەن خىزمەتتە كۆزگە كۆرۈنۈشۈڭ ياكى ئىستىبداتتا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇ- رىدىغان بولۇشۇڭ كېرەك . سالاپەتتە كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان يۇرۇش - تۇرۇشمۇ ئوخشاشلا ئۈنۈم بېرىدۇ . سېنىڭ مەشھۇر نامىڭنى باشقىلار ساڭا باغلىنىپ قالىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرسەڭ ، خەقلەر ساڭا ئۇ خىزمەتنىڭ ھا- جىتى يوق ، بەلكى بۇ خىزمەتكە سەن بولمىساڭ بولمايتتى ، دېيىشىدۇ . بە- زىلەر ئۆز مەرتىۋىسى بىلەن شەرەپ قۇچىدۇ ، يەنە بەزىلەر مەرتىۋىسىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ . ئەگەر سېنىڭ ۋەزىپەڭنى ئۆتكۈ- زۈۋالغۇچى كىشى يارىماس بىر ئەخمەق بولغانلىقى بىلەن سېنىڭ شۇ ۋەزىپىنى ئۆتۈشۈڭنىڭ بەك مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلسە ، ئۇ ھەرگىز شەرەپلىك ھې- سابلانمايدۇ . باشقىلارنىڭ خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشى سېنىڭ ھەم- مەيلەن ئارزۇ قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ .

## 125

# باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ھەرگىز ئېسىڭدە ساقلاۋەرمە

باشقىلارنىڭ يامان نامىنى يېيىۋېتىشكە خۇشتار بولۇپ كەتكەنلىكىڭ ئۆز نامىڭنىڭ رەسۋا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئاقلاشقا ، ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى يۇيۇۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى مەسخىرە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى يېپىشكە ئۇرۇنىدۇ ، بۇنداق قىلىش تولىمۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانىلىك بولىدۇ . ئۇنداقلارنىڭ ئالغان نەپەسىمۇ ھەددىدىن زىيادە سېسىق كېلىدۇ ، شۇڭا ئۇلار سېسىق نەرسىلەرنى ساقلايدىغان ئەۋرەزخانىدىن پەرقلەنمەيدۇ . بۇنداق ئىشقا قىزىققۇچىلار بۇندا ئاز-گىلىنى قازغانغا ئوخشاش بولىدۇ : قانچە چوڭقۇر قازسا ، پۈتۈن ئەزايى شۇنچە بۇلغىنىپ كېتىدۇ . سەۋەنلىكى يوق ئادەم بولمايدۇ ، ئۇ بىر بولسا ئاتا - ئانىسىدىن ئېرسىيەت قالغان ياكى تۇغۇلغاندىن كېيىن يۇقتۇرۇۋالغان بولىدۇ . ئىسمى - شەرىپىڭ كىتابتا بولماي قالمىسىلا ، خاتالىق - سەۋەنلىكنى باشقىلارنىڭ بىلمەي قېلىشىدىن ساقلىنىش تەس . ھەقىقىي ئالىيجاناب ئادەم ئۆزىنىڭ سېسىق نامى پۇر كەتكەن ، گىدىيىپ داغ پەيدا قىلىپ قويىدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ھەرگىز باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىدىن لەززەتلىنىپ يايراپ كەتمەيدۇ .

## 126

# ئەخمەقانە ئىش قىلغان ئەخمەق ئەمەس ، يوشۇرۇۋېلىشنى بىلمىگەن ئەخمەق

ھېسسىياتىڭنى يوشۇرۇشۇڭ كېرەك ، لېكىن تېخىمۇ مۇھىمى خاتالىقىڭنى يوشۇرۇش . ئادەملەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان ئەۋلىيا ئەمەس ، لېكىن سەۋەنلىكنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ ، ئاقىللار سەۋەنلىكىنى يوشۇرۇشقا ماھىر كېلىدۇ ، ئەخمەقلەر تېخى سادىر قىلمىغان سەۋەنلىكىنىمۇ داۋراڭ قىلىپ يۈرىدۇ . ياخشى نام- ئاتاق دېگەن نەرسىنىڭ كۆپىنچىسى ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن قىلغان ھەرىكەتتىن ئەمەس ، بەلكى ئۇستىلىق ئىشلىتىپ پەم بىلەن ئېرىشكەن نەرسە ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر جانابىڭىز « ئۆزۈم پاك » دېگۈدەك دەرىجىدە بولالمىغان بولسىڭىز ، سىزگە گەپ- سۆزدە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن . بىرەر قېتىملىق مۇدۇرۇپ كېتىش ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا سەۋەبچى بولىدۇ ، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك چوڭلۇقتا سەۋەنلىكى بولسىمۇ ، ئاي ، كۈن نۇرى تۇتۇلۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ ، ئەل- جامائەتنىڭ يولۋاستەك تىكىلىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . ئۆزۈڭنىڭ كەمتۈكلۈكىنى دوستلىرىڭغىمۇ ھەرگىز تۆگەل ئېيتىۋەتمە ، ئەگەر مۇمكىن بولغاندا ، ھەتتا ئۆزۈڭگىمۇ يالىڭاچلىۋەتمە . جاھاندارچىلىقنىڭ يەنە مۇنداق بىر يولىمۇ ئوخشاشلا بەك ئەسقاتىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ — ئۇنتۇشنى ئۆگىنىۋېلىش .

## 127

# ھەممە ئىشتا ئەركىن - بىمالال بولۇش كېرەك

ھەممە ئىشتا ئەركىن - بىمالال بولۇش زېھنى ئۆتكۈر ئادەمنى جۇشقۇن، گەپ - سۆزلىرى مارجاندەك تىزىلىپ چىقىدىغان قىلسا، دانا - قابىل ئادەمنى ئۆزگىچە يېنىك تەبىئەتلىك ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. باشقا بىرمۇنچە گۈزەل ئەخلاقلار تەبىئەتنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم قىلىپ بېزىيەلىسىمۇ، لېكىن چىرايلىق سالاپەت ئىبسلزادىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ كۆز قاماشتۇرغۇدەك سەلتەنەتلىك قىلىۋېتىدۇ. ئۇ ھەتتا ئابستراكت بولغان ئىدىيىنىمۇ ئادەمنى تېخىمۇ زوقلاندۇرىدىغان قىلىۋېتىدۇ. چىرايلىق سالاپەت كېيىن تىرىشىشتىن ئەمەس، تۇغما تالانتتىن كېلىدۇ، ئۇ ھەتتا خىلمۇخىل سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزىدىن يىراقتا قالدۇرىدۇ. ئۇ ماھارەتتىنمۇ تايىنىپ ئىش كۆرگۈچىلەرنى ئارقىغا تاشلىۋېتىدۇ، ھەتتا كېيىن ئىش باشلىغانلارنىمۇ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈپ كۆپلىگەن ئايىغى چاققانلارنى ئارقىغا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپ، ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ بارىدۇ ھەمدە گۈزەل ئەخلاقنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرىۋېتىدۇ. ئەگەر چىرايلىق سالاپەت بولمىسا، گۈل رۇخسار، ئاي جامال بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ قۇرۇق جازىلا بولىدۇ؛ ئەركىن - بىمالال ھالدىكى سالاپەتنىڭ باشقا نەرسىلەر بىلەن كارى بولماسلىقى مەشھۇر نام - ئابرۇينى، سۆز - ھەرىكەتتىكى ئېھتىياتچانلىقنى، ھەتتا خان - پادىشاھقا مۇناسىپ ئىززەت - ھۆرمەتنىمۇ پۈتۈنلەي چاندۇرۇپ قويىدۇ. مانا بۇنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئوبدان يولى، شۇنداقلا قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭمۇ كارامەت چارىسى دېيىشكە بولىدۇ.

128

# پەزىلەت ئالىيجاناب بولۇشى كېرەك

پەزىلەتنىڭ ئالىيجاناب بولۇشى قەھرىمانلىق خىسلىتىدىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ ، چۈنكى ئۇ ھەر خىل ئۇلۇغۋار تۇيغۇ - ھېسسىياتلارنى قوزغايدۇ . ئۇ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى كۈچەيتىدۇ ، كۆڭلىنى ئازادە قىلىدۇ ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ، تەربىيىلىنىشىنى يۈكسەك قىلىدۇ ، سالاپەتلىك بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتۈرىدۇ . ئۇ قانداقلىكى ماكاندا ئولتۇرىغا چىقسىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ . بەخت - تەلەي ئىلاھى بەزىدە ھەسەتخورلۇق قىلىپ ئۇنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ ، ۋەھالەنكى ، ئۇ يەنە ئاجايىپ غەيۇرلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . مۇھىت ئىنتايىن قاباھەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ئىرادىسىنى تىزگىنلەپ تۇرالايدۇ . مەردانىلىك ، جەسۇرلۇق ۋە باشقا بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر ئاشۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ .

## 129

# مەڭگۈ ئاغرىنىپ يۈرمە

ئاغرىنىپ يۈرۈش هامان ئىناۋىتىڭنى تۆكۈۋېتىدۇ . ئۇنداق قىلىش ئىچ ئاغرىتىش ۋە تەسەللى ئىلىپ كەلمەي ، ئەكسىچە كەيپىياتنا هاياجانلىنىش ۋە تەكەببۇرلۇق ـ ئەدەپسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ هەمدە بىزنىڭ ئاغرىنغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ بىز ئاغرىنغان ئادەملەرنى دوراپ ئاغرىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ . ئاغرىنىش كىشىلەرگە ئاشكارىلانغان هامان ، باشقىلارنىڭ بىزگە قىلغان زىيىنى ۋە هاقارەتلىرىنى كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدىغاندەك قىلىپ قويىدۇ . ئۆتمۈشتە ئۇچرىغان زىيان ۋە هاقارەتلەردىن ئاغرىنىش كەلگۈسىدىكى زىيان ۋە هاقارەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ . ئۇلار ياردەم ۋە تەسەللىگە ئېرىشمەكچى بولسا ، ئۇنى ئاڭلىغانلار خۇشال بولىدۇ ، هەتتا كۆزگە ئىلمايدۇ . تېخىمۇ كۆپرەك شەپقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ، باشقىلارنىڭ ساڭا قىلغان شەپقىتىنى ماختىشىڭ كېرەك ، بۇنداق قىلىش تېخىمۇ ياخشى بولغان تەدبىر هېسابلىنىدۇ . سېنىڭ نەق سورۇندا يوق ئادەملەرنىڭ ساڭا قانداق مەنپەئەت يەتكۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقىڭ ، نەق سورۇندا بار ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا تەڭ بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىڭ بولۇپ ، سەنمۇ ئوخشاش مىننەتدارلىققا ئېرىشەلەيسەن . ئەقىللىق ئادەم خورلۇق ياكى كەمستىشلەرنى زادى يېيىپ يۈرمەيدۇ ، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىززەت ـ هۆرمىتىنىلا تەشۋىق قىلىدۇ . شۇنداق بولغاندا ، ئۇ دوستقا ئىگە بولىدۇ ۋە رەقىبىنىڭ يېرىمىنى ئازايتىدۇ .

## 130

# ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك ، لېكىن ئىپادىلەشنىمۇ بىلىش كېرەك

كىشىلەر شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە نېمە ئىكەنلىكىگە ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتە نېمە ئىكەنلىكىگە قارايدۇ . قابىل بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى نامايان قىلىشنى بىلىش ھەسسىلەپ قابىللىق ھېسابلىنىدۇ . كۆرگىلى بولمايدىغانلىكى نەرسە مەۋجۇت بولمىغان بىلەن ئاساسەن دېگۈدەك ئوخشاش بولىدۇ . قائىدىگە مۇۋاپىق ۋە تولۇق تون كىيدۈرۈلمىگەن چاغدا ، قائىدىنىڭ ئۆزى ئېتىبارغا ئېلىنماي قالىدۇ . ئېھتىيات قىلغۇچىلار ئاز ، ئاسان ئالدىنىپ قالىدىغانلار كۆپ بولىدۇ . ئالدامچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتكەندە ، سىرتقى ھالىتىگە قاراپلا ھۆكۈم قىلغاندا ، ھۆكۈمنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق چىقىدىغانلىرى ناھايىتى ئاز چىقىدۇ . چىرايلىق سىرتقى قىياپەت ئىچكى مۇكەممەللىكنىڭ ئەڭ ياخشى يول خېتى ھېسابلىنىدۇ .

## 131

# كۆكسى - قارنى كەڭ بولۇش كېرەك

روھنىڭ ئۆزىگە يارىشا گۈزەل زىننىتى بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى روشەنلەشتۈرىدىغان مەنىۋى جەھەتتىكى جۇشقۇنلۇق ۋە جاسارەتتۇر . ھەممە ئادەمنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ بولىۋەرمەيدۇ ، بۇ كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇشنىڭ مەردانە روھي ھالەتنى تەلەپ قىلغانلىقىدىن بولىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى : ھەتتا رەقىبىگە نىسبەتەنمۇ ماختاش سۆزىنى ئايىماسلىق ، ھەرىكەت جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ قوللۇق بولۇش .

ئۆزى ئۆچۈن ئۆچ ئېلىش پۇرسىتى كەلگەندە ، مۇشۇ كۆكسى - قارنى كەڭ بولۇشنىڭ نۇرى بارغانسېرى پارلاپ كېتىدۇ . ئۇ بۇنداق ئەھۋالدىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ ، ئۆچ ئېلىش ئىمكانىيىتى بولغان ھەرىكەتنى كۈتۈلمىگەن ھالدىكى مەردانىلىككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . باشقۇرۇش يولىنىڭ سىرى مانا مۇشۇنىڭدا . مانا بۇ سىياسىينىڭ يۈكسەك مەدەنىيلى . ئۇ ھەرگىز ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ماختانمايدۇ ، قۇرۇق ھەيۋىسىمۇ كۆرسەتمەيدۇ ؛ ئۆزىنىڭ ئىقتىدار - ماھارىتى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئالامىتىنى قانداق قىلىپ ئىپادىلەپ قويماسلىقنىمۇ بىلىدۇ .

## 132

# قايتا ـ قايتا ئويلان

بىخەتەرلىكنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈشتە، بولۇپمۇ ئىشەنچ قىلالمىغان چېغىڭدا شۇنداق بولىدۇ. بىرەر ئىشتا يول قويۇشتىمۇ ياكى سېنىڭ ھال ـ ئەھۋالىڭنى ياخشىلاشتىمۇ بىرئاز ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ھۆكمىڭنى دەلىللەيدىغان ۋە مۇقىملاشتۇرىدىغان يېڭى ئۇسۇل تاپالايسەن. ئەگەر بىرەر نەرسە ئىلتىپات قىلىدىغان ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا، غاچ ـ غۇچلا قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قارىغاندا ئەقىللىقلىق بىلەن ھەدىيە قىلغاندا، بىرەر سوۋغىنىڭ قىممىتىگە تېخىمۇ يۇقىرى قىممەت قوشۇلغان بولىدۇ. ئۇزاققىچە تەشنا بولۇپ ئېرىشەلمىگەن نەرسە ھامان ھەسسىلەپ ئەتىۋارلىنىدۇ. ئەگەر ئىش رەت قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭنىڭ پوزىتسىيىسىگە كۆپرەك دىققەت قىلىپ، «ياق» دېگىنىڭنى يەنىمۇ بەكرەك پىشۇرساڭ يامان كەتمەيدۇ. شۇنداق قىلساڭ، ئۇ تولىمۇ ئاچچىق بىلىنمەيدىغان بولىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئارزۇنىڭ باشتىكى ھارارىتى بارا ـ بارا تۆۋەنلەپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن رەت قىلىشمۇ ئاسانراق قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بەزىلەر خېلى بۇرۇنلا تەلەپ قىلىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭغا كېچىككىپرەك ۋەدە قىلغىن. مانا بۇ باشقىلارنىڭ قىزىقىشىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

## 133

# يالغۇز ئۆزۈڭ ساق قالغۇچە ، خەق بىلەن بىللە مەست بول

يالغۇز ئۆزۈڭ ساق قالغۇچە ، خەق بىلەن بىللە مەست بول! سىياسە-ئونلار شۇنداق دەيدۇ : ناۋادا ھەممەيلەن مەست بولۇپ كەتسە ، مەنمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ مەست بولىمەن ؛ ئەگەر يالغۇز ئۆزۈم ساق قالسام ، تەلۋە دەپ قارىلىمەن . مۇھىم نەرسە جاھانىنىڭ رەڭتارىغا كىرىۋېلىشتىن ئىبارەت .

بەزى چاغدا ئەڭ ياخشى بىلىم — پۈتۈنلەي بىلمەسلىك ياكى پۈتۈنلەي بىلمەس بولۇۋېلىشتىن ئىبارەت . چۈنكى ، بىز باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ياشى-شىمىز كېرەك ، ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى نادان ـ بىلمىسىز كېلىدۇ . ئەگەر سەن يالغۇز ئۆزۈڭلا ياشىساڭ ئىدىڭ ، تەڭرىدەك توغرا بولالىشىڭ مۇمكىن ئىدى ، لېكىن ھايۋاندەك ياۋايى بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن . ۋەھالەنكى ، مەن بۇ ئەقلىيە سۆزنى تۈزىتىپ : ئۆزۈڭ ساق قالغۇچە ، خەق بىلەن بىللە مەست بول ، دەپ ئېيتىشنى خالايمەن . بەزىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىش كۆرۈشى خىيالىي نەرسىنى قوغلىشىشتۇر ، خالاس .

## 134

# ھاياتىڭغا زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكنى ھەسسىلەپ ساقلا

ھاياتىڭغا زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكنى ھەسسىلەپ ساقلىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى بىر ھەسسە موللاشتۇرالايسەن. ھەرقانچە ئېتىبارلىق، ھەرقانچە ئەزىز نەرسە بولسىمۇ، ھەرقانداق بىر خىل شەيئىگىلا بېقىنىپ قالما ياكى ھەرقانداق بىر خىل بايلىق بىلەن چەكلىنىپ قالما ؛ ھەر بىر خىل نەرسە ، بولۇپمۇ مەنپەئەت ، شەپقەت ، قىزىقىشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىر ھەسسىدىن ئاشۇرۇپ تۇرساڭ ياخشى . ئاي تەبىئىي ئۆزگىرىشچان ، ئۇنىڭ ئۇزاققىچە داۋاملىق بىر خىل ھالەتتە تۇرۇشى قىيىن ، ۋەھالەنكى ، ئاجىز ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنىدىغان شەيئىلەر يەنىلا توختاۋسىز دەرىجىدە تولا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . تاسادىپىيلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان لازىمەتلىكلەرنى كۆپرەك ھازىرلىۋېلىش كېرەك . بەختنىڭ بىلەن مەنپەئەت بايلىقىڭنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ تەييارلىۋال ، مانا بۇ ئۇلۇغۋار تۇرمۇش مىزانىدۇر . تەبىئەت دۇنياسى بىزنىڭ تېنىمىزگە ئەڭ مۇھىم ، ئەڭ گەۋدىلىك بولغان قول بىلەن پۇتنى جۈپ - جۈپتىن قىلىپ ياراتقانغا ئوخشاش ، بىزمۇ ئۆزىمىز بېقىنىدىغان نەرسىلەرنى كۈچىمىز بىلەن ھەسسىلەپ تەييارلىۋېلىشىمىز كېرەك .

135

# قارشى مۇقام توۋلىماسلىق كېرەك

قارشى مۇقام توۋلاش ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك كەلتۈرىدۇ ، باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ ، خالاس . ئەقىللىق كىشى بۇنداق ھەرىكەتنى ئامال قىلىپ تىزگىنلىشى كېرەك . ھەرقانداق ئىشتا ئوخشىمايدىغان قاراشتا بولغۇچىلار تەبىئىي ھالدا ئىجادىي پىكىرگە باي كېلىدۇ ، ۋەھالەنكى ، ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەخمەقتۇر . ئۇلار سەمىمىي سۆھبەتنى تىل سوقۇشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ، قىلچە مۇناسىۋەتسى بولمىغان كىشىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دوستلىرى ۋە تونۇشلىرىغا نىسبەتەن رەقىبكىلا ئوخشاپ قالىدۇ . تازا ۋايىغا يېتىپ تەمگە كەلگەندە ، بەس- مۇنازىرىنىڭ قاتتىق سۆزىنى غاجىلىماق تەسكە چۈشىدۇ ـ دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەددىيە بېرىشكە ئۆتۈپ ، كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ . ئۇلار رەھىمسىز ھەم كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئەخمەقلەردۇر .

## 136

# شەيئىنىڭ مۇھىم يېرىنى تۇتۇۋېلىش كېرەك

قولدىكى ئىشنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى تۇتۇۋېلىش كېرەك . بىرمۇنچە كىشىلەر دەرەخنىلا كۆرۈپ ، ئورماننى كۆرمەيدۇ ياكى ئوبيېكتنى خاتا تاللاپ قالىدۇ ؛ ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ ، كارغا يارىمايدىغان بىرمۇنچە ئەقلىي خۇلاسىلىك تەھلىللەرنى قىلغان بىلەن شەيئىنىڭ يادروسىنى تۇتۇۋالالمايدۇ . ئۇلار ئۇنى دەپ ، بۇنى دەپ گەپنى ئەگىتىپ ، ئۆزىنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ ھالىدىن كەتكۈزۈپ قويىدۇ ، لېكىن مۇھىم نۇقتىنىڭ يېنىغا قىلچىمۇ يېقىنلىشالمايدۇ . كاللىسى ئېلىشىپ ، ئىشنىڭ باش ـ ئايىغىنى قانداق رەتلىۋېلىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق قىلىدۇ . ئۇلار تاشلىۋېتىشكە تېگىشلىك ئىشلار ئۈچۈن ۋاقتىنى ۋە چىدامىلىقلىقىنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ ؛ مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا بولسا ، ۋاقت چىقىرالمايدۇ ۋە چىدامىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ .

137

# ئاقىل قانائەتچان كېلىدۇ

ئاقىل ئۆزى ئېلىپ يۈرگەن نەرسە ئۈنىڭ بارلىقىدۇر①. بىر دوست— بىلىملىك بىر زات — رىم ۋە ئالەمنىڭ قالغان قىسمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ②. سەن ئۆزۈڭ مۇشۇ دوست بولساڭ ، ئۆزۈڭ مەۋجۇت بولالايسەن . ئەگەر باشقىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئەقىل - قابىلىيىتى سىڭگىچىلىك بولمىسا ، ئۆزۈڭگە تايىنىپ ئىش كۆرىۋېرىسەن ؛ ئەڭ زور خۇشاللىق ئەڭ زور مەۋجۇتلۇق بىلەن بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ . ئۆزى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان ئادەم ھەرگىز ياۋايى ئادەم ئەمەس ، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇ ئاقىل ، ھەربىر جەھەتتە ئىلاھتۇر .

① يۇنان پەيلاسوپى ستىل بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتىدە خوتۇن - بالىلىرى ۋە ئۆي - ۋاقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ . ئۇ خارابىلىق ئىچىدە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ : « مېنىڭ بارلىقىم —مېنىڭ ئۆزۈم » دەپ تولايدۇ .

② رىم سىياسئونى كانتو ، ستسېرو ئۈنىڭ ئىستېداتى ۋە دوستانىلىقىنى ماختىغان .

138

# بىھۇدە ئىشقا ئارىلاشما

بولۇپمۇ ، سىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش دېڭىزىڭ بولغان ئەل - جامائىتىڭ ، دوست - بۇرادەرلىرىڭ ۋە تونۇش - بىلىشلىرىڭ دولقۇن قوزغىغاندا شۇنداق قىل . ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئۆزىگە خاس خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر ، بوران - چاپقۇنلار بولۇپ تۇرىدۇ . ئاقىلانە چارە : تېپىنىچ دالدىغا كىرىپ ، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇننىڭ ئۆزلۈكىدىن پەسىيىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن ئىبارەت . سېنىڭ ۋەزىيەتكە ماسلىشىش تەدبىرلىرىڭ دائىم ئىشىڭنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ . مەيلى ئىلاھى مىزان ياكى ئادەمگەرچىلىك بولسۇن ، ھەممىسى ئۆز يولى بويىچە بولۇشى كېرەك . ئەقىللىق دوختۇر قاچان رېتسېپ يېزىپ بېرىش ، قاچان يېزىپ بەرمەسلىكنى بىلىدۇ ، بەزى چاغدا رېتسېپ يېزىپ بەرمەسلىك تېخىمۇ ئۈنۈم بېرىدۇ . بەزى چاغدا قول قوشتۇرۇپ بىر چەتتە كۆزىتىپ تۇرۇش بۇ ئالەمدىكى ۋەقەلەرنى جىمىقتۇرۇشنىڭ ئوبدان چارىسى بولىدۇ . ئەگەر سەن ھازىر ۋاقتىنچە بېشىڭنى ئېگىپ تۇرساڭ ، كەلگۈسىدە ئۇنى بويسۇندۇرۇۋالالايسەن . بىرەر دەريانى پاسكىنا قىلىۋېتىش ناھايىتى ئاسان . دۇغلىشىپ كەتكەن سۇنى قولۇڭ بىلەنمۇ ، پۇتۇڭ بىلەنمۇ سۈزۈلدۈرەلمەيسەن ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سۈزۈلۈشىگە قويۇۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ . قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاشنىڭ يولى ئۇنى ئۆزىنىڭ جايىغا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن ياخشى بولمايدۇ .

## 139

## ئادەمنىڭ تەلىپى بەزىدە ئوك ، بەزىدە تەتۈر كېلىدۇ

پېشكەللىككە ئۇچرايدىغان كۆڭۈللەر ھامان بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ چاغلاردا ھەممە ئىش كۆڭۈلگە ياقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ . قانداق بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قەتئىينەزەر ، كاج تەلەي ھامان مەۋجۇت . تەلىيىڭنى بىرقانچە قېتىم سىناپ بېقىپ ، ياخشىلىقتا يۈزلەنمىسە بىراقلا ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكىن . ھەتتا ئادەمنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ شۇنداق بولىدۇ : ھەممە ۋاقىت ھەممە نەرسىنى كۆزىتىپ كېتەلەيدىغان ئادەم بولمايدۇ . پىكىر قىلىش يولىنىڭ ئېنىق بولۇشىمۇ ياخشى تەلەي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ، بىرەر پارچە ياخشى خەت يېزىشنى ئالساقمۇ شۇنداق بولىدۇ . بارلىق مۇكەممەللىك ئالاھىدە پەيــتــە مەيدانغا كېلىدۇ ، ھەتتا گۈزەللىكمۇ ھەنىئىۋا پەسىلدە ئوخشاشلا بولىۋەرمەيدۇ . سەنمۇ بىر خىل ئېھتىياتچان ھالەتتە تۇرىۋەرمەيسەن ، بىر بولسا ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىسەن ، بىر بولسا دېگەندەك ئېھتىياتچان بولۇپ كېتەلمەيسەن . ھەرقانداق شەيئى مەلۇم پۇرسەت بولغاندا ئاندىن مۇكەممەللىكنى ئىپادىلەيدۇ . بەزى كۆڭۈللەردە ھەممە ئىش كۆڭۈلسىز بولۇپ كېتىدۇ ؛ باشقا كۆڭۈللىرى بولسا ئانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەڭمۇ ھەممە ئىشىڭ كۆ- ڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىدۇ : سەن ئۆزۈڭمۇ ھەنىئىۋا ئىشىڭنىڭ ئــادەتــتــىن تاشقىرى ئاسانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، پىكىر قىلىش يولۇڭنىڭمۇ راۋان ئى- كەنلىكىنى ، روھىڭنىڭ كۆتۈرەڭگۈ- جۇشقۇن ئىكەنلىكــىنى ، ئــۆزۈڭ

ئۆزۈڭنىڭ ئامەت يولتۇزى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالسەن . ئاشۇنداق كۈنلەردىن تولۇق پايدىلىنىشىڭ ، بىرەر مىنۇتنىمۇ ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكىڭ كېرەك . لېكىن ، ناۋادا كۆڭۈلسىز بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالغان ھامان پۈتۈن بىر كۈن بىكار ئۆتۈپ كەتتى ، دەپ قارىساڭ ، تولىمۇ ئەقىلسىزلىق قىلغان بولىسەن ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدۇ .

## 140

# ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ مېغىزىنى ئېلىش كېرەك

ھەۋەس - ئىشتىياقى ئوبدان ئادەملەر ئۈمۈرۋايەت كۆكۆللۈك ئۆتىدۇ . ھەسەل ھەرىسى ھەسەل چىقىرىدىغان گۈل تورانلىرىنى ئىزدەيدۇ ، زەھەرلىك قارا يىلان بولسا زەھەر بولىدىغان ئاچچىق نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ . ھەۋەس - ئىشتىياقى ئوخشاش بولمىغاچقا ، بەزىسى گۈزەللىك مېغىزىنى قوغلاشسا ، بەزىسى رەزىللىكنىڭ شاكىلىنى قوغلىشىدۇ . بۇ ئالەمدىكى كۆللى نەرسىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا گۈزەللىكى بولىدۇ ، بولۇپمۇ كىتابنىڭ شۇنداق . كىتابنىڭ پايدىلىق يېرىنى تەسەۋۋۇر كۆچىگە تايىنىش ئارقىلىق قېزىپ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ . بەزى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى پۈتاق چىقىرىشقا تولىمۇ ئامراق بولۇپ ، ئۇلار بىرەر مىڭ خىل گۈزەل شەيئى ئىچىدىن بىرەر كەمچىلىك تېپىۋالسا ، ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىدۇ ھەمدە بۇرمىلاپ بولۇشچە كېڭەيتىۋېتىدۇ . ئۇلار كۆچلۈكلەر ۋە ئاقىللارنىڭ ئەخلەت يىغقۇچىلىرى بولۇپ ، ئېغىر بولغان بىرمۇنچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەرنى يۇدۇۋالغان بولىدۇ : ئۇلار كۆچلۈكلەر ۋە ئاقىللارنىڭ نۇقسانلىرىنى ئەيىبلەيدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ دانا تەرەپلىرىنى كۆرمەيدۇ . ئۇلار بەختسىز ئادەملەر ، چۈنكى ئۇلار ئاچچىق بىلەنلا ئۇچرىشىدۇ ، يېتىشسىزلىك بىلەنلا ھەمراھ بولىدۇ . بەزى كىشىلەرنىڭ ھەۋەس - ئىشتىياقى ئادەمنى خۇشال قىلىدۇكى ، ئۇلار بىرەر مىڭ خىل يېتىشسىزلىكتىن بەخت ئەلاھىنىڭ مەدىتىگە سازاۋەر بولغان قىلچىلىك گۈزەللىكنىمۇ بايقىيالايدۇ .

# 141

## ئۆزىنىڭكىنىلا ئاڭلىماسلىق كېرەك

ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالمىساڭ ، ئۆزۈڭنىڭ كۆڭ-لىنىلا خۇش قىلغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى ؟ ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىشنىڭ ھوسۇلى كەمستىشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ . ئۆزۈڭگە جازانە قويۇش باشقىلارغا قەرزدار بولغىنىڭ بىلەن تەڭ . ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ . ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىش غالجىرلىق بولىدۇ ؛ باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭكىنى ئاڭلاش غالجىرلىققا ساراڭلىقنىڭ قو-شۇلۇشى بولىدۇ . بەزىلەر ئۆزىگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ قويىدۇ ـ دە ، يېنىدىكىلەردىن : « گېپىم توغرا بولدىمۇ ؟ » دەپ سورايدۇ ياكى : « سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمۇ ؟ » دەپ سوراپلا تۇرىدۇ . ئۇلار باشقىلارنىڭ ماقۇللۇق بىلدۈرۈشىگە ياكى ماختىشىغا تەشنا ، ئەمما ئۆزىنىڭ ھۆكمىدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدۇ . ئابرۇيپەرەسلىكتە ئۇچىغا چىققان كىشىلەرمۇ گەپ ـ سۆز قىلغاندا ئىنكاس ئاڭلاشقا خۇشتار كېلىدۇ . ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلغاندا كىشىلەرنىڭ بارىكاللا ئوقۇپ تەنتەنە قىلىشىغا تەشنا بولىدۇ ، ئۇلارغا ھەمدەمدە بولۇش-تىغانلار « قالتىس گەپ بولدى ! » دەپ ۋارقىرىشىدىغان ساراڭ ـ ئەخ-مەقلەردىنلا ئىبارەت بولىدۇ .

## 142

# تەرسالىق قىلىپ يېتەرسىزلىكىڭىزنى قوغدىما

رەقىبىڭىزنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىپ ئايىغى چاققانلىق قىلغانلىقى ، توغرا تەرەپنى تاللىۋالغانلىقى تۈپەيلىدىن ، سەن تەرسالىق قىلىپ خاتالىقىڭدا چىڭ تۇرۇۋالما . شۇ سەۋەبتىن جەڭگە ئىشتىراك قىلماي تۇرۇپلا مەغلۇپ بولۇپ ، ئىزا - ئاھانەت ئىچىدە فرونتتىن چېكىنىپ كېتىسەن . خاتالىق ، يامانلىق مەڭگۈ ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ رەقىبى بولالمايدۇ . رەقىبىڭىزنىڭ ئالدى بىلەن ئەڭ ياخشىسىنى قولغا ئېلىۋالغانلىقى ئۇنىڭ مەككارلىقىدىن . سەن ئەگەر ئەڭ يامان تەرەپنى ئاقلاپ تۇرۇۋالساڭ ، ھاماقەت بولغان بولىسەن . ھەرىكەتتىكى تەتۈرلۈك گەپ - سۆزنىڭ قاتتىقلىقىدىنمۇ بەكرەك خەۋپلىك بولىدۇ ، چۈنكى ئىش قىلىشنىڭ خېيىمخەتىرى ئېغىزدا گەپ قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ . تەرسا ئادەم چاكىنىلىقنى ، بىلىمسىزلىكنى ئاساس قىلىپ ، رەددىيە بېرىشكە خۇشتار بولۇپ ، ھەقىقەتتىن ۋاز كېچىدۇ ، بەس - مۇنازىرىگە بېرىلىپ كېتىپ نەتىجىگە سەل قارايدۇ ؛ ئېھتىياتچان ئادەم ياكى ئەقلىنىڭ پايدىسىنى ئالدىن كۆرەلەيدۇ ، ياكى ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەيدانىنى تۈزىتىپ بارىدۇ ، ھامان ھېسسىياتنى دوست تۇتماي ، ئەقىل بىلەنلا ئىتتىپاق تۈزىدۇ . ئەگەر سىزنىڭ رەقىبىڭ ئەخمەق بولسا ، ئۇ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىدۇ ، مەيدانىنى ئالماشتۇرىدۇ ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى بۇزۇۋېتىدۇ . سەن ئالدى بىلەن ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىۋالساڭ ، ئۇنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرەلەيسەن . ئۇنىڭ ئەخمەقلىكى ئۇنى ئۆز ئۇستۇنلۇكىدىن ۋاز كەچتۈرىدۇ ، ئۇنىڭ جاھىللىقى بولسا ئۇنى خانىۋەيران قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ .

143

# چاكىنىلىقتىن خالىي بولمەن، دەپ
# نەيرەڭۋازلىق قىلماسلىق كېرەك

چاكىنا ئادەت بىلەن ھىيلە - نەيرەڭ ئابرۇيغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئىز- زەت - ھۆرمىتىمىزگە خەۋپ يەتكۈزىدىغانلىقى ئىش ئەخمىقانىلىك بولىدۇ. ھىيلە - نەيرەڭ بىر خىل ئالدامچىلىقتۇر. دەمال ئاڭلىماققا تولىمۇ ئورۇنلۇق- تەك قىلىدۇ ھەمدە ئۇ تەسىرى، يېڭىلىقى بىلەن ئادەمنى دەككە - دۈككىگە سالىدۇ، لېكىن ھايال ئۆتمەيلا ساختىنا نىقابى ئېچىپ تاشلانغان ھامان ئۆز - ئۆزىدىنلا رەسۋا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ساختىلىقىنىڭ شۇ قەدەر سېھـــرىي كۈچى باركى، سىياسىي جەھەتتە دۆلەتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارالايدۇ.

ئەخلاق ۋە پەزىلەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۆزگىچىرەك تۇرىدىغان ئا- دەمنى يولسىزلىق بىلەن يۈز ئۆرۈيدىغان ھىيلە - نەيرەڭ يولىغا ماڭغۇزۇپ، ئەخمەق - كالۋالارنى چەكسىز دەرىجىدە ھەيران قالدۇرۇش ئارقىلىق ئاقىل- لارنى ئالدىن بىلگۈچى ۋە ئالدىن سەزگۈچى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ھىي- لە - نەيرەڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە سۆز - ھەرىكەتتىكى ئېھتىياتچانلىقنىڭ قائىدىسىنىمۇ بىل- مەيدۇ. ئۇ ساختا - ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە تۇتۇرۇقسىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ ھەمدە غۇرۇرىنى خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

## 144

# ئىشنى يول قويۇشتىن باشلاپ ، غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتۇر

بۇ تەدبىر سىنى ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىۋېلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ ، ھەتتا جەننەتكە كىرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش بولغان تەقدىردىمۇ . خرىستىئان ئۆلىمالىرىمۇ تەڭرى ئاتا قىلغان مۇشۇ ئەپلىك چارىنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ . بۇنداق يوشۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ، چۈنكى سەن شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئىگىلىۋالىسەن . ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلگەن بولۇۋالىسەن ، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن يول ئېچىۋالىسەن . ئىش قىلىشتا ھەرگىز باش ـ ئايىغىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتمە ، ئالاقزادىلىشىپ قالايمىقان بولۇپمۇ كەتمە . خەۋپ ـ خەتەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشتا تېخىمۇ شۇنداق بولۇش كېرەك . ئېغىزىنى ئاچا ـ ئاچمايلا « ياق » دېگەن ئادەمدىن تولىمۇ پەخەس بولۇش كېرەك . ئەڭ ئۈستۈن تۇرىدىغان ياخشى تەدبىر : ئۆزىڭنىڭ غەرىزىنى يوشۇرۇپ ، ئۇلارنى « ھەئە » دېيىشتە بىرەر قىيىنچىلىق يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇپ قويماسلىقىڭ كېرەك ، بولۇپمۇ سەن ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگىنىڭدە تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك . بۇ پەند ـ نەسىھەتنى غەرىزىنى يوشۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەند ـ نەسىھەت بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا بولىدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشاش نازۇك ۋە زىل ماھارەت كېرەك .

## 145

# يارىلانغان بارمىقىڭنى چىقارما ، بولمىسا ئۇ ئۆيەر - بۇيەرگە تېگىپ كېتىدۇ

ھەرگىز ئاغرىنىپ دەرد تۆكمە . بەتتام ھامان بىزنىڭ ئاغرىيدىغان يېرىمىزگە ياكى ئەڭ ئاجىز يېرىمىزگە توغرىلانغان بولىدۇ . سېنىڭ كۆڭلۈڭ سوۋۇغان ، روھىي كەيپىياتىڭ سۇلغۇن ھالىتىڭ باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، خالاس . يامان غەرەز ھەمىشە چارە - تەدبىر ئويلاپ سېنىڭ ئاچچىقىڭنى كەلتۈرىدۇ ، ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ سېنىڭ جاراھەتلەنگەن يېرىڭنى تاپىدۇ ھەمدە تۈرلۈك ئاماللار بىلەن يارىڭغا نەشتەر سانجىيدۇ . ئەگەر سەن ئاقىل بولساڭ ، يامان غەرەزلىك بېشارەتلەرگە پىسەنت قىلماسلىقىڭ كېرەك ھەمدە ئۆزۈڭنىڭ ئەلەملىرىنى ياكى ئائىلە جەمەتىڭنىڭ ئەندىشىنى مەھكەم يوشۇرۇۋېلىشىڭ كېرەك . چۈنكى تەقدىر ئىلاھىمۇ بەزىدە سېنىڭ جاراھىتىڭگە چېقىلىشقا ئامراق كېلىدۇ ، يەنە كېلىپ بەدىنىڭنىڭ تېرىسى ئېچىلىپ قالغان يېرىنى قوچۇيدۇ . ئۇنداق قىلمىشلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلسۇن ، ئۇنى تۈگىسۇن دېسەڭ ، سەن ئۆز نەزىرىڭدە نومۇس دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ياكى سېنى ئىلھاملاندۇرۇۋاتقان ، رىغبەتلەندۈرۈۋاتقان نەرسىلەرنى تۈگەل بىلىندۈرمەي ئوبدان يوشۇرۇۋال .

## 146

# تېگىگە يېتىپ ، ماھىيەتنى كۆرۈش كېرەك

دۇنيانىڭ ئىشلىرى كۆپىنچە كۆرۈنۈشى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ ، بىلىمسىز - نادانلار ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىنىلا كۆرىدۇ ؛ كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭ تېگىگە يەتكەندىن كېيىن بىردىنلا خىيالدىن ئويغىنىدۇ . كۆللى شەيئى ، كۆللى ئىشتا ئالدامچىلىق ئالدىن يۈرىدۇ ، نادان - ئەخمەقلەرنى ئۆزىگە يېقىن ئەگەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن پەس ، ئادەتتىكىچە ھالىتىنىلا كۆرسىتىدۇ . ھەقىقىي ئەينى ھالىتى كۆپ ھاللاردا ئالدىرىماي كېچىكىپ كېلىدۇ ، ۋاقىت بىلەن بىللە دەلدەڭشىپ ماڭىدۇ - دە ، ھەممىدىن كېيىن پەيدا بولىدۇ . ئېھتىياتچان ، پەخەس ئادەملەر تەبىئەت ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئىككىدىن قۇلاق ئاتا قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىشنى بىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ھەقىقەتكە قۇلاق سېلىشقىمۇ كۆڭۈل قويۇپ بارىدۇ . ئالداش يۈزەكى بولىدۇ ، ئەمما پۇچەك ئادەم تېخى ھەدەپ ئۇنىڭغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەلپۈنۈپ پايپېتەك بولۇپ كېتىدۇ . ھەقىقىي ھالەتنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن دالدىغا ئۆتۈپ يوشۇرۇن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ ، شۇ سەۋەبتىن ، ئەقىللىقلەر بىلەن ئېھتىياتچان كىشىلەر ھۆكۈم قىلىشقا زادى ئالدىرىمايدۇ .

## 147

# يېقىنلىشىش قىيىن بولۇپ قالمىسۇن

بەزى سەممىي نەسىھەتكىمۇ ھاجىتى چۈشمەيدىغان دەرىجىدە مۇكەممەللىشىپ كەتكەن ھېچقانداق ئادەم يوق . باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالمايدىغان ئادەم قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ھالەتتىكى ھاماقەت ھېسابلىنىدۇ ، ھەتتا ھەممىدىن بەك ئالاھىدە ئىش كۆرەلەيدىغان ئادەممۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان سەممىي نەسىھەتنى ئېتىبارغا ئېلىشى كېرەك . ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خان ئالىيلىرىمۇ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ . بەزى كىشىلەرگە يېقىنلاشماق قىيىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن خۇيىنى ئۆزگەرتىشمۇ تەس ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەمىشە مۇدۇرۇپ كەتكەندە ھېچكىم يېقىنلىشىپ كېلىپ يۆلەپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقتىن يىقىلىپ چۈشىدۇ . ھەرقانچە قاتماللىشىپ كەتكەن تەرسا ئادەممۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان ياردەمنىڭ كىرىشى ئۈچۈن دوستلۇق ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇشى كېرەك . بىز ھەممىمىز بىزگە قىلچە قورۇنماستىن كايىپ ۋارقىرىيالايدىغان ، سەممىي نەسىھەت بېرەلەيدىغان چىن دوستقا موھتاجمىز . بىز ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىمىز ، ئۇنىڭ سەممىيىتىگە ۋە ئېھتىياتچانلىقىغا ھۆرمەت قىلىمىز ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق نوپۇزنى بېرىمىز . بىز ئىززەت ۋە ئابرۇيىنى ھەرگىز كىشىلەرگە كەلسە - كەلمەس ئىشلەتمەيمىز ، شۇنداقتىمۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن بىزنى چۈشىنەلەيدىغان سىرداشىمىزنىڭ ئەينەك بولۇپ بېرىشىگە چىن قەلبىمىزدىن موھتاجمىز . ئەگەر مۇشۇ ئەينەكنى قەدىرلەيدىغان بولساق ، شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئالدىنىشتىن خالىي بولالايمىز .

148

## گەپ ـ سۆزگە ماھىر بولۇش كېرەك

سۆھبەتلىشىش سەنئىتى ئادەمنىڭ ھەقىقىي ئەخلاقىنى ئۆلچەيدىغان مىزان ھېسابلىنىدۇ . ئىنسانلار پائالىيىتى ئىچىدە شۇ قەدەر ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك بولغان « سۆھبەتلىشىش »تىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاددىي نەرسە يوق . لېكىن ، بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىز ، مەغلۇپ بولۇشىمىز ياكى يېڭىش - يېڭىلىشىمىز پۈتۈنلەي شۇنىڭغىلا باغلىق . خەت ـ چەك — چوڭقۇر ، ئەتراپلىق ئويلىنىشقا ۋە قەلەمگە مۇراجىئەت قىلىدىغان سۆھبەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولغىنىمىز تۈزۈك ؛ ئەمەلىي سۆھبەتتە تېخىمۇ پەخەس بولۇشىمىز كېرەك ، چۈنكى ئېھتىياتچان بولۇش- بولماسلىق دەرھاللا سىناقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ . ھەقىقىي كەسپ ئەھلى بىرەرسى تىلىنى مىدىرلاتقان ھامان ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئىگىلىۋالالايدۇ . دانىشمەنلەر : « سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولىدۇ » دېگەنىكەن . بەزى ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ، سۆھبەتلىشىش سەنئىتى گويا كىيىم ـ كېچەك كىيگەندەك ئەركىن ، ئىختىيارىيلا تۈيۈلىدىغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا تىلغا ئالغۇچىلىك ھېچقانداق سەنئەت بولمايدۇ . بۇنداق ئەھۋال دوستلار ئارا پاراڭلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ ؛ تېخىمۇ نازۇك ئاتموسفېرادىكى سۆھبەت تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇپ ، ئۇنىڭدا ھەر مىنۇت ـ ھەر سېكۇنتتا كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ۋە ئېنىق چۈشەنچىسى ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ . سۆھبەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئۆزىنى تەڭشەپ قارشى تەرەپنىڭ مىجەزى

ۋە پاراستى بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىم هاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى ، هەرگىز خەقنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئىپادىلەش جەھەتلىرىدىن زىيادە قۇسۇر ئىزدىمەسلىك كېرەك ، بولمىسا « گراممانىكا قارىسى » دېگەن گۇمانغا قالسەن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ناچار ھېسابلىنىپ ، « جۈملە تەكشۈرگۈچى » دەپ قارىلىپ قالىسەن . شۇنداق قىلىپ ، باشقىلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىپ سەندىن يىراقلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىسەن - دە ، سەن سۆھبەتلىشىدىغان ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلىنغان گەپ - سۆز توختىماي سۆزلەيدىغان سۆز قابىلىيىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم .

149

## ئەيىبنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش

مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغاندا ، يامان نىيەتلىك بەتنامالاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ ، مانا بۇ باشقىلارنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىلانە تەدبىرىدۇر . مەغلۇپ بولۇش سەۋەبى بىلەن پەيدا بولغان تاپا ـ تەنە ۋە ئۆسەك سۆزلەرنىڭ ھۇجۇمنى باشقىلارغا قارىتىپ قويۇش سىنىڭ ئاجىزلىقىڭدىن بولمايدۇ : گەرچە يامان غەرەزلىك كىشىلەر شۇنداق دەپ قارىمىسىمۇ . ئەمەلىيەتتە ، سىنىڭ ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشۇڭ جاھاندارچىلىقنىڭ يۈكسەك ماھارىتى ھېسابلىنىدۇ . ھەممىۋا ئىشىڭنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ، ھەممىۋا ئادەمنىڭ سەندىن رازى بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . شۇنداق بولغانىكەن ، باشقىلارنىڭ قۇربانى بولغۇچىدىن بىرنى تاپ ، ئۇنىڭ قارا نىيىتى ئۇنى ئاۋامنىڭ ھۇجۇم نىشانىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

## 150

# مېلىڭىزنى سېتىشتا ماھىر بول

ئىچكى پەزىلەتلا بولغان بىلەن كۇپايە قىلمايدۇ ، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىچكى قىممەتنى ئاقىلانىلىك بىلەن قەدىرلىشى ياكى ئۇنىڭغا ئىنتىلىشى ناتايىن . كىشىلەر كۆپ ھاللاردا كۆپچىلىككە ئەگىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ : خەق قايانغا يۈرسە ، خەقنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇ يانغا يۈرىدۇ . بىرەر نەرسىنىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈشكە يۈكسەك ماھارەت كېتىدۇ : ئۇنى ماختىسىمۇ بولىدۇ ، چۈنكى بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان زوقىنى قوزغايدۇ ؛ بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا چىرايلىق ناملار بىلەن تاج كىيدۈرسىمۇ ( ئەمما ياسالمىلىقتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك ) بولىدۇ . يەنە بىر خىل چارە : كەسىپ ئەھلى بولغانلارغىلا سېتىپ بېرىمەن دېيىش . چۈنكى ھەممە ئادەم ئۆزىنى ھەقىقىي كەسىپ ئەھلى دەپ ئىشىنىدۇ ، راست كەسىپ ئەھلى بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىنى خالايدۇ . مېلىڭىزنىڭ ئادەتتىكىدەك نورمال ئىكەنلىكىنى كۆپتۈرۈپ ماختاپ قالما ، ئۇنداق قىلساڭ ، ئۇنى قوپال ۋە قولغا كەلتۈرۈش ئوڭاي قىلىپ كۆرسىتىپ قويغان بولىسەن . ھەممە ئادەم باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بولۇشنى قوغلىشىدۇ ، باشقىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە بولغاندا ھەم قىزىقىشى نەپىس بولغان كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگىلى ، ھەم ئەقىل - بىلىمى ئادەتتىكىدەك بولمىغان ئادەملەرنىمۇ جەلپ قىلغىلى بولىدۇ .

## 151

# ئۇزاقنى كۆزلەپ چوت سوق

بۈگۈن ئەتىنىڭ غېمىنى قىلىش ، ھەتتا كۆپرەك كۈننىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك . ئەڭ ئاقىلانە يىراقنى كۆرەرلىك — سۇ كەلگۈچە توغان سېلىشتىن ئىبارەت . ئالدىن ئەسكەرتىش بېرىلگەنلىكى ئىشتا كاچ تەلەيىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش بولمايدۇ ؛ ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغانلىقى ئىشتا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ . قىيىنچىلىق باشقا كەلگەندە ئاندىن ئەقىل ئىشلىتىمەن دېمەي ، تېخى باشقا كەلمىگەن قىيىنچىلىقنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلىتىش كېرەك . قىيىنچىلىق باشقا كەلگەندە يەنە چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ . ياستۇق زۇۋانى يوق ئايال داخاندۇر ، كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ ئۇخلىيالماي قالغاندىن كۆرە ، ئىشنى پۈتتۈرۈۋېتىپ ئاندىن پۇخادىن چىققۇدەك ئۇخلىۋالغان مىڭ ياخشى . بەزى كىشىلەر ئىشنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئويلىنىدۇ . ئۇنداق قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ نەتىجىسى ئۈستىدە ئىزدەنمەي ، مەغلۇپ بولغانلىقىغا بانايى - سەۋەب ئىزدىگەنلىك بولىدۇ . يەنە بەزى كىشىلەر ئىشنىڭ ئالدىدىمۇ ، كەينىدىمۇ زادى ئويلىنىپ باقمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ ھاياتى توختاۋسىز پىكىر قىلىپ ئويلىنىش ئارقىلىق نىشانغا يېتىشتە ئىپادىلىنىدۇ . ئىشتا يىراقنى كۆرۈش ، بېرەر ئىشقا يولۇققاندا يەنە چوڭقۇر ، ئەتراپلىق ئويلىنىش ، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىشتىن ئىبارەت ئۇزاقنى كۆزلەپ چوت سوقۇشتۇر .

## 152

# تالانتىڭنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغانلار بىلەن ئۈلپەت بولما

مەيلى ئۇلار ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلار بولسۇن ياكى ئۇلار پەس - ئىقتىدارسىز بولسۇن ، سەن شۇنداق قىل . قانچە مۇكەممەل ئادەم كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە شۇنچە سازاۋەر بولىدۇ . ئەگەر باشقىلار ھەمىشە ئالچاڭلاپ ئالدىڭدا كەتكەن ، سەن ئۇلارنىڭ توزۇتقان توپا - چاڭلىرىدا پوسۇرلاپ ماڭغان بولساڭ ، شۇ ھالەتتە سەن كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىنىڭدىمۇ ، ئۇنداق ئىززەت - ھۆرمەت قالدى - قاتتىلاردىنلا ئىبارەت بولىدۇ . تولۇن ئاي ئاسمان قەرىدە تۇرغاندا كۆللى يۇلتۇز بىلەن شۆھرەت تالىشىدۇ ، نۇرلۇق قۇياش بالقىغان ھامان ئاي بىردىنلا چاقناشتىن قالىدۇ ، ھەتتا چورتلا يوقىلىپمۇ كېتىدۇ . شۇڭا ، سېنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدىغان كىشىلەرگە يولىماي ، سېنىڭ سەلتەنىتىڭگە ماسلىشىپ بېرەلەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئۈلپەت بول . ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بىئاراملىق تېپىۋالما ، ئۆزۈڭنى سۇندۇرۇپ ، خەقنىڭ شەرىپىنى ئاشۇرۇپمۇ يۈرمە . ياش - ئۆسمۈرلۈكتە چىرايلىق ، ئەقىللىقلار بىلەن كۆپرەك دوست بول ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ئۈلپەت بول .

153

# كىمكى ئادەملەر قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇقنى تولدۇرسا

بۈيۈكلەر قالدۇرۇپ كەتكەن بوشلۇقنى تولدۇرماق قىيىن. ئەگەر شۇنداق قىلمىساق بولمايدىغان بولسا، ئۆزىمىزنىڭ تېخىمۇ زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاشۇ ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىگە ئالساق بولىدۇ. ئىلگىرىكى كىشىلەر بىلەن كۆز مەنزىرىسىنى تەڭ بۆلۈشۈش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ھەسسىلەپ ئارتۇق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش كېرەك. كىشىلەرنىڭ ساقلىغۇچىلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك زوقلىنىشى ئۈچۈن زېھنىنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ شان- شەرىپى ئالدىدا چېكىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئەپچىل تەدبىر ۋە يۈكسەك ماھارەت بولۇشى كېرەك. كەڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئاسان ئەمەس، چۈنكى كىشىلەر ھەمىشە قەدىمكىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقىنى ئەيىبلەيدۇ. ئىلگىرىكى كىشىلەر بىلەن تەڭ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى ئالدىنقىلار مەنزىرىنى ئىگىلەپ بولغان بولىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ نۇر ھالقىسىنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن، ئادەتتىن تاشقىرى تالانت بولۇشى كېرەك.

## 154

# ئاسان ئىشىنىپ كەتمە، ئاسان قوبۇل قىلما

ئوبدان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ . سەپسەتە كۆزگە سىڭىپ قالغانىكەن ، ئۇ ھالدا ئاسان ئىشىنىپ كېتىش ئەتىۋارلىق بولۇپ قالىدۇ . ئالدىراپلا ھۆكۈم قىلىپ قويۇش ئادەمنى كۆپ ھاللاردا مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ھەمدە ئۇ شۇ يىقىلغان بىلەن ئورنىدىن تۇرالماس قىلىپ قويىدۇ . لېكىن ، باشقىلارنىڭ سەممىيىتىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق گۇمان قىلىشقىمۇ بولمايدۇ . سەن مەلۇم بىرەيلەننى يالغانچى دەپ قارىساڭ ياكى ئۇنى ئالدام خالتىغا چۈشۈپ كەتتى دېسەڭ ، ئۇ ھالدا سەن ئۇنىڭ ئازابلىنىشى ئۈستىگە يەنە بىرنەچچە ئۆلۈش ھاقارەتنى قوشقان بولىسەن . ئۇنداق قىلىش بىلەن يەنە تېخىمۇ چوڭ يوشۇرۇن ئاپەتنى پەيدا قىلغان بولىسەن : باشقىلارغا ئىشەنمەسلىكلىك ئۇنىڭدا سېنىڭ سەممىيلىكىڭگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلىدۇ . يالغانچىلار ئىككى ياقتىن ئازابلىنىدۇ : ئۇ ھەم باشقىلارغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ ، ھەم باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئېھتىياتچانلىق بىلەن قۇلاق سالغۇچىلار بىر ئىشقا ئالدىراپلا ھۆكۈم قىلىۋەتمەيدۇ . خۇددى قەدىمكى رىملىق بىر يازغۇچى① بىزگە نەسىھەت قىلغىنىدەك : ھەتتا مۇھەببەت پاتقىقىغىمۇ ئالدىراپلا پېتىپ قالماسلىق كېرەك . كىشىلەر گەپ - سۆزدە يالغانچىلىق قىلسىمۇ ، بىرەر ئىشتا يالغانچىلىق قىلسىمۇ بولىدۇ ، كېيىنكى بىر خىل ئالدامچىلىقنىڭ خەۋپ - خەتىرى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ .

① رىملىق مەشھۇر ناتىق سىتسىرونى دېمەكچى — ت

## 155

# قاتتىق ھاياجىنىڭنى تىزگىنلەشكە ماھىر بول

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىدىغان قاتتىق ھاياجانلىنىشنى پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق مۇمكىنقەدەر ئالدىن كۆرۈش كېرەك ، بۇنى ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرگۈچىلەر ئاسانلا قىلىپ كېتەلەيدۇ . كۆڭۈل ئارامىدا بولمىغان چاغدا ، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىش مانا مۇشۇنى تونۇپ يېتىشتىن ئىبارەت . ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تىزگىنلەپ تۇرۇپ ، ئاندىن قەتئىي نىيەت بىلەن ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك . مانا مۇشۇنداق ئاقىلانە يوسۇندىكى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى بولغاندا ئاچچىقنى تېزلا بېسىۋالغىلى بولىدۇ . غەزەپنى بېسىۋېلىشنىڭ ئۇسۇلىنى بىلىپ ، مۇۋاپىق پەيتتە ئۇنى جىمىقتۇرۇش كېرەك : يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا توختاش ناھايىتى تەس ؛ دەرغەزەپكە كەلگەندە كاللىسىنى سەگەك تۇتۇۋېلىشمۇ ئوخشاشلا تەس . زىيادە ھاياجانلانغاندا ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدۇ . غەزەپلىنىشكە مۇشۇنداق سەزگۈرلۈك بولغاندا ، غەزەپلىنىش سەۋەبى بىلەن ئۆزۈڭنى باشقۇرالمايدىغان ھالەتكە بېرىپ قالمايسەن ، ئوبدان پەرق ئېتىش ئىقتىدارىڭمۇ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ . كەيپىياتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرغاندا ، ئۇنى ئوبدان تىزگىنلىگىلى بولىدۇ .

## 156

# دوست تاللاش

دوست تاللاشتا ئەتراپلىق تەكشۈرۈشلەردىن ، تەقدىرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنىڭ ئىرادىسى ياكى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئۈستىدىمۇ ئالدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ـ ئەرزىمەيدىغانلىقىغا قاراش كېرەك . مانا بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتا غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر ، لېكىن ئادەملەر بۇنىڭغا ئانچە كۆپ كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ . گەرچە بىھۇدە ئىشلارغا ئارىلىششىمۇ دوستلۇق ئېلىپ كېلەلىسىمۇ ، لېكىن دوستلۇقنىڭ كۆپىنچىسى ساپلا پۇرسەتكە باغلىق بولىدۇ . كىشىلەر دوستلىرىڭغا قاراپ سېنىڭ ئادىمەتچىلىكىڭگە ھۆكۈم قىلىدۇ . ئاقىل مەڭگۈ نادان بىلەن ئۈلپەت بولمايدۇ . مەلۇم ئادەم بىلەن ئۈلپەت بولۇشنى ياقتۇرۇش ئۆزىنىڭ يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ . بەزىدە بىز بىرەرسىنىڭ ئىستېداتىغا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىسەكمۇ ، ئۇنىڭ يۇمۇرلۇق تۇيغۇسىغا يۇقىرى باھا بېرەلەيمىز . بەزى دوستلۇق دېگەندەك ساپ بولمىسىمۇ ، لېكىن خۇشاللىق بەخش ئېتەلەيدۇ ؛ بەزى دوستلۇق چىن ، ھەقىقىي ، مەزمۇنى مول بولىدۇ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرەلەيدۇ . بىر دوستنىڭ بىلىمى كۆپلىگەن ئادەمنىڭ بەخت تىلەشلىرىگە قارىغاندا بەكرەك قەدىرلىك بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن خالىغانچىلا مۇناسىۋەت ئورناتماي ، دوستنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاش كېرەك . ئەقىللىق دوست ئادەمنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلسا ، ئەخمەق دوست ئادەمنىڭ بېشىغا دەرد ـ ئەلەم كەلتۈرىدۇ . ئۇنىڭدىن قالسا ، ئەگەر دوستلۇقنى ئۇزاققىچە داۋاملاشسۇن دېسەڭ ، دوستلىرىڭنىڭ ئەمەل تۇتۇپ ، باي بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلما .

## 157

# ئادەملەرنى خاتا تونۇپ قالما

ئەگەر قاتتىق ئالدىنىپ قېلىشمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشمەيدۇ. مالنىڭ سۈپىتى جەھەتتە ئالدىنىپ قالغاندىن كۆرە مالنىڭ باھاسىدا ئالدىنىپ قالغان ياخشىراق. بۇنداق ئىش ھەممىدىن بەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مالنى پەرقلەندۈرۈش بىلەن ئادەمنى تونۇش ئوخشاش بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ مىجەزىنى ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇلۇغ سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنى تەتقىق قىلىپ چۈشىنىش ئۈچۈن، بىرەر كىتابنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىققاندەك تېگىگە يېتىپ چۈشىنىش كېرەك.

## 158

# دوستلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك

بۇنىڭ ئۈچۈن ماھارەت ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بولۇش كېرەك . بەزى دوستلارنىڭ يېقىندا بولغىنى ياخشى ، بەزى دوستلار بىلەن يىراقتا تۇ-رۇپ ئالاقىلىشىشكە توغرا كېلىدۇ . پاراڭلىششقا ئۇستا بولمىغان دوستنىڭ خەت يېزىشتا ئارتۇقچىلىقى بولۇشى مۇمكىن . ئارىلىق ئۆزىنىڭ يېنىدىلا بول-غاندا چىداپ تۇرۇشقا ئامال بولمايدىغان كەمتۈكلۈكنى تۈگىتەلەيدۇ . دوست تېپىشتا كۆڭۈل ئېچىشنىلا قوغلىشىش مۇۋاپىق ئەمەس ، ئەمەلىي پايدىسى بو-لۇشنىمۇ كۆزلەش كېرەك . بىر دوست ھەممىگە باراۋەر بولىدۇ . دۇنيادىكى ھەرقانداقلىكى بىر گۈزەل شەيئىنىڭ ئۈچ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولىدۇ ، دوست-لۇق ئاشۇ ئالاھىدىلىك بولغان چىنلىق ، ياخشىلىق ۋە بىرلىشنى ئۆزىگە مۇ-جەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ . دوستنىڭ ياخشىسىنى تاپماق تەس ، تاللىمىغاندا تاپماق تېخىمۇ تەس بولىدۇ . كونا دوستنى ساقلاپ قېلىش يېڭى دوست تې-پىشتىنمۇ بەكرەك مۇھىم . دوست ئۇتقاندا ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇشنى كۆزلەش كېرەك ، مۇۋاپىق كىشىنى تاپالىغاندا ، ئۇ بۈگۈن يېڭىدىن تېپىشقان دوست بولسىمۇ ، كېلەر يىلى قەدىناس دوست بولۇپ قالىدۇ . ۋاقىتلار ئۆتكەنسېرى يېڭىدەك تۇيۇلىدىغان ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى بىرلىكتە تېتىيالاي-دىغانلار ئەڭ ياخشى دوست ھېسابلىنىدۇ . دوستسىز كىشىلىك تۇرمۇش چۆل - جەزىرىگە ئوخشايدۇ . دوستلۇق خۇشاللىقنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىدۇ ، ئازابنى تەڭمۇتەڭ ئازايتىدۇ ؛ ئۇ بەختسىزلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ياخشى چارىسى ، شۇنداقلا يۈرەكنى ياشارتىدىغان ئېسىل شارابتۇر .

159

# ھاماقەت ئادەملەرگە قانداق كۆنۈشنى بىلىش كېرەك

ئاقىللار ھەممىدىن بەك تاقەتسىز بولىدۇ ، چۈنكى بىلىم ئۇلارنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى ئازايتىۋېتىدۇ . بىلىمى مول ئادەملەرنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشىغا يارىمىقى ناھايىتى تەس . ئېپىكتېتىسنىڭ بىزگە ئەسكەرتىشىچە ، تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم : ھەممىگە قانداق چىداشنى بىلىشتە ، ئىكەن . ئۇنىڭ قارىشىچە ، بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ يېرىمى چىنلىقى ھېسابلىنىدىكەن . ھاماقەتكە چىداشقىمۇ ناھايىتى زور سەۋر ـ تاقەت كېرەك . بەزى چاغلاردا بىزنى تازا ئازابقا سالغان ئادەم دەل بىز ھەممىدىن بەك تايىنىدىغان ئادەم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ، مانا بۇ بىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ . سەۋر قىلىش مۆلچەرلىگۈسىز ئىچكى خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ ؛ ئىچكى خاتىرجەملىك بولسا بۇ ئالەمدىكى بەخت ـ سائادەتتۇر . باشقىلارغا قانداق كۆنۈشنى بىلمىگەن ئادەم ئەگەر ئۆزىگە چىدىيالايدىغان بولسا ، ئەمسە ئۆزىلا ئايرىم ياشىسۇن .

## 160

# گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك

رەقىب بىلەن سۆزلەشكەندە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك ؛ باشقا كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە بولسا غۇرۇر بولۇش كېرەك . گەپنى ئېغىزدىن چىقارماق ئاسان ، ئەمما ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس . گەپ قىلىش ۋەسىيەت يازغانغا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭدا سۆز ـ ئىبارە قانچە ئاز بولسا ، دەۋا شۇنچە ئاز بولىدۇ . ئۇششاق ئىشلاردا گەپ ـ سۆزدە دىققەت قىلغاندا ، چوڭ ئىشقا يولۇققاندا دەرھال تەبىئىي تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ . مەخپىيەت مۇقەددەس تۇيغۇغا ئىگە . ئاغزى ئىتتىك ئادەم ناھايىتى ئاسان مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ .

## 161

# ئاشلىشۋېتىش تەس نۇقسانلىرىڭنى چۈشەن

ھەرقانچە مۇكەممەل ئادەمدىمۇ نۇقسان بولىدۇ . نۇقسان نېمە سەۋەبتىن خۇددى ئادەمنىڭ سايىسىگە ئوخشاش ئەگىشىپلا يۈرىدۇ ؟ ئەقىل - پاراسەتنىڭ نۇقسانى بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيىتى قالتىس ئادەملەرنىڭ نۇقسانلىرى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ — ياكى ھەممىدىن بەك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . بۇ نۇقسانلارنى ئۇنىڭ ئۆزى سەزمىگەنلىكىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ئاشۇ نۇقسانلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن شۇنداق بولىدۇ . بۇ ، ئىككى خىل يامانلىقنىڭ بىر يەرگە قوشۇلۇشى بولۇپ ، نۇقسانغا يەنە ئاقلانە بولمىغان مۇھەببەت باغلىغانلىقتۇر . ئۇلار مۇكەممەل ئادەمنىڭ يۈزىدىكى قارا داغ ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار كىشىنى بىزار قىلىدۇ ، لېكىن بىز ئۇنى گۈزەللىك خالى دەپ قارايمىز . مانا بۇ ئۆزى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ باتۇرانە ئۇسۇلىدىن ئىبارەت . كىشىلەر باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا ماھىر كېلىدۇ . ئۇلار سىنىڭ ئىستىبداتىڭغا ئاپىرىن ئېيتمايدۇكى ، نۇقسانلىرىڭغىلا دىققەت قىلىدۇ ھەمدە شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ، باشقا ئەقلىي قابىلىيەتلىرىڭنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ .

162

# ھەسەتخورلۇق ۋە يامان غەرەزدىن غالىب كېلىش كېرەك

ھەسەتخورلۇق بىلەن يامان غەرەزگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىشنىڭ ھېچ- قانداق پايدىسى يوق ؛ كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغىنىڭىزدا ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ . سىزنىڭ زىتىڭىزغا تەگكەن ئادەمنىڭ- نى ماختاشتىنمۇ بەكرەك كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان نەرسە بولمايدۇ ؛ ئۆچ- تارلىق بىلەن قىلىنغان ھەسەتخورلۇق ئۈستىدىن دانىشمەنلىك ۋە پەزىلەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىشتىنمۇ بەكرەك كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان نەرسە بولمايدۇ . سىزنىڭ ھەر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىز ساڭا يامان غەرەزدە بولغان ئادەمنىڭ ئازابلىنىشلىقىنىڭ بولىدۇ ؛ سىزنىڭ ھەر قېتىملىق شان - شەرە- پىڭ سىزنىڭ رىقابەتچى رەقىبىڭ ئۈچۈن بىر قېتىملىق قاقشاتقۇچ زەربە بولىدۇ . ئەڭ ئۇلۇغ جازالاش : مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى زەھەرلىك دورا قىلىشتىن ئىبارەت . كۆڭلىگە ھەسەتخورلۇقنى پەۋەس قاچىلىۋالغان ئادەمگە رىقابەتچى رەقىبى بىر قېتىم مۇۋەپپەقىيەت قازانسا ، بىر قېتىم جازالاش بو- لىدۇ . ھەسەت قىلىنغان ئادەم مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋەرسە ، ھەسەت قىلغۇچى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك جازالاش بولىدۇ . مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش چاقى- رىقى بىر تەرەپتىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ شان - شەرىپىنى مەدھىيىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ھەسرەت ئازابىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاش بولىدۇ .

## 163

# ئارتۇقچە ھېسداشلىقنىڭ سېنى ھېسداشلىق قىلىنغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىغا يول قويما

بەزى كىشىلەر بەختسىزلىك دەپ ھېسابلىغان ئىشنى باشقىلار بەختلىك ئىش دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن . ئەگەر كۆپ سانلىق كىشىلەر بەختلىك بولمىغان بولسا ، بىر كىشى ئۆزىنى قانداقمۇ بەختلىك دېيەلىسۇن ؟ بەختسىزلىك كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىدۇ ؛ بىز ئەقدىر باشقىلارنىڭ ۋۇ- جۇدىدا قالدۇرغان جاراھەتنى ئورۇنسىز كەڭ قورساقلىق بىلەن ساقايتماقچى بولىمىز . ئۆتمۈشتە ھەممە كىشى ھەسەت قىلىپ ئۆچ بولۇپ يۈرگەن كىشى ئۇشتۇمتۇتلا ھەممەيلەننىڭ ھېسداشلىق قىلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى كىشىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ئىچ ئاغرىتىشقا ئاي- لاندۇرۇپ قويىدۇ . ئادەم ناھايىتى زېرەك بولغاندا ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلەلىيدۇ . بەزى كىشىلەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرگە مەخسۇس ھېسداشلىق قىلىدۇ . بىرەر كىشى پېشكەللىككە ئۇچرىغان ھامان ، ئۇلار شۇ كىشىنىڭ قېشىغا يىغىلىدۇ ؛ ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنى قاچۇرغان ھامان ، ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ . بەزىدە بۇ كۆڭۈلدىكى بىر خىل ئالىي- جانابلىق دېيىلىدۇ ، ئەمما ماھىيەتتە ئۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس .

164

# سىناش خاراكتېرلىك خەۋەر بېرىپ باق

بىر ئىشنىڭ قوبۇل كۆرۈلۈشى ياكى رەت قىلىنىشىغا قاراشتا ، بولۇپمۇ سەن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققانلىقى ياكى ماقۇللۇققا ئېرىشكەنلىكىگە قارىتا گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولغىنىڭدا ، سىناش خاراكتېرلىك خەۋەر بېرىپ باقساڭ يامىنى بولمايدۇ ، شۇنداق قىلغاندا ، بەزى ئىشلارنىڭ ئوبدان ئۇنۇمگە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭنىڭ داۋاملىق ئىشلەش ياكى بالدۇرراق چېكىنىشنى بەلگىلىشىڭگىمۇ ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ . باشقىلارنىڭ ئوي - پىكرىنى سىناپ كۆرۈش ئارقىلىق ئېھتىياتچان ئادەم ئۆزىنىڭ مەيدانىنى تېپىۋالالايدۇ . تەلەپ ۋە ھاجەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى قارار قىلىش ۋاقتىدا بالدۇرراق ئالدىن كۆرۈش ئاقىلانە ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ .

## 165

# جەڭ قىلىشنىڭمۇ يولى بار

ئاقىلانە ئادەم ئۇرۇشقا چېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن ، لېكىن پاسكىنا ئۇرۇشقا چېتىلىپ قالمايدۇ . ئۆزگىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەرىكەت قىلماي ، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىنى ساقلاش كېرەك . رەقىبىنىڭ ئالدىدا بىمالال ۋە كەڭ قورساق بولۇش ماختاشقا ئەرزىيدۇ . جەڭ قىلىش ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ئۈچۈنلا بولماستىن ، سىنىڭ چېۋەر جەڭچى ئىكەنلىكىڭنىمۇ بىلدۈرىدۇ . ئالىيجاناب بولمىغان بويسۇندۇرۇش غەلىبە قىلىش ئەمەس ، تېز يوكۇشلا ھېسابلىنىدۇ . ئاق كۆڭۈل ئادەم دوستى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇش ھېسابىغا ئېرىشكەن قورالغا ئوخشاش رەزىل قوراللارنى ئىشلەتمەيدۇ ، ھەتتا دوستلۇق ئاخىرىدا ئۆچمەنلىك بىلەن ئاياغلاشقان چاغدىمۇ ، باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نەپكە ئېرىشۋالما . ئالىيجاناب ئادەم ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ قارا يۈزلۈك قىلمايدۇ ، ئۇنداق بولۇشى مەنئۇيىتى ئېسىل بولسا يۈزسىزلىك قىلمىشلارغا قارىمۇ قويمايدىغانلىقىدا . ئادەم ھەرقانداق جاي ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا خەلقئالەم ئالدىدا : « مەرد ـ ساپ ۋىجدان ۋە سەمىمىي ـ سادىق بولۇشتەك گۈزەل ئەخلاق بۇ دۇنيادىن ئىزسىز يوقالغان تەقدىردىمۇ ، سېنىڭ قەلبىڭدە جەزمەن ساقلىنىدۇ » دېيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك .

166

# ياخشى گەپ ـ سۆزنى ۋە ياخشى ھەرىكەت قىلغۇچىنى پەرق ئېتىش كېرەك

بۇ شۇ قەدەر نازۇك پەرقكى ، گويا سېنىڭ ئۆزۈڭنى دەپ سېنى ياقتۇرغان ۋە سېنىڭ مەرتىۋەڭنى دەپ سېنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىككى خىل دوستنى پەرقلەندۈرگەنگە ئوخشايدۇ . قەيبە سۆز بولسىمۇ ، قەيبە ھەرىكەت بولمىغان ھالدىمۇ قەيبەلىك شەكىللەنگەن بولىدۇ ، لېكىن قەيبە سۆز بولمىسىمۇ ، قەيبە ھەرىكەت بولسا ، تېخىمۇ ئەشەددىي بولغان بولىدۇ . ئادەم گەپ ـ سۆز ( ئىس ـ تۇمان ) بىلەنلا قورساق تويغۇزسا بولمايدۇ ، قائىدە ـ رەسمىيەت ( مەدەنىيەت ھەييارلىقى ) بىلەنلا جان باقسىمۇ بولمايدۇ ، ئەيىنەككە قاراپ قۇشقاچ تۇتۇش پۇتۇنلەي ساختا تۇيغۇدىنلا ئىبارەت . ساختا ئادەملا قۇرۇق گەپكە قانائەت ھاسىل قىلىدۇ . گەپ ـ سۆزنىڭ قىممىتى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى ھەرىكەت ئارقىلىق قوللاش كېرەك . يوپۇرماقلا چىقىرىپ ، مېۋە چۈشمەيدىغان دەرەخنىڭ ئادەتتە يۈرىكى ۋە يىلىكى بولمايدۇ ، ئادەم قايسى خىل دەرەخنىڭ مېۋە تۇتىدىغانلىقىنى ، قايسى خىلدىكى دەرەخنىڭ سايە چۈشۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك .

## 167

# مۇستەقىل ياشىيالايدىغان بول

قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ، باتۇر يۈرەك ئەڭ ياخشى ھەمراھ بولىدۇ . ئەگەر يۈرەك ئاجىز بولسا ، ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن بولغان ئەزانى ئىشقا سېلىش كېرەك . مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ئادەم غەم - ئەندىشە ۋە بالا - قازاغا ھەممىدىن بەك بەرداشلىق بېرەلەيدۇ ، يامان تەقدىرگە بوي ئەگمەيدۇ ، بولمىسا يامان تەقدىر ئىلاھى غالجىرلىشىپ كېتىدۇ . بىشىغا يامان كۈن چۈشكەندە ، بەزىلەر ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلالماي قالىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق چىداشلىق بېرىشنى بىلمەيدۇ ، نەتىجىدە ئۇنىڭ كۈنى بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىدۇ . ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلار ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق باش قاتۇرۇپ يېڭەلەيدۇ . سەزگۈر ۋە ئېھتىياتچان ئادەم ھەممىنى بويسۇندۇرالايدۇ ، ھەتتا يۇلتۇزلارنىمۇ ئۆزىگە مايىل قىلالايدۇ .

## 168

# ئەخمەق ، غەلىتە مەخلۇق بولۇپ قالماسلىق كېرەك

غەلىتە مەخلۇق خىلمۇخىل بولىدۇ . تۆۋەندىكىدەك قۇسۇرى بارلار ئۆ-زىنى تۇتالمايدىغان غەلىتە مەخلۇق قاتارىغا كىرىدۇ : ئابرۇيپەرەسلىك ، تەل-ۋىلىك ، تەتۈرلۈك ، خىيالپەرەسلىك ، قانائەتچانلىق ، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش ، ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىش قىلىش ، يەڭگىللىك قىلىش ، ئۆزگىچە يول تۇتۇشقا ئامراق بولۇش ، چېچىلاڭغۇلۇق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار . روھىي جەھەتتىكى غەلىتە مەخلۇق فىزىئولوگىيىلىك مەخلۇقتىنمۇ بەكرەك يامان ، چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي گۈزەللىكنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەكس تەرىپى بولىدۇ . ۋەھالەنكى ، ئادەتتە ئايلىنىپ كەتكەن مۇشۇ ئەخمەقانىلىكلەرنى كىملەر تۈزىتىپ كېتەلەيدۇ ؟ ئوبدان بىلىم ئىقتىدارى بولمىغان جايدا نەسىھەت ۋە تۈزىتىشلەر ئاقمايدۇ . ئاشۇ ئادەملەر كاللىسىنى ئۇچلۇق قىلىپ ساختا ماختاش - بارىكاللىلارنى قوغلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىتىشلەرنى پۈتۈنلەي بىر ياقلارغا تاشلىۋەتكەن بولىدۇ .

## 169

# ھەممىدە ئۇتتۇق قازانغىنىڭدىن ، تاسادىپەن سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلانغىنىڭ ئېشىپ چۈشىدۇ

نۇرغۇن كىشىلەر خاتالىق سادىر قىلىشتىن ئاۋۋال نام ـ ئاتاقسىز ئۆتىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەنىۋا مۇۋەپپەقىيىتى بىرەر قېتىملىق كىچىككىنە سەۋەنـ لىكنى يېپىپ كېتەلمەيدۇ . پەلەكتىكى كۈنگە ھېچكىم ئۇدۇل قاراپ تۇرمايدۇ ، ئەمما كۈن تۇتۇلۇش بولغاندا جىمى ئادەم ئۇنىڭغا قارىشىدۇ . چاكىنا ئادەملەر سىنىڭ كۆپ جەھەتلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىڭنى نەزەرگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ ، بىرەر قېتىملىق سەۋەنلىكىڭگە مەھكەم ئېسىلىۋالىدۇ . ياخشى ئىش بوسۇغىدىن چىقمايدۇ ، يامان ئىش يىراق ـ يىراقلارغا يۈز كېتىدۇ . شۇنى ئەستە تۇتقىنكى ، سېنىڭ ھەرقانداقلىقى سەۋەنلىكىڭ يامان غەرەزلىك كۆزـ لەردىن قېچىپ كېتەلمەيدۇ ، ئەمما بارلىق گۈزەل ئەخلاقىڭ كۆپ ھاللاردا ئېتىبارسىز قالىدۇ .

## 170

## ھەممە ئىش، ھەممە نەرسىدە ئىقتىدار ـ قابىلىيىتىڭنى ئاز ـ تولا ساقلاپ قال

ئېنېرگىيەڭنى ساقلاپ قال . كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىقتىدارىڭنى تۆگەل ئاشكارىلىۋەتمە ، كۈچۈڭنى پۈتۈنلەي ئىشلىتىۋەتمە . بىلىمىڭنىمۇ مۇۋاپىق يوسۇندا ساقلاپ قېلىشىڭ كېرەك : شۇنداق قىلساڭ ، ئۆزۈڭ ھەسسىلەپ مۇكەممەللىشىپ بارالايسەن . ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىڭنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشىڭ كېرەك . مۇۋاپىق پەيتتە قۇتۇلدۇرۇش ۋە ياردەم بېرىش پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىشقا قارىغاندا تېخىمۇ قىممەتلىك بولىدۇ . چوڭقۇر تەدبىرلىك ، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئادەم ھامان يۆنىلىشنى پۇختا ئىگىلەپ يۈرەلەيدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، يېرىمى پۈتۈنىدىن كۆپ بولىدۇ ، دېگەن ئاچچىق خاتالىقىمۇ ئىشەنگەن بولىمىز .

## 171

# باشقىلارنىڭ سەندىن قالغان ئادەمگەرچىلىك قەرزىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىۋەرمە

ھالقىلىق دوستلىرىڭنىڭ ياخشى نىيىتىنى ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلاردا ئىشلەتمەي ، خۇددى خەۋپ ـ خەتەرگە يولۇقماستا مىلتىق دورىسىنى قۇرغاق ھالەتتە ساقلىغانغا ئوخشاش ، ئۇلارنى ھالقىلىق پەيتتە ئىشلىتىشكە قويۇپ قويۇشۇڭ كېرەك . ئەگەر كۆپ نەرسىگە ئاز نەرسىنى ئالماشتۇرۇۋەتسەڭ ، كېيىنلىككە نېمە قالىدۇ ؟ سېنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان مېھرىبانلىق ۋە سېنى مۇھاپىزەت قىلالايدىغان ئادىمىڭ ھەممە نەرسىدىنمۇ كۆپ دەرىجىدە قىممەتلىك بولىدۇ . تەبىئەت ۋە شۆھرەت ئاق كۆڭۈل ئادەمگە ئاتا قىلغان ھەممە نەرسىگە ، ھەتتا تەقدىر ئىلاھىمۇ ھەسەت قىلىدۇ . ئىشقا ھۆددە قىلىشتىن ئادەمگە ھۆددە قىلىش تېخىمۇ مۇھىم .

172

# ھېچنېمىسى يوقلار بىلەن ھەرگىز تالاشما

قول - ئىلكىدە ھېچنېمىسى يوقلار بىلەن ھەرگىز تالىشىپ يۈرمە ، بۇنداق تىركىشىش ئادىللىق ئەمەس . رىقابەتكە چۈشكەن تەرەپنىڭ بىرسى ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم بولغان بولسا ، ھەتتا ئار - نومۇس ئېگىمۇ بولمىسا ، قىلچە تەپتارتمايلا يەڭ شىمايلاپ جەڭگە ئاتلىنىۋېرىدۇ . ئۇ ھەممىدىن ۋاز كەچكەنىكەن ، مەھرۇم بولىدىغان يەنە ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ ، شۇڭلاشقا ئۇ ھېچ نەرسىسىنى كۆزگە ئىلماستىن ، ھەنىۋانى بىر يولىلا دو چىقىۋېتىدۇ . بۇنداق ئادەم ئالدىدا ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ نام - شۆھرىتىنى دوغا تىكىۋەتمە . نام - شۆھرەت ئاسان قولغا كەلمەيدۇ ، ئەمما كىچىككىنە ئىش سەۋەبىدىن ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈنلەي يەرگە تۆكۈلىدۇ . جاپالىق تىرىشىشلار ئارقىلىق ئېرىشكەن شان - شەرەپ بىر ئېغىز يامان غەرەزلىك تۆھمەت بىلەنلا پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ . دۇرۇس ئادەم پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى بىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قانداق نەرسىنىڭ بۇلغىۋېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىشنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، پۇختىلىق بىلەن چېكىنىۋېلىشقا تولۇق ۋاقىت چىقىرىۋېلىش مەقسىتىدە تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ . مۇشكۈل ئەھۋالدا سەللا سەۋەنلىك كۆرۈلسە ، غەلىبە قازاندى دېگەن بىلەنمۇ ئۇنىڭ كەتكۈزۈپ قويغىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشى تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ .

## 173

# كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشتا بارلىق سىرنى تۆكۈۋەتمەسلىك لازىم

كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشتا بارلىق سىرنى تۆكۈۋەتمەسلىك لازىم ، دوستانە ئالاقىدە بۇنىڭغا تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك . بەزى كىشىلەر ئاسان ئېرىپ كېتىپ ، ئۆزىنىڭ تەگداشسىز دەرىجىدە ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ . ئۇلار كۆڭلىدە قاتتىق غۇم ساقلاپ يۈرىدۇ ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىمۇ غەش قىلىۋېتىدۇ . ئۇلار چاقچاق قىلسىمۇ ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسىمۇ ، قاتتىق سېزىمچانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ تىتاك تومۇرىغا تېگىدۇ . چوڭراق ئىشلار تۇرماق ، ئۇششاق ئىشلاردىمۇ خەقنىڭ زىتىغا تېگىدۇ . ئۇلار بىلەن باردى - كەلدى قىلىشتا ناھايىتى ئاۋايلاش كېرەك ، ئۇلارنىڭ زەئىپلىكىنى كۆڭۈلدە چىڭ ساقلاش كېرەك ، چۈنكى زەررىچە ھاكاۋۇرلۇقمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەركەز قىلىشى ئۆز سېزىمىنىڭ قۇلى بولغانلىقى ( ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ ) ، ئۇلار ئۆزىنىڭ غۇرۇرىغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ كېتىپ ، گۆدەكلىك قىلىپ كۈلكىگە قالىدۇ .

## 174

# كىشىلىك تۇرمۇشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق كېرەك

مۇبادا سەن شەيئىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلسەڭ ، ئۇنىڭدىن قانداق لەززەت ئېلىشنىمۇ بىلىسەن . بىرمۇنچە كىشىلەر ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن ھوشىنى تاپىدۇ ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ پۇشايمان قىلىدۇ - دە ، ۋاقىت يەنە قايتىپ كەلسە ئىكەن ، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ . ئۇلار ئالدىدا ۋاقىتنىڭ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتى يوق . ئۇلار تۇرمۇشنىڭ پادىچىسى بولۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ بىتاقەتلىكى بىلەن تۇرمۇشنى تېز چېپىشقا ھەيدەيدۇ . ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئۇزۇقلۇقنى بىر كۈندىلا يۇتۇۋالسام ، دەپ ئويلايدۇ . مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كۆزۈم يەتتى دەپ ئويلايدۇ - دە ، تېخى يېتىپ كەلمىگەن يىللارنىمۇ بىردىنلا يۇتۇۋېتىش خام خىيالىدا بولىدۇ . ئۇلار ھەممە ئىشنى ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىشلىگەچكە ، كۆپ ھاللاردا «ئالدىرىغان قالار» دېگەندەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ . بىلىمگە ئىنتىزار بولغاندا ، ئۇمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە بولۇشى كېرەك . شۇنداق بولغاندا ، خام - خوتا يۇتۇۋېلىشتىن ، بىلىمنى چالا - بۇلا ئىگىلەپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ . بۇ جاھان ئۇزۇن جاھان ، ياخشى پۇرسەت دائىم كېلىۋەرمەيدۇ . ھەرىكەتنىڭ تېزرەك بولغىنى ، راھەتنىڭ ئاستىراق كەلگىنى ياخشى . ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن نەتىجىنىڭ قىممەتلىك ، راھەت - پاراغەتنىڭ خىيالىي نەرسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالىسەن .

## 175

# ماھىيەتلىك ئادەم بول

ئەگەر سەن ماھىيەتلىك ئادەم بولساڭ ، ماھىيەتسىز كىشىلەرنى ماختاپ يۈرمەيسەن . قارىماققا نام چىقارغاندەك بولسىمۇ ماھىيەتنى ئاساس قىلمايدىغان كىشىلەر خۇشال ـ خۇرام ئۆتەلمەيدۇ . ماھىيەتلىكتەك كۆرۈنگەن كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ھەقىقىي ماھىيەتلىك كىشىلەردىن كۆپ بولىدۇ . ئىككى يۈزلىمە ئادەملەر باشقىلارغا قىلتاق قويۇشنىلا ئويلايدۇ ، شۇنداق كىشىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بەزى كىشىلەر بولسا ئۇلارغا يول قويىدۇ ، خىيالپەرەس كېلىدۇ ، چىنلىققا ھۆرمەت قىلمايدۇ . ئۇلارنىڭ خام خىيالى مۇقەررەر ھالدا يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ ، چۈنكى ئۇلار مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئەمەس . « چىنلىق »لا ساڭا ھەقىقىي شۆھرەت ئېلىپ كېلىدۇ ، « چىنلىق »لا سېنى مەنپەئەتدار قىلىدۇ . ئالدامچىلىق كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋەرسە ، پۈتكۈل بىنا ئۇزاققا بارمايلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ . ئاساس بولىدىغان نەرسە ، مۇقەررەركى ، ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ . ئالدامچىلارنىڭ ۋەدىسى كىشىلەرنى گۇمانلاندۇرۇپ قويىدۇ . ئۇلارنىڭ پەزىلىتى مۇقەررەر ھالدا لەنەتكە قالىدۇ .

## 176

# ئۆزۈڭ بىلسەڭ ئەلۋەتتە ياخشى بولىدۇ ، بىلگەنلەردىن ئاڭلاپ بىلسەڭمۇ ياخشى بولىۋېرىدۇ

ياشاش ئۈچۈن چۈشىنىش ئىقتىدارلىق بولۇشى كېرەك : ئۇ ئىقتىدار ياكى ئۆزۈڭنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارلىق بولۇشى ياكى باشقىلاردىن ئارىيەت ئالغان چۈشىنىش ئىقتىدارى بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ، بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇقمايدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ ، باشقا بىرمۇنچە ئادەملەر ئەسلىدە بىلمىسىمۇ بىلىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ . ئەخمەقلىق كېسىلىنى ساقايتىدىغان دورا بولمايدۇ . بىلىمسىزلەردە ئۆزىنى بىلىش يوق ، شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى بىلىش يولىدا ئىزدەنمەيدۇ . بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئەۋلىيا دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا ، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئەۋلىيا بولالىشى مۇمكىن ئىدى . سەزگۈر دانىشمەنلەر ناھايىتى ئاز بولىدۇ . ئۇلاردىن ھېچكىم بىر نەرسە سوراپ ئۆگىنىۋالمىغاندىكىن ، ئۇلار پۈتۈنلەي بىكار يۈرۈشىدۇ . باشقىلاردىن سوراپ تەلىم ئالساڭ سېنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىڭغا دەخلىسى بولمايدۇ ، كىشىلەردە سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا گۇمان تۇغدۇرۇپ قويمايدۇ . دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇ سېنىڭ گۈزەل شان - شۆھرىتىڭنى ئاشۇرىدۇ ، خالاس . تەتۈر پېشانىلىك بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن ، ئاقىلدىن تەلىم ئېلىشىڭ كېرەك .

177

# كىشىلەر بىلەن ھەرگىز زىيادە يېقىنلىشىپ كەتمە

كىشىلەر بىلەن ھەرگىز زىيادە يېقىنلىشىپ كەتمە ياكى خەقنى ئۆزۈڭگە زىيادە يېقىنلاشتۇرۇۋەتمە ، بولمىسا ، ئادىللىق ساڭا ئاتا قىلغان ئۈستۈنلۈكۈڭدىن قۇرۇق قالىسەن ، ئابرۇيۇڭ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ . يۇلتۇزلار بىز بىلەن سۈركىلىشمەيدۇ ، شۇڭا مەڭگۈ چاقناپ تۇرالايدۇ . ئىللىقلىق ئۈچۈن غۇرۇر كېرەك ، يېقىنلىشىپ كېتىش ھاكاۋۇرلۇقنى پەيدا قىلىدۇ . ھەممىدىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نەرسە كۆپ ھاللاردا ھەممىدىن بەك قەدىرلەنمەيدۇ ، ئۇچرىشىش كۆپ بولغانسېرى يېتىشسىزلىك شۇنچە بەك ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ ؛ جىم تۇرۇۋالغاندا يېتەرسىزلىكلەرنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ . ھەرقانداق ئادەم بىلەن زىيادە يېقىنلىشىپ كەتمەسلىك كېرەك . باشلىقىڭ بىلەنمۇ يېقىنلىشىپ كەتمە ، بولمىسا بېشىڭغا خەۋپ چۈشىدۇ ؛ قول ئاستىڭدىكىلەر بىلەنمۇ يېقىنلىشىپ كەتمە ، بولمىسا غۇرۇرۇڭنى يوقىتىپ قويىسەن . ھەممىدىن مۇھىمى « تۇتسا سېپى يوق ، چاقىرسا ئېتى يوقلار » بىلەن زىنھار ـ زىنھار ئۈلپەت بولما . ئۇلار ئۆكتەم ۋە ھاماقەت كېلىدۇ . ئۇلار سېنىڭ ئۇلار بىلەن ياخشى نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمەيدۇ ، يەنە تېخى سېنىڭ شۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتىڭ بارغۇ ، دەپ قالىدۇ . زىيادە يېقىنلىشىپ كېتىش تومپايلىق بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ .

## 178

# ئۆزۈڭنىڭ يۈرەك ساداسىغا ئىشەن

ئۆزۈڭنىڭ يۈرەك ساداسىغا ئىشىنىشىڭ كېرەك ، بولۇپمۇ ئۇ كۈچلۈك ۋە قەيسەر بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك . ھەرگىز ئۇنىڭ تەتۈرىچە ئىش كۆرمە ، چۈنكى ئۇ ئىشنىڭ پەيتىدىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ . ئۇ سېنىڭ تۇغما دانىشمەنلىك ھېسابلىنىدۇ . بىرمۇنچە كىشلەر ۋەھىمىدىن ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ . ئالدىنى ئېلىشقا بولمىغانىكەن ، ۋەھىمىگە چۈشۈش نېمىگە دال بولسۇن ؟ بەزىلەر تۇغما پاك نىيەت بولىدۇ ، ئاشۇنداق نىيىتى ئۇلارغا داۋاملىق ئالدىن بېشارەت بېرىپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ ـ دە ، مەغلۇبىيەتكە گىرىپتار بولۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدۇ . جاھاندارچىلىقنىڭ يولى — بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەندە پايپېتەك بولۇپ تەدبىر كۆرۈش بولماستىن ، بەلكى ئۇ كېلىشتىن ئاۋۋال يېرىم يولدىلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى بويسۇندۇرۇشتۇر .

## 179

# چوڭقۇر ، يوشۇرۇن مەنىلىك بولۇش تالانتنىڭ ئالامىتى

ئوچۇق كۆڭۈللۈك گويا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئېچىپ يېيىپ قويۇلغان
خەتكە ئوخشايدۇ . كۆڭۈلدە مەخپىي تۇتىدىغان سىر بولۇشى كېرەك : غايەت
كەڭ بوشلۇق ۋە كىچىككىنە چوڭقۇرلۇقلاردا مۇھىم ئىشلارنى تىندۇرما تەرد-
قىسىدە چوڭقۇر يوشۇرۇپ ساقلاشقا بولىدۇ . يوشۇرۇن مەنىلىك بولۇش ئۆ-
زىنى تىزگىنلەشتىن كېلىدۇ ، سۆكۈت قىلىپ تۇرۇۋالالىغاندا ھەقىقىي غەلىبە
قىلغىلى بولىدۇ . دانالىق بىلەن ياشاشنىڭ ئاچقۇچى — ئىچكى دۇنياسىنىڭ
تىنچ بولۇشىدا ۋە تىزگىنلىنىشىدە . مەلۇم بىرسى سىنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى
تىلڭ - تىڭلاپ بېقىش ئارقىلىق سىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش مەقسىتىدە چىشىڭغا
تېگىپ قويسا ياكى تۇزاق قۇرۇپ قويسا ، ئەڭ ئەقىللىق بولساڭمۇ مەخپىيەت-
لىكنى ئاشكارىلاپ قويىسەن ، شۇنىڭ بىلەن سەن تىندۇرما قىلىپ چوڭقۇر
ساقلىغان نەرسە تەھدىتكە ئۇچرايدۇ . قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى دەپ تاشلىما ،
دېگەن گېپىڭنى شۇ بويىچە ئىجرا قىلما .

180

# دۈشمەن قىلىش ئېھتىمالى بولغان كىشىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق كېرەك

ھاماقەت ئادەمنىڭ ئېھتىياتچان ئادەمنىڭ نەسىھىتىگە زادى قۇلاق سالماسلىقى ئۇنىڭ ئۇ نەسىھەتنىڭ پايدىسىنى بىلمىگەنلىكىدىن ؛ دانىشمەن ئادەمنىڭ ئېھتىياتچان ئادەمنىڭ پىكرىگە رىئايە قىلماسلىقىمۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ چوڭقۇر يوشۇرۇۋالغانلىقىدىن . شەيئىلەردىن ئىككى تەرەپتىن تەكشۈرۈپ مۆلچەرلەپ چىقىپ ، ئىمكانقەدەر ھېچقايسى تەرەپكە ئېغىپ كەتمەيدىغان بولۇش كېرەك . يۈز بېرىش « ئېھتىماللىقى » ئۈستىدە باش قاتۇرماي ، قانداق ئىش يۈز بېرىشى « مۇمكىن » لىكى ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك .

## 181

# يالغان سۆزلىمەسلىك كېرەك ، لېكىن ھەقىقىي ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىۋېتىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس

راست گەپنى قىلىش يۈرەكتىن قان چىقارغانغا ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭغا ئىنتا- يىن يۇقىرى ماھارەت كېرەك . راست گەپنى قىلىش ـ قىلماسلىق جەھەتتە ما- ھارەتنى ئوبدان ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ . بىرەر ئېغىز يالغان گەپ راستچىل دېگەن نامىڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدۇ . ئالدانغۇچىنىڭ سەۋەنلىكى باردەك قىلىدۇ ، ئالدىغۇچىنىڭ خاتالىقى تېخىمۇ ئېغىردەك قىلىدۇ . ھەقىقىي ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىۋېتىشكە بولمايدۇ . بەزىدە ئۆزى ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى تىنماسلىق كېرەك ، بەزىدە باشقىلار ئۈچۈنمۇ قەتئىي ئېغىز ئاچماسلىق كېرەك .

## 182

# كىشىلەر ئالدىدا قەيسەررەك بولۇشنى — ياشاشنىكى پاراسەت دېيىشكە بولىدۇ

باشقىلارغا بولغان كۆزقارىشىڭنى ئۆزگەرت : باشقىلارنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتمە ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش كەيپىياتىدا بولما . تەسەۋۋۇرۇڭ پاراستىڭگە بويسۇنۇپ قالمىسۇن . بىرمۇنچە كىشىلەر قارىماققا ئۇلۇغدەك بىلىنىدۇ ، ئەمما مۇئامىلە قىلىشقان ھامان ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ ، باھانى يۇقىرىلىتالايدىغىنى ئازراق بولىدۇ . ھېچكىممۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ . ھەممە ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە خاراكتېرىدە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تېگىشلىك يەرلەر بولىدۇ . مەرتىۋە ئادەمگە يۈزەكى نوپۇز ئاتا قىلىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا ئادەمنىڭ پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىپ كېلىدىغىنى ناھايىتى ئاز بولىدۇ ، تەقدىر كۆپىنچە ئۇنى پەزىلىتى ۋە قابىلىيىتىنى ئورنىغا مۇناسىپ كەلتۈرمەسلىك يولى بىلەن جازالايدۇ . تەسەۋۋۇر كۆچى كۆپ ھاللاردا ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ ، شەيئىلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ بارىدۇ . تەسەۋۋۇردا ياكى بار نەرسىدە ، ئىدراك تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىشنىڭ قائىدىسىنى ئېنىق ئايرىپ ، خاتانى ئوڭشاپ چىقىشى كېرەك . نادان ئادەم كالۋا دادىل بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك ، ئالىيجانابلار ئىرادىسىز ، توخۇ يۈرەك بولماسلىقى كېرەك . ئەگەردە ئۆزىگە ئىشىنىش قاپاقۋاش ساددا ئادەملەرنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرىدۇ ، دېيىلسە ، بۇنىڭ جاسارەتلىك ، پەملىك ئادەملەرنى قاناتلانغان يولۋاستەك تۈسكە كىرگۈزىدۇ دېگەندىن قانداق پەرقى بولىدۇ !

183

# ھەممە ئىشتا بەك تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالما

ئەخمەقلەر ناھايىتى تەرسا كېلىدۇ ، تەرسا ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ ، بۇنداق ئادەملەر كۆزقارىشى قانچە خاتا بولغانسېرى شۇنچە ھوشنى تاپماي كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، سىنىڭ راستتىنلا توغرا بولغان تەقدىردىمۇ ، ئاز - تولا يول قويساڭ يامىنى بولمايدۇ : كىشىلەر ئاخىرقى ھېسابتا سىنىڭ توغرىلىقىڭنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەمدە كەڭ قورساقلىقىڭنى تەرىپلىشىدۇ . تەرسالىق ساڭا كەلتۈرگەن زىيان سەن باشقىلارنى مەغلۇپ قىلغاندا ئېرىشكەنلىرىڭدىن كۆپ بولىدۇ . سىنىڭ پۈتۈن نىيىتىڭ بىلەن قوغدىغىنىڭ ھەقىقەت بولماستىن ، بەلكى قوپاللىق ۋە يولسىزلىق بولۇپ قالىدۇ . بەزىلەرنىڭ كاللىسى تۆمۈردەك قاتمال بولۇپ ، كاجلىقتا قۇتۇلدۇرۇۋالغۇسىز دەرىجىگە يەتكەن بولىدۇكى ، ئۇنى گەپ بىلەن قايىل قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس . كاجلىق قۇرۇق خىياللار بىلەن قوشۇلۇپ قالغان ھامان ، مەڭگۈلۈك ئەخمەقلەردىن بولۇپ بېرىكتۇۋالىدۇ . ئىرادە قەتئىي تەۋرەنمەس بولۇشى كېرەك ، لېكىن ھۆكۈم قىلىشتا ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ . ھامان بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغان بەزى ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . ئۇنداق چاغدا چېكىنىۋېرىشكە بولمايدۇ ، ھۆكۈمدە ئۆزگەرگەن ھامان ، ھەرىكەتتە تەۋرىنىپ قېلىشقا زادى بولمايدۇ .

184

# چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلارغا بېرىشۋالماسلىق كېرەك

پادىشاھ بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇنداق سۇنئىيلىك غەلىتە مىجەز قاتارىدا كۆرۈلۈۋېرىدۇ . شەكىل ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك تەرەپلىرىگە بېرىشۋېلىش كىشىنى تولىمۇ بىزگەندۈرىدۇ ، ۋەھالەنكى بەزى دۆلەتلەر پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا مۇشۇنداق ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىقنىڭ كاساپىتىگە كېتىدۇ . ئۇ ئەخمەق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئابرۇيىغا چوقۇنىدۇ ، ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ئاشۇ ئەخمەقلەرنىڭ ئىلمە توقۇلما ئۇسۇلى بويىچە توقۇلغان بولۇپ ، ئۇلار نامايان قىلغان ئابروي پەقەت ئىنتايىن ئىچى تارلىق- تىنلا ئىبارەت ، چۈنكى ھەرقانداقلىكى ئىش ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغاندەكلا قىلىدۇ . ئىززەت ـ ھۆرمەتكە نائىل بولۇشنى ئۇمىد قىلىش دۇرۇس ئىش ، ئەلۋەتتە . لېكىن ئۇ سۇنئىيلىك دەپ قارالسا ، ئەقىلسىزلىق بولىدۇ . چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلاردىن تامامەن خالىي بولغان ئادەم ئىنتايىن زور قابىلىيەت ۋە تالانت بولغاندا ئاندىن ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ ، ئەلۋەتتە . قا- ئىدە ـ يوسۇنلارنى مۇبالىغە قىلماسلىق كېرەك ، كەمسىتىشكىمۇ بولمايدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى قائىدە ـ يوسۇنلارغا زېرىكمەستىن رىئايە قىلىپ ئىش قىلىشىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ .

## 185

# نام - شۆھرىتىڭنى بىر يولىلا دو تىكىۋەتمە

بۇنداق دو تىكىۋېتىش يارىمايدۇ ، بولۇپمۇ تۇنجى قېتىملىق دو تىكىۋېتىش يارىمايدۇ . سەن ھەمىشە گۆللەنگەن ھالەتتە ئۆتىۋېرەلمەيسەن ، ئامەت يۇلتۇزۇڭنىڭ چاقناۋېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆزۈڭنىڭ يەنە بىر سىناپ بېقىشى ئۈچۈن پۇرسەت قالدۇرۇشۇڭ كېرەك ، شۇنداق قىلساڭ ، دەسلەپكى دو تىكىشىڭدە ئۇتتۇرۇپ قويغىنىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالالايسەن —— دەسلەپتە ئۇتۇۋالغان تەقدىردىمۇ ، ئىككىنچى قېتىمدا دو چىقىشىڭغا ياردىمى بولىدۇ . ھەرقانداقلىكى ئىشتا ياخشىلاش ۋە ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇپ قويۇش كېرەك . ھەرقانداق ئىش خىلمۇخىل ئەھۋالغا باغلىق بولىدۇ ، ھە دېگەندىلا ئۇتۇق قازىنىدىغان ئىش بەربىر كۆپ بولىۋەرمەيدۇ .

## 186

# مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم ۋاقىتتا يېتەرسىزلىكى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك

مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم ۋاقىتتا يېتەرسىزلىكى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك ، سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتە مەزكۇر شەيئى ئەسلىدە ئۇنداق بولمىسىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك . ئىپلاسلىق ئۆزىنى چىرايلىق نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىۋالىدۇ ، سەممىيلىك ئۇنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك . ئىپلاس نەرسە بەزىدە بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىۋېلىشى مۇمكىن ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ تۆمۈرلۈك ئەسلىنى يېپىۋالالمايدۇ . مالاي سۈپەتلەر ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىسى بىلەن ئۆزىنى بېزەپ تۇرغىنى بىلەنمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ رەزىللىكىنى كېمەيتەلمەيدۇ . پەسكەشلىك سالاھىيىتىنى ھەرقانچە يۇقىرى كۆتۈرۈۋالغىنى بىلەنمۇ ، لېكىن مەڭگۈ چۈپرەندە بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ . بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار قەھرىمانىنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇقسان بارلىقىنىلا كۆرەلەيدۇ ، ئەمما ئۇنى قەھرىمان قىلغۇچى نەرسىنىڭ نۇقسان ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ . يۇقىرى ئورۇندا تۇرغۇچى خالايىقنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ . خالايىق ئۇنى بەس- بەس بىلەن دوراپ بېقىشىدۇ ، ھەتتا ئۇنىڭ كۆرۈمسىز تەرەپلىرىنىمۇ دورايدۇ . خۇشامەت قىلىپ نايناقلايدىغانلار ھەتتا ئۇنىڭ سەت تەلەتىنىمۇ دوراپ باقىدۇ ، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ دېگەن نام ئارقىلىق ئۆزىنى بېزىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بېزەكلىرى يوقالغان ھامان ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ .

# 187

# كۆپچىلىك خۇشال بولمايدىغان ئىشنى دادىل قىلىش كېرەك

كۆپچىلىك خۇشال بولمايدىغان ئىشنى باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ قىلدۇرۇش كېرەك . ياخشى تەسىراتقا سەن ئۆزۈڭ ئېرىشىسەن ، يامان تەسىراتنى باشقىلار ۋاكالىتەن ئالىدۇ . ئۇلۇغ ھەم ئالىيجانابلار ياخشىلىق قىلىشقا رازىكى ، پايدا ئېلىشنى خالىمايدۇ ، چۈنكى خەقنى ئاۋارە قىلغاندا ، ھامان خىجالەتچىلىك ياكى ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىدىن خالىي بولۇش تەس . باشقىلارغا تەشەككۈر بىلدۈرگەندە ، ئۆزى بىۋاسىتە بىلدۈرگەن تۈزۈك ؛ باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىشتا بولسا ، باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىش مۇۋاپىق . باشقىلارغا بىرەر تۇتقۇ تۇتقۇزۇپ قويۇشۇڭ ، ئۇلار كۆڭلىدە نارازى بولغان چاغدا ، ئاشۇ ئارقىلىق توختىماي ئاچچىقىنى چىقىرىۋالالايدىغان ۋە كوتۇلدىۋالىدىغان بولۇشى كېرەك . قالايمىقان - تەرتىپسىز كىشىلەرنىڭ نەپرەت - غەزىپى غالجىرلىق كېسىلىگە ئوخشايدۇ : ئۇلار قەيىرنىڭ ئاغرىيدىغانلىقىنى بىلىشمەيدۇ ، ئاغزىدىكى قىسقۇچنى كەلسە - كەلمەس چىشلىۋېرىشنىلا بىلىدۇ ، خالاس . قىسقۇچنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق ، ئۇ بىگۇناھ تۇرۇپ ئازابلىنىدۇ .

188

# شەيئىلەرنى قېزىپ چىقىپ مەدھىيىلەش كېرەك

شەيئىلەرنى قېزىپ چىقىپ مەدھىيىلىسەڭ ھەۋەس ـ قىزىقىشنىلا پەيدا قىلالايسەن ھەممە باشقىلارنى ئۆزۈڭنىڭ ھەۋەس ـ قىزىقىشىڭنىڭ ئادەتتىكى ـ لەرگە سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرەلەيسەن ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سېنىڭ ماختىشىڭغا مۇيەسسەر بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىغان بولىدۇ . ئەگەر بەزى كىشىلەر مۇكەممەللىكىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقسا ، ئۆزىنى قەدىرلەيدى ـ غان بولىدۇ . مەدھىيىلەش دوراش ئۈچۈن ماتېرىيال تېپىپ بېرىدۇ ، ئۇ شۇنـ ـداقلا يەنە ئەتراپىڭدىكى كىشىلەرنى ئەدەپلىك ، سىپايە بولۇشقا نەسىھەت قىـ ـلىشنىڭ نەپىس شەكلى ھېسابلىنىدۇ . بەزى ئادەملەر دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بو ـ لۇپ ، ئۇلار ھامان بىرەر ئىش تېپىپ قۇسۇر چىقىرىپ ، نەق سورۇندا بولمىغان ئادەمنى چۇشۇرىدۇ . بۇنداق ھىيلە پۇچەك ئادەملەر ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان ئۇنۇم بېرىدۇ ، ئۇنداق ئادەملەر ئۇنىڭدىكى ئويۇننىڭ بۇنى كەم سۇندۇرۇش ، يوققا چىقىرىش بولىدىغانلىق سىرىنى بىلەلمەيدۇ . يەنە بىر خىل كىشىلەر قە ـ دىمكىگە سەل قاراپ ، ھازىرقىنى ماختاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ( ھازىرقى ئا ـ دەتتىكى نەرسىلەرنى ماختاپ ، تۈنۈگۈنكى داڭلىق نەرسىلەرنى كۆزگە ئىلماي پەس كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ) . بۇ نەيرەڭنى چوڭقۇر پىكىرلىك ئادەم بىلىپ يەتسۇن ، ھەم مۇبالىغە قىلىپ ئاشۇرۇۋەتمىسۇن ، ھەم خۇشامەتچىلىك قىلمىغانلىقى بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسۇن . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سە ـ گەك بولۇشى كېرەككى ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەيدىغان ئۇنداق چۇپرەنـ ـدىلەر كىم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشسىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش نەيرەڭ ئىشـ ـلىتىدۇ .

## 189

# باشقىلارنىڭ كەمتۈك ھالىتىدىن پايدىلان

كەمتۈك ھالەت كىشىدە ئارزۇ پەيدا قىلىدۇ ، مۇشۇنداق ئارزۇدىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى تىزگىنلەش ناھايىتى ئىشەنچلىك بولىدۇ . پەيلاسوپلار كەمتۈكلۈكنى ھېچ گەپ ئەمەس ، دېيىشىدۇ ؛ سىياسىئونلار بولسا كەمتۈكلۈكنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ . كېيىنكىلەر توغرا ئېيتقان . بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ شوتىسىغا يامىشىدۇ . سىياسىئونلار باشقىلارنىڭ كەمتۈك ھالىتىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قىيىنچىلىق پەيدا قىلىش يولى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرىدۇ . ئۇلار كەمتۈكلۈك ئېلىپ كېلىدىغان رىغبەتلەندۈرۈش باياشاتلىق ئېلىپ كېلىدىغان قانائەتلىنىش تۇيغۇسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقىغان . ئەھۋال قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى ، ئارزۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ . مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئەپچىل چارىسى كىشىلەرنىڭ ساقا باغلىنىپ تۇرۇش تۇيغۇسىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت .

## 190

# بارلىق شەيئىدىن تەسەللى تېپىش كېرەك

قىلچە لازىمى يوق نەرسىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ : يەنى ئۇلار مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا پايدىلىق تەرىپى بولمىغان ھېچقانداق شەيئى يوق . دۆتنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تەلىيى بولىدۇ . « ساھىبجامال سەتنىڭ تەلىيىگە ھەۋەس قىلىدۇ » دېگەن ماقال ياخشى ئېيتىلغان . قىممىتى قانچە كىچىك بولسا ، ئۆمرى شۇنچە ئۇزۇن بولىدۇ . ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىدىغان پۇچۇق ئەينەك زادى پۇتۇنلەي سۇنۇپ كەتكىلى ئۇنىمايدۇ . تەقدىر گويا قابىل ـ دانىشمەنلەردىن ھەسەت قىلىدىغاندەك قىلىدۇ . ئۇ چاكىنا ئادەملەرنى ئۇزاق ياشاشقا نېسىپ قىلسا ، قەيسەر ئەزىمەتلەرنى بالدۇر قازا قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ . ئىستېداتى جۇش ئۇ- رۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمىكى كەمچىل بولسا ، ھېچ ئىشقا يارىمايدىغان ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەكتىن زادى غېمى بولمايدۇ ـــمەيلى ئۇ راستىنلا ھېچ يېرى يارىماس بولسۇن ياكى كۆرۈنۈشتە شۇنداق بولسۇن . ئەڭ بەختسىز ئادەمگە كەلسەك ، ئامەت بىلەن ئۆلۈم تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ ، ئۇلارنى بىر ياقلارغا تاشلاپ قويىدىغاندەك قىلىدۇ .

## 191

# تەكەللۇپ بىلەن قىلىنغان خۇشامەت سۆزلىرىدىن ئاگاھ بولۇش

تەكەللۇپ بىلەن قىلىنغان خۇشامەت سۆزلىرىدىن ئاگاھ بولۇش قالماسلىق كېرەك ، ئۇ دېگەن بىر خىل ئالدامچىلىق ھېسابلىنىدۇ . بەزىلەر ئېزىتقۇ دو- رىسى ئىشلەتمەيلا سېھىرگەرلىكنى ئىشقا سالالايدۇ ، تازا جايىدا كەلتۈرۈلگەن تەلپىكىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئارقىلىقمۇ ئەخمەق ـ شۆھرەتپەرەسلەرنى تەمتىرىتىپ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدۇ . ئۇلار ئابرۇيپەرەسلىكنى ساتىدۇ ، بىر- قانچە ئېغىز شېرىن سۆزنى قىلىپ قويۇپلا قەرزىنى ئادا قىلغان بولىدۇ . ۋەدە بېرىش ئەخمەق ئۈچۈن قۇرۇلغان تۇزاق بولۇپ ، ئۇلار بولۇشىغا بەرگەن ۋەدىلىرىدە زادى تۇرمايدۇ . ھەقىقىي كەمتەرلىك ئىناۋەتچانلىق بولىدۇ ، ساختا ئەدەپلىك بولۇش ئالدامچىلىق بولىدۇ ؛ ھەددىدىن زىيادە قىزغىنلىق ھۆرمەت- لەش بولماستىن ، بېقىنىۋېلىش بولىدۇ . خۇشامەت قىلىدىغان ئادەم قارشى تەرەپنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىگە باش قويمايدۇ ، بەلكى ئۇنىڭ بايلىقىغا ھە- ۋەس قىلىدۇ ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە تەشنا بولىدۇ ، ئۇنىڭ خۇشامىتىنى ئاڭلاش كويىدىمۇ بولىدۇ .

## 192

# مۇلايىم ئادەم ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدۇ ، ئۆزىنى بىمالال ياشايدۇ ، باشقىلارنىمۇ بىمالال ياشىغىلى قويىدۇ

ئېغىر - بېسىق بولغانلار ئۇزاق ياشايدۇ ، شۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن ، ئۇلار ھەقىقىي خوجايىنلاردۇر . ئۇلار كۆپ ئاڭلايدۇ ، كۆپ كۆرىدۇ ، ئېھتىيات بىلەن گەپ قىلىدۇ ، كۈندۈزى خەق بىلەن بىرنەرسە تالاشمايدۇ ، كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلىيالايدۇ . ئۇزاق ياشاش ، كۆڭۈللۈك ياشاشمۇ بۇ دۇنيادا ئىككى قېتىم ياشىغانغا تەڭ بولىدۇ : بۇ ئېغىر - بېسىق بولغانلىقنىڭ پايدىسى . مۇ-ھىمسىز ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمىسەڭ ، ھەممە نەرسەڭ تەل بولىدۇ . ھەرقانچە دۆتلۈكمۇ ھەممە ئىشتا ئەستايىدىل بولۇشتىن ئېشىپ چۈشمەيدۇ . ئىش ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ قەستەنگە ئارىلى-شىۋېلىپ تەڭرىنى خاپا قىلىپ قويۇشمۇ ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش بىلەن كۆپرەك كارى بولۇشنى خالىماسلىقمۇ ئوخشاشلا ئەخمەقلىقتۇر .

193

# « سىنىڭ مەنپەئىتىڭنى ئەلا بىلىمەن » دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلە

ئېھتىياتچانلىق ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ھەممىدىن بەك ئالالايدۇ . ئەگەر قارشى تەرەپ تولىمۇ ئىنچىكە ئويلايدىغان ئادەم بولسا ، سەن تېخىمۇ بەكرەك پەخەس بول . بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئىشىنى سىنىڭ ئىشىڭغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئۇستا بولىدۇ . ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالمىساڭ ، سەندىن باشقىلار پايدىلىنىپ كېتىدۇ .

## 194

# ئۆزۈڭگە ۋە ئۆز ئىشىڭغا رېئال پوزىتسىيە تۇت

ئەگەر سەن كىشىلىك تۇرمۇش سەپىرىڭگە ئەمدىلا ئاتلانغان بولساڭ ، جاۋاب تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئۈستۈن ھېسابلايدۇ . ئەڭ ئادەتتىكى ئادەم ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ھېسابلايدۇ . ھەممە ئادەم باي بولۇشنى خىيال قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى تالانت ئىگىسى دەپ ھېسابلاپ ، ئۇلۇغۋار پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، لېكىن رېئاللىق كىشىلەرنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىمكان بەرمەيدۇ . رېئاللىقنى سەگەكلىك بىلەن تونۇش بولمىغۇر تەسەۋۋۇرلارنى قىيناش ھېسابلىنىدۇ . ئاقىلانە بولۇش كېرەك . كۆڭۈلگە ئەڭ ياخشى ئارزۇلارنى پۈكۈش ، ئەڭ يامان جەھەتتىن تەرەددۇت قىلىپ قويۇش كېرەك ، شۇنداق قىلغاندىلا ھەرقانداق ئاقىۋەتكە ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن بەرداشلىق بەرگىلى بولىدۇ . نىشاننىڭ يۇقىرى بولۇشى يامان ئىش ئەمەس ، لېكىن يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ . بىرەر خىزمەتنى باشلىغاندا ، ئۈمىدىڭنىڭ قىممىتىنى ئۇبدان تەڭشەپ قوي . تەجرىبە كەم بولغاندا ، ئاخىرقى ھۆكۈم كۆپ ھاللاردا خاتا بولۇپ قالىدۇ . ئاقىلانىلىك خىلمۇخىل نادانلىقنى داۋالايدىغان خاسىيەتلىك دورىدۇر . ئۆزۈڭنىڭ ھەرىكەت دائىرەڭنى ۋە ئۆزۈڭنىڭ ھالىتىنى ئېنىق بىلىپ يەت ھەمدە تەسەۋۋۇرلىرىڭنى رېئاللىققا ئۇيغۇنلاشتۇر .

## 195

# باشقىلاردىن قانداق ھوزۇرلىنىشنى بىلىش كېرەك

بىر ئادەم ھامان مەلۇم بىر جەھەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشەلەيدۇ ، ئەمما مۇشۇ بىر جەھەتتە ھامان تېخىمۇ قابىل بىرسى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈ-شۈشى مۇمكىن . ھەربىر ئادەمدىن ھۇزۇرلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش سىېنى چەكسىز مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ . ئاقىل ئادەم ھەربىر ئادەمنى ئىززەتلەيدۇ ، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ، ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنىمۇ چۈشىنىدۇ . گالۋاڭنىڭ باشقىلارنى پەس كۆرۈشى تەڭ نىسپى نادانلىقىدىن بولسا ، تەڭ نىسپى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغىنى ھامان ئەڭ ناچار ئادەملەر بولغانلىقىدىن بولىدۇ .

## 196

# ئۆزۈڭنىڭ بەخت يۇلتۇزىنى بىلىشىڭ كېرەك

ھەرقانچە ياردەمچىسىز قىلىشمۇ بىر بەخت يۇلتۇزى يوق بولۇپ قېلىش-تىن ئېغىر بولماس . سەن بەختسىز بولۇپ قالغان بولساڭ ، بۇنىڭغا سېنىڭ ئۇنى بايقىيالمىغانلىقىڭ سەۋەب بولغان . بەزى كىشىلەر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالغانلىقتىنلا ، كاتتىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالالايدۇ ، بەزى كىشىلەر ئېپسىلزا-دىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ قالىدۇ ، ئۇلار بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بو-لۇپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ ، پەقەتلا تىرىشىپ بۇ تەقدىرگە ماسلىشىدۇ . بەزى كىشىلەر بىر دۆلەتتە باشقا دۆلەتتىكىگە قارىغاندا ئوڭۇشلۇق ئىش قىلا-لايدۇ ياكى بولمىسا ، بىر شەھەردە بەكرەك نام چىقىرالايدۇ . قابىلىيىتى باش-قىلارنىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمىگەن تەقدىردىمۇ ، ئوخشاشلا بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا ، بەزى كىشىلەر تېخىمۇ بەختلىك بولۇپ كېتىدۇ . تەقدىر ئىشنى خالىغانچە نېرى ــ بېرى قىلىدۇ ــ دە ، ھەربىر كىشىگە ئۆزىنىڭ تەقدى-رىنى ۋە تالانتىنى بىلدۈرىدۇ ، ئۈتۈشمۇ ، ئۇتتۇرۇشمۇ پۈتۈنلەي شۇنىڭغا باغلىق . سەن ئۆزۈڭنىڭ بەخت يۇلتۇزىنى قانداق قوغلىششنى بىل ، ئۇنى خالىغانچە ئالماشتۇرۇۋەتمە ، ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىساڭمۇ بولمايدۇ .

197

# ئەخمەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك

ئەخمەق دېگەن ئەخمەقنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، بىرەر كىشىنىڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر . ئەخمەق بىلەن ياردى - كەلدى قىلىش ئادەتتىكى ياردى - كەلدى قىلىش بولسىمۇ ، يەنىلا خەۋپ كەلتۈرىدۇ . ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئىچ - سىرىڭنى تۆكۈپ بەرسەڭ ، شۈبھىسىزكى ، ئۇنىڭ زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ . ھە دېگەندە ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ياكى باشقىلارنىڭ نەسىھەت قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاسانلىقچە قاراملىق قىلالمايدۇ ، ئەمما بۇنداق سەۋرچانلىق ئۇلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ دىۋەڭ بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ . شەرمەندە بولغان مۇناپىق سىنىڭ شەنىڭگە داغ تەگكۈزمەي قالمايدۇ . ئەخمەق ھامان بەختسىز — پېشكەللىك ئۇلار ئۈچۈن يۈك — بۇ قوش ئاپەت ئۇلارغا مەھكەم يېپىشىۋېلىش بىلەنلا قالماي ، ئۇلار بىلەن بارـدى - كەلدى قىلغان كىشىلەرگىمۇ يۇقىدۇ . بىرلا نەرسە ئۇلار ئۈچۈن ئانچە يامان ھېسابلانمايدۇ : ئاقىللار ئۇلار ئۈچۈن ئانچە ئەسقاتمايدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزى ئاقىللار ئۈچۈن يېتەرلىك سەلبىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .

## 198

# باشقا جايدا قانداق تۇرۇشنى بىلىش كېرەك

بەزى مىللەتلەر باشقا جايدا تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھۆر- مىتىگە سازاۋەر بولىدۇ ، يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . ۋەتەن ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان كىشىلەرگە ئۆگەي ئانىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ . ھەسەتخورلۇق مۇۋاپىق تۇپراقتا ئۆسىدۇ ھەمدە ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، بۇ ھال كىشىلەرگە بەزى كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۇلۇغ- لۇقىنى ئەمەس ، دەسلەپكى يېتەرسىزلىكنى ئەسلىتىدۇ . بىر دانە بۇلاپكا كونا دۇنيادىن يېڭى دۇنياغا كېلىپ تازا قەدىرلىنىدۇ ، بىر ئەينەك مۇنچاق كىشى- لەرگە ئالماسنى تاشلىتىدۇ①. ھەربىر يات نەرسە ، ئۆزىنىڭ يىراق يەردىن كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كىشىلەر ئۇنىڭ تاسادىپىي شەكىللىنىپ قال- غانلىقىنى ھەمدە كۆنىدىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن قەدىرلىنىدۇ . بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ماكانلىرىدا خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدۇ ، سىرتتا بولسا ئاجايىپ داڭق چىقىرىدۇ . ئۇ- لارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولۇشى ئۇ- لارنىڭ بۇ كىشىلەرگە يىراقتىن قارىغانلىقى ئۈچۈندۇر ؛ ئۇلارنىڭ چەت ئەل كىشىلىرىنىڭ ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولۇشى ئۇلارنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر . مۇقەددەس مۇنبەردىكى ھەيكەل مەڭگۈ شۇ كىشىلەرنىڭ ھۆرمە- تىگە سازاۋەر بولالمايدۇ : ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى ئورمانلىقتىن كېسىپ كېلىنگەن بىر تال قۇرۇق ياغاچتىنلا ئىبارەت .

---

① بۇ يەردە ياۋروپالىقلارنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئېكسپېدىتسىيە قىلغاندا يۈز بەرگەن ۋەقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

## 199

# باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولاي دېسەڭ ، ئېھتىياتچان بول

باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن ، باشقىلارغا ھەيۋە قىلماستىن ، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك . شۆھرەت قازىنىشنىڭ ، نام چىقىرىشنىڭ يولى گۈزەل ئەخلاقتۇر . ھەم تالانتلىق ، ئەخلاقلىق بولغاندا ، ھەم جاپاغا چىداپ تىرىشقاندا ، تېزلىكتە نام چىقارغىلى بولىدۇ ، ئادىللىقنىڭ ئۆزىگە تايىنىش بىلەنلا نام چىقارغىلى بولمايدۇ . تىرىشچانلىققىلا تايىنىش بىلەنمۇ ئىش پۈتمەيدۇ ، چۈنكى سەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقاندا ، بەلكىم باشقىلارنىڭ يۈندا چېچىشى بىلەن شەرمەندە ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن . سەن مۇرەسسەچىلىك ـ ماداراچىلىق يولىنى تاللىۋال : سەندە گۈزەل ئەخلاق بولسۇن ، ئەمما ئۆزۈڭنى قانداق ئىپادىلەشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك .

200

# ھەمىشە كۆڭۈلگە ئارزۇ پۈكۈپ يۈرۈش كىرەك

بەخت ئىچىدە ياشاۋېتىپ بەختنى بىلمەي قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ھەمىشە كۆڭۈلگە ئارزۇ پۈكۈپ يۈرۈش كېرەك . بەدەن نەپەسكە قانغان ھامان روھىي جەھەتتە مەڭگۈلۈك تەشنالىق پەيدا بولىدۇ . ئەگەر ھەممە نەرسە تەل بولسا ، ھەممە ئۈمىدسىزلىككە ۋە قانائەت قىلماسلىققا ئۆزگىرىدۇ . ئاقىلمۇ ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باشقا شەيئىلەرنى چۈشىنىپ بېرىشى كېرەك . ئۈمىد بىزگە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ ، ئەمما تويغۇدەك يەپ ، پۈخادىن چىققۇدەك كۆڭۈل ئېچىش جاننى ئالىدۇ . باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قايتۇرغاندا ، ھەرگىز ئۇلارنى تولۇق قانائەتلەندۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك . ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئېھتىياجى چۈشمىگەندە ، سەن ھەممە جايدا پەخەس بولۇشۇڭ كېرەك : ئۇلار ھەرقانداق خۇشاللىقتىن خۇشاللىق ھېس قىلمايدۇ . ئارزۇنىڭ چېكى غەم- ئەندىشە بولىدۇ .

## 201

# قارىماققا ئەخمەقنەك كۆرۈنگەنلەرنىڭ كۆپى ئەخمەق ، قارىماققا ئەخمەق ئەمەستەك كۆرۈنگەنلەرنىڭ يېرىمى ئەخمەقتۇر

دۇنيانى دۆت ئادەم ئىلكىگە ئالغاندا ، دانىشمەنلىك سەل ئېشىپ كەتسە ، خىسلەتلىك كۆز ئەخمەقلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ئەڭ چوڭ ئەخمەق — باشقىلارنى ئەخمەق ، ئۆزىنى ئەخمەق ئەمەس ، دەپ قارايدىغان ئادەمدۇر . ئاقىل بولۇش ئۈچۈن ، دانىشمەندەك كۆرۈنگەنلىك كۇپايە قىلمايدۇ ، ئۆزىچە ئۆزىنى دانىشمەن دەپ قاراش تېخىمۇ بولمىغان ئىش . ئۆزىنى بىلمىسىز ھېسابلىغانلىق بىلىملىك بولىدۇ ، خەقنىڭ كۆرگىنىنى كۆرمەسلىك كۆرمىگەنلىك بولىدۇ . دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئەخمەق بولسىمۇ ، ئۆزىنى ئەخمەق ھېسابلايدىغان ياكى ئەخمەق بولۇپ قالماسلىققا تىرىشىدىغان بىرەر ئادەم چىقمايدۇ .

## 202

# سۆز بىلەن ھەرىكەت مۇكەممەل ئادەمنى يېتىشتۈرىدۇ

يارىشىقىدا گەپ قىلىش ، يارىشىقىدا ئىش قىلىش كېرەك . ئالدىنقىسى مۇكەممەل كاللىنى نامايان قىلسا ، كېيىنكىسى مۇكەممەل قەلبنى نامايان قىلىدۇ ، ھەر ئىككىسى ئالاھىدە روھتىن ھاسىل بولىدۇ . تىل — ھەرىكەتنىڭ كۆلەڭـگىسى . تىل چىشىسى بولسا ، ھەرىكەت ئەركەكى بولىدۇ . مەدھىيىنى قوبۇل قىلىش باشقىلارنى مەدھىيىلەشتىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ ؛ گەپ قىـلىش ئاسان ، ھەرىكەت تەس بولىدۇ . ھەرىكەت ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى بولسا ، پەند ـ نەسىھەت گۈزەل بېزەكتىنلا ئىبارەت بولىدۇ . شۆھرەت ھەرىكەتتە داـۋاملاشسىمۇ ، تىلدا غايىب بولىدۇ . ھەرىكەت چوڭقۇر ئويلىنىپ پىكىر قىلىشنىڭ مەھسۇلى . تىل ئەقىل ـ پاراسەتنى ئىپادىلىسە ، ھەرىكەت ئالىيجانابلىقنى ئىپاـدىلەيدۇ .

203

# ئۆزۈڭ بىلەن زاماندا ش ئۇلۇغ زاتلارنى چۈشەن

ئۇلۇغ زاتنىڭ سانى كۆپ بولمايدۇ . پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىرلا سۇمۇرغ بولغان ، ھەربىر ئەسىردە بىرلا ئۇلۇغ سەردار ، بىرلا مۇكەممەل ناتىق ۋە بىرلا دانىشمەن بولىدۇ ، بىرقانچە يۈز يىلدا ئاران بىرلا دانىشمەن پادىشاھ بارلىققا كېلىدۇ . ئادەتتىكى كىشىلەر ھەممىلا يەردە بار ، ئانچە بەك ھۆرمەتلەنمەيدۇ . مەشھۇر ئەربابلار بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا بولىدۇ ، چۈنكى ئۇلار كامالەتكە يەتكەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . دەرىجىسى قانچە ئۈستۈن بولسا ، ئۇنىڭغا يېتىش شۇنچە قىيىن بولىدۇ . ناھايىتى كۆپ كىشىلەر كايزا بىلەن ئالېكساندىرنىڭ چىرايلىق نامىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنى « ئۇلۇغ » دېگەن نام بىلەن ئاتىۋالسىمۇ ، ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ ؛ تۆھپىسى بولمىسا ، يوغان خەتلەرمۇ قۇرۇق گەپلا بولۇپ قالىدۇ ، خالاس . سېنېكادەك شەخسلەر تارىختىن بۇيان كۆپ چىقمىغان ، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى چىرايلىق نامغا مۇناسىپ بولالىغىنى ئافىلىسلا بولدى .

## 204

# يېنىكنى كۆتۈرگەندە ئېغىردەك ، ئېغىرنى كۆتۈرگەندە يېنىكتەك بولۇش كېرەك

ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىش ياكى ئۆزىنى كەمسىتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، يېنىكنى كۆتۈرگەندە ئېغىردەك ، ئېغىرنى كۆتۈرگەندە يېنىكتەك بولۇش كېرەك . بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، ئۇنى قىلىپ بولغان دەپ ھېسابلىشىڭ كېرەك . لېكىن ، تىرىشچانلىق مۇمكىن ئەمەسلىكنى بوي ئەگدۈرەلەيدۇ . خەۋپلىك پەيتتە ھەتتا ئويلىنىپ تۇرماي ، ھەرىكەتلا قىلىش كېرەك . قىيىنچىلىق ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇش كەتمەيدۇ .

205

# كۆزگە ئىلماسلىقتىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋال

قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولغان نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارد-
سى : ئۇلارغا پىسەنت قىلماسلىقتىن ئىبارەت . يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى مىڭ
بىر جاپا چېكىپ ئىزدىسەڭ ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسىنىمۇ كۆرەلمەيسەن ، سەل
ئۆتكەندىن كېيىن سەن ئانچە كۆپ سەرپ قىلمىساڭمۇ ئۇلار ئۆركەشلەپ كېلى-
شىدۇ . بۇ دۇنيادىكى كۈللى مەۋجۇدات غايىۋى دۇنيانىڭ كۆلەڭگىسى ، ئۇنىڭ
يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ ؛ سەن ئۇلارنى قوغلىساڭ ، ئۇلار
قاچىدۇ ؛ ئۇلاردىن نېرى تۇرساڭ ، ئۇلار سېنى قوغلاپ كېلىدۇ . كۆزگە ئىلما-
ماسلىقمۇ ئەڭ تۈيغۇن ھالدىكى ئۆچ ئېلىش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ . ئۆزۈڭنى
قەلەم بىلەن قوغدايمەن دېگەننى مەڭگۈ خىيال قىلما ، چۈنكى ئۇ رەقىبىڭنىڭ
ئۆز نامىنى چىقىرىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ ، ئۇلارنى جازالاش مەقسىتىگە
يېتەلمەيسەن ، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار . پەسكەش ئادەملەر ھەمىشە
ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ھىيلىگەرلەرچە قارشىلىشىدۇ : ئۇلار ئەسلىدە زادى مۇنا-
سىپ كەلمەيدىغان شان - شەرەپكە ۋاستىلىك يوللار بىلەن ئېرىشىۋېلىشقا
ئۇرۇنىدۇ . ئەگەر مەشھۇر كىشىلەر ئاشۇ رەقىبلىرى بىلەن كارى بولماي يۈ-
رىۋەرسە ، ئۇ چۈپرەندىلەر ئەبەدىلئەبەد تىمتاس بولۇپ كېتىدۇ . پىسەنت
قىلماسلىقتىنمۇ ئارتۇقراق ئۆچ ئېلىش بولماس : ئۇنداقلارنى ئۆزلىرىنىڭ نا-
دانلىقىنىڭ كۆلىگە دەپنە قىلىۋېتىش كېرەك . تەلۋە ئەبلەخلەر دۇنيانى ۋە

تارىخنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش يولى بىلەن ئۆلمەس مۆجىزە يارىتىشنى خام خىيال قىلىشىدۇ . پىتنە ـ پاسات ، ئۆسەك سۆزلەرنى جىمىقتۇرۇشنىڭ ئۇ-سۇللىرىدىن بىرى : ئۇلار بىلەن كارى بولماسلىقتىن ئىبارەت . ئۇلارنى ئەيىبلەش ئۆزۈڭگە زىيان كەلتۈرىدۇ . ئۇلارغا تەنە قىلىشمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئاب-رۇيىنى تۆكىدۇ ، خالاس . خەقنىڭ ئۆزىنى سەن بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك ، گەرچە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى مۇ-كەممەللىككە بىر قات كۆلەڭگە ياپسىمۇ ، بەرىبىر مۇكەممەللىكنى راستىنلا يېپىۋېتەلمەيدۇ .

## 206

# ئىستىبداتسىز چاكىنىلار يوق يەر بولمايدۇ

ئىستىبداتسىز چاكىنىلار يوق يەر بولمايدۇ ، ھەتتا كولىنىس[1] ۋە ئەڭ مەشھۇر ئاتالغان جەمەتلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . ھەربىر ئادەم ئۆز ئائىلىسىدىمۇ ئۇلارنى ئۇچرىتىدۇ . ئادەتتىكى چاكىنىلار بار بولۇپلا قالماستىن ، يەنە خېلى نامى بار كىشىلەردىن چىققان ئىستىبداتسىز چاكىنىلارمۇ بار ، ئۇنداقلار چاكىنىلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغانلاردۇر . ئۇلار سۇندۇرۇش ئارقىلىق چىقارغان قوپاللىقنىڭ ماھىيىتى بىر پارچە ئەينەكنىڭ پارچىسىغا ئوخشاش بولۇپ ، تېخىمۇ زىيان سېلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . ئۇلار گەپ قىلغاندا دۆتلەرگە ئوخشايدۇ ھەمدە باشقىلارنى ھەمىشە يالغان تەلۋىلەرچە تەنقىدلەيدۇ . ئۇلار نادانلىقنى تارقىتىدىغان دىن تارقاتقۇچى بولۇپ ، ئەخمەق پوپلارنىڭ ئاچ كۆز ، ئۆز قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان پىتنە - پاساتلىرىنى قوغدايدۇ . ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماسلىقىمىز ، ئۇلارنىڭ قانداق تۇيغۇ - ھېسسىياتلارغا كېلىشى بىلەن تېخىمۇ ھېسابلاشماسلىقىمىز كېرەك . ئۇلار بىلەن تونۇشۇشتىكى مەقسەت : ئۇلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇش ( ئۇلار بىلەن بىر كېچىككە كىرىپ قېلىشتىن ياكى ئۇلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ) ئۈچۈندۇر . ھەرقانداق ئەخمەق تومپاي كېلىدۇ ، ئىستىبداتسىز چاكىنىلار دۆلىتى ئەخمەقلەردىن تەشكىل قىلىنغان بولىدۇ .

[1] كولىنىس — بۇ يەردە بىلىم ۋە تەربىيىنىڭ سىمۋولى دېگەن مەنىدە .

## 207

# ئۆزۈڭنى تىزگىنلەش ئەقىلدارلىق بولسۇن

تاسادىپىي ۋەقەگە قارىتا يۈكسەك هوشيارلىق بولۇشى كېرەك . قاتتىق ھېسسىياتتىن ئۇشتۇمتۇت ھاسىل بولغان ھەرىكىتىڭ ئېھتىياتچانلىقنى تەڭپۇڭ-سىزلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ ، مانا بۇ سىزنىڭ موللاق ئاتىدىغان جايىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئادەم قاتتىق ئاچچىقلانغان ياكى قانائەت ھاسىل قىلغان بىردەملىك ۋاقىت ئىچىدە ئېغىر - بېسىق ھالەتتە تۇرغاندىكىگە قارىغاندا تېز-خىمۇ كۆپرەك خىيال ئىچىدە قالىدۇ . بىر دەقىقە ئىچىدىكى غالجىرلىق سىزنى ئۆمۈرلۈك ھەسرەتتە قالدۇرىدۇ . كۆڭلىگە غەرەز يۈككەن ئادەمنىڭ ئېھتىياتچان كىشىلەرگە ئاشۇنداق تۇزاقلارنى قۇرۇشى رەقىبىنىڭ تېگى - تەكتىنى چۈشىنە-ۋېلىش ۋە رەقىبىنىڭ ئوي - خىيالىنى سىناپ بېقىشى ئۈچۈندۇر . مەخپىيەتلىكنى رازۋېد قىلىۋېلىش ئۈچۈن ، ئۇلار ئەڭ ئۇلۇغۋار روھنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغىچە چوڭقۇرلاپ كىرىشى كېرەك . ئەمدى سىزنىڭ تەدبىرىڭ قانداق بولىدۇ ؟ ئۆ-زۈڭنى تىزگىنلىشىڭ كېرەك ، بولۇپمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئۇشتۇمتۇت پارتلايدىغان ھاياجىنىڭنى بېسىۋېلىشىڭ كېرەك . ئۆزۈڭنىڭ ھاياجىنىنى بېسىۋېلىشىڭ ئۈر-كۆگەن ئاتنى تىزگىنلەشكە ئوخشاپراق كېتىدۇ ؛ ئەگەر سەن ئاتنىڭ ئۈستىدە يىراقنى كۆرەرلىكنى ئىپادىلىيەلىسەڭ ، ھەممە ئىشىڭدا ئەقىللىق بولالايسەن .

خەۋپلىك ئاقىۋەتنى ئالدىن كۆرەلىگەن ئادەم ئۆزىنىڭ يولىنى ئىزدىنىپ تاپالايدۇ . ھاياجانلانغان چاغدىكى گەپ - سۆزنى ئاغزىدىن تۆۋۇقسىز چىقى-رىۋەتكەن ئادەم ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئەرزىمىسمۇ ، ئاڭلىغۇچى ئۇ گەپ - سۆزنىڭ سالمىقىنى ئۆلچىيەلەيدۇ .

208

# هاماقەتلىك كېسىلى بىلەن ئۆلمەسلىك كېرەك

ئەقىللىق ئادەم ئادەتتە هاماقەتلىك بىلەنلا ئۆلۈپ كېتىدۇ . گاللۋاك ئادەم سەممىي مەسلىھەتتىن غىق بولۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ . ئەگەر سەن ئەقلىي خۇلا- سىنى چىكىدىن ئاشۇرۇۋەتسەڭ ، هاماقەتلىكتىن ئۆلۈپ قالىسەن . بەزى كى- شىلەر تولىمۇ سەزگۈر بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ ، يەنە بەزى كىشىلەر بىخۇدلۇقىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ . بەزى كىشىلەر قايسى نەرسە توغرۇلۇق ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن دۆت بولۇپ قالىدۇ ، يەنە بەزى كىشىلەر هەممە ئىشتا پۇشايمان يەۋېرىپ دۆتلىشىپ كېتىدۇ . هەددىدىن زىيادە ئەقىللىق بولۇپ كەتكىنىدىن ئۆزىنى هالاك قىلىۋېتىش ئەخمەقلىقتۇر . بەزى كىشىلەر هەممە نەرسىنىڭ تېگىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىدۇ ، يەنە بەزى كىشىلەر بولسا هەممە ئىشنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن هايات ياشايدۇ . بىر- مۇنچە كىشىلەر هاماقەتلىكىدىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ ، هاماقەتلەردىن ئۆلۈپ كېتى- دىغانلىرى ناهايىتى ئاز بولىدۇ ، چۈنكى ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ياشىدى دېگىلى بولمايدۇ .

## 209

# ئۆزۈڭنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەخمەقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشىڭ كېرەك

بۇنداق قىلىش ئالاھىدە بىر خىل ئېغىر بېسىقلىقنى تەلەپ قىلىدۇ . ئومۇمىيۈزلۈك ئەخمەقلىق ئۆرپ - ئادەتكە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئەنئەنىۋىلەشتۈرۈلگەندە ، شەخسنىڭ نادانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتەلەيدىغان بەزى كىشىلەر كوللېكتىپنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە تاقابىل تۇرالماي قالىدۇ . چاكىنا ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئامىتىگە زادى قانائەت قىلمايدۇ ، ھەممىدىن بەختلىك بولغان ھالەتتىكى ئامىتىگىمۇ شۇنداق ؛ لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئەزەلدىن قانائەت قىلماي قالمايدۇ ، ھەتتا ئەڭ ناچار ھالەتتىكى ئەقىل - پاراسىتىگىمۇ شۇنداق . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىنىدىغان ئىشلىرىدىن رازى بولۇشمايدۇ ، باشقىلارنىڭكىگە بولسا شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ كېتىشىدۇ . بۈگۈنكى كىشىلەر تۈنۈگۈنكى شەيئىلەرگە تولىمۇ ھەۋەس قىلىدۇ ، ئۆزى شۇ جايدا بولسىمۇ باشقا جايدىكى نەرسىلەرگە تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۆتكەن ئىشلار ھامان تېخىمۇ ياخشىدەك ، يىراقتىكى شەيئىلەر ، نەرسىلەر تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ھەممە نەرسىنى مەسخىرە قىلىدىغانلار ھەممە نەرسىنى ناھايىتى پاجىئەلىك دەپ ھېس قىلىدىغانلارغا ئوخشاشلا ئەخمەق كېلىدۇ .

210

# ھەقىقىي ئەھۋالغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلىش كېرەك

ھەقىقىي ئەھۋال خەتەرلىك بولىدۇ ، ئەمما ياخشى ئادەم ئۇنى ئېيتمىسا بولمايدىغان يەرگە كەلگەندە ، بۇنىڭ ئۈچۈن ماھارەت كېرەك . كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىشكە ماھىر دوختۇر ھەقىقىي ئەھۋالنى تېخىمۇ قوبۇل قىلدۇرۇشقا بولىدىغان تاتلىق تەم بەرگۈچ دورىنى ئىختىرا قىلغان ، چۈنكى ھەقىقىي ئەھۋال ئالاقىدار كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىلگەندە ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاچچىق تۇيۇلىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى مۇكەممەل ماھارەت ۋە تازا باب كېلىدىغان ھەرىكەت بولۇشى كېرەك . ئوخشاشلا ھەقىقىي ئەھۋالنى بەزىلەر ئاڭلىسا تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ ، يەنە بەزىلەر ئاڭلىسا دەرغەزەپكە كېلىدۇ . سەن ئەقىللىق كىشىگە مۇئامىلە قىلىۋاتقاندا ، ئازراق بىشارەت بېرىپلا قويساڭ كۇ- پايە ، بەزىدە ھەتتا زادى ئېغىز ئاچمىساڭمۇ بولىدۇ . ئاچچىق دورىنى ھەرگىز بەگ - ئاقسۆڭەكلەرگە بېرىپ سالما ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا ئازراق شېكەر يالىتىپ قويۇپ ئۇلارنى گوللاپ قويغىن .

211

# جەننەت ۋە دوزاخ

جەننەتتە ھەممە راھەت تەل ، دوزاختا ھەممە ئازاب تەل ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر شارىدىلا بىزگە ئازابمۇ بار ، راھەتمۇ بار . بىز ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىكى ماكاندا ياشايمىز ، شۇڭا ھەر ئىككى قۇتۇپ ئاتا قىلغان نەرسىنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئېرىشەلەيمىز . ئاپەت بىلەن بەخت مۇقىم بىر خىل ھالەتتە بولىۋەرمەيدۇ : مەڭگۈ بەختلىك بولۇش مۇمكىن ئەمەس ، ئۆمۈرۋايەت جاپا تارتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس . كىشىلىك تۇرمۇش نۆلگە مىسال ، ئۇنىڭ ئۆزى ھېچ نەرسە ئەمەس . جەننەت قوشۇلغاندا ، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ . دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئىسسىق - سوغۇق بولۇشى ۋە ئۆرلەپ - چۆكۈشىگە مەنسەپ - ئەمەلگە قىزىقماسلىق نىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەقىقىي ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئوبدان چارىسى ؛ ھەقىقىي ئاقىللار يېڭىچە نەرسىگە كۆپ ھاللاردا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ . كىشىلىك تۇرمۇش بەئەينى سەھنىدە قويۇلغان ئويۇنغا ئوخشايدۇ ، پەردە ئېچىش بولىدىكەن ، پەردە يېپىشمۇ بولىدۇ ، ئەقىللىق ئادەم ئوبدان ئاخىرلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىشى كېرەك .

## 212

# پەۋقۇلئاددە ماھارىتى بارلار ماھارىتىنىڭ ھەممىسىنى خەققە كۆرسىتىۋەتمەسلىكى كېرەك

ئۇلۇغ ئۇستازلار ئۆزلىرىنىڭ نازۇك ھۈنىرىنى باشقىلارغا ئۆگەتكەندە ئۆگىتىش ئۇسۇلىدىمۇ كۆپىنچە نازۇكلۇق بىلەن ئەپچىللىكنى ئىشلىتىدۇ . ئاجايىپ ئالاھىدە ماھارىتىڭنى چىڭ ساقلاپ قالالىساڭ ، ئاندىن مەڭگۈ خەقنىڭ ئۇستازى بولۇپ تۇرالايسەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كارامەت ھۈنىرىڭنى كۆرسەتكىنىڭدە تاكتىكىغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك ، ئۆزۈڭنىڭ ئائىلىسىنى بېقىش ھۈنىرىڭنى تولۇق ئاشكارىلاپ قويۇشۇڭغا بولمايدۇ ، شۇنداق قىلالىساڭ نام - شۆھرىتىڭ كەتمەيدۇ ، باشقىلارمۇ سېنىلا ئۆزىگە مەڭگۈ يۆلەنچۈك قىلىدىغان بولىدۇ . ساڭا ھاجىتى چۈشىدىغانلارغا يېتەكچىلىك قىلغىنىڭدا ياكى ياردەم بەرگىنىڭدە ، ئۇلارنىڭ ساڭا چوقۇنۇش پسىخىكىسىنى قوزغىشىڭ ، بىلىم - ماھارىتىڭنى ئاز - ئازدىن چىقىرىپ قويۇشۇڭ كېرەك . يوشۇرۇن مەنىلىك ۋە چەكلىك بولۇش — مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى ھېسابلىنىدۇ ، بولۇپمۇ مۇھىم ئىشتا شۇنداق .

## 213

# ماھىرلىق بىلەن رەت قىلىش

خەقنى تىرىكتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى — ئۆزۈڭ تىنىشدا تۇرۇۋېلىپ ، خەقنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشقا كىرىشتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت . سەن زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ خەقنىڭ كەيپىياتىنى چېچىۋەتسەڭ بولىدۇ . سەن ئىشەنمەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ، خەقنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ سىرىنى ئېيتىۋېتىشكە ئۈندەيسەن ، بۇ مەھكەم ساقلىغان مەخپىيەتنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ ئاتىلىدۇ . ئەگەر تەدبىرنى ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا سالىدىغان بولساڭ ، خەقنىڭ ئارزۇسى ۋە ھۆكمىنى ئېنىقلاپ چىقالايسەن . خەقنىڭ تىگىگە يەتمەك قىيىن بولغان پارچە - پۇرات گەپ - سۆزلىرىگە زېرەكلىك بىلەن پەسەنت قىلمىغان قىياپەتتە يۇرسەڭمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ گەپ - سۆزلەر بويىچە ئىز قوغلاپ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يوشۇرغان مەخپىيىتىنى تېپىپ ، ئاشۇ مەخپىيەتنى ئاز - ئازدىن ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا چىقارغۇزۇپ ، ئاخىردا مۇددىئا تورۇڭغا كىرگۈزۈۋالىسەن . ئېھتىياتچان ئادەمنىڭ كەم سۆزلۈك قىلىپ يۈرۈشى كۆپ چاغلاردا خەقنىڭ گەپ ساندۇقىنى ئېچىشقا تۈرتكە بولىدۇ ، نەتىجىدە گەپ قىلغۇچى ئەسلىدە دىمەسلىككە تېگىشلىك بولغان جايدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىچكى دەردىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ . ئىقابلانىغان گۇمانسىراش پوزىتسىيىسى شۇنداق كارامەت بىر ئاچقۇچكى ، ئاشۇ ئاچقۇچ سىنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ . ئىلىم مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ ، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىمۇ ئوقۇتقۇچىسىغا رەددىيە بېرىپ ، ئۇنىڭ ھەقىقەتنى شەرھلەش ۋە قوغداش كەيپىياتىنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ . مۇئەللىمگە ئېھتىياتچانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن مۇسابىقە ئېلان قىلىش — ئوقۇتقۇچىسىنى ئۆگىتىش جەھەتتە بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارىدۇ .

## 214

# ئەخمىقانىلىك قايتىلانمىسۇن

بىز دائىم بىرەر ئەخمىقانە ئىشنى تۈزىتىۋالىمىز دەپ ئەخمىقانە ئىشتىن يەنە تۆتنى سادىر قىلىپ قويىمىز . كىشىلەر دائىم : يالغان گەپ باشلانغانىكەن ، ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ ، دېگەنسېرى يالغانچىلىق چوڭىيىپ كېتىدۇ ، دېيىشىدۇ . ئەخمىقانە ئىش قىلىشمۇ شۇنداق بولىدۇ . خاتا بولغاندىكىن ئۇنىڭدىن يانماي ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش ياخشى ئەمەس ، ئەگەر خاتا بولغان تۇرۇپ ئۇنى يېپىشنى بىلمەسلىكمۇ تېخىمۇ يامان . كىشىلەر ھامان ئۆز سەۋەنلىكلىرى ئۆچۈن بەدەل تۆلەيدۇ ، ئەمما سەۋەنلىكى بارلىقى ئېنىق تۇرۇقلۇق يەنە قەستەن ئۇنى ئاقلاش ، ھەتتا تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىش تېخىمۇ جىق بەدەل تۆلەشكە ئېلىپ بارىدۇ . كاتتا دانىشمەنلەرمۇ خاتالىق سادىر قىلىدۇ ، ئەمما قايتا سادىر قىلمايدۇ ؛ تاسادىپەن خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇشنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئۇ خاتالىقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي يۈرىۋېرىشكە ياكى خاتالىقنى ماكان تۇتۇۋېلىشنى ئىختىيار قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ .

215

# يولسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلاردىن پەخەس بولۇش كېرەك

زىرەك ئادەم باشقىلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى چې-چۇۋېتىشكە ماھىر كېلىدۇ . دىققىتى چېچىۋېتىلگەنلەر ئاسانلا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ . يولسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى يوشۇرۇشقا ئۇستا كېلىدۇ ، ئەسلى مەقسىتى بىرىنچىلىكنى ئېلىۋې-لىش بولسىمۇ ، كۆپ ھاللاردا ۋاقتىنچە ئىككىنچى بولۇپ تۇرۇشقا رازى بولىدۇ . ئۇلارنىڭ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن قول سېلىشتىكى ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئۇلارنىڭ ساداق تارتىپ ئوقنى چەنلىگەنلىكىنى ھېچكىم كۆر-مىگەن ۋاقىتتىن باشقىچە بولمايدۇ . ئۇلار مېنى قەستلەش نىيىتىدىن يانمىغان-كەن ، مەنمۇ تەبىئىي ھالدا باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلىشنىڭ ھەممە تەييارلىقىنى ھەممە ۋاقىت بوشاشتۇرماسلىقىم كېرەك . ئۇلار مېنى قەستلەش غەرىزىنى ئاش-كارىلىماي يوشۇرۇن تۇتۇپ تۇرغان چاغدا ، تېخىمۇ بەك ھەسسىلەپ ھوشيار بولۇشۇم كېرەك . باشقىلارنىڭ سۈيىقەست ، ھىيلە - مىكىرلىرىنى چوقۇم پە-خەس بولۇپ بىلىۋېلىش كېرەك . ئۇلارنىڭ لەرزان ئۇچۇپ كېتىپ ، پۇرسەت كۈتۈپ ئولجىغا ئىگە بولۇۋېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك . ئۇلار سۈيىقەس-تىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشى ئۈچۈن ، كۆپىنچە ئۇياقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ بۇياقتىن زەربە بېرىدۇ ، ئۇياقتىن بۇياققا ئايلىنىپلا يۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ شەكلەن يوشۇرۇندا يول قويۇپ قويغانلىقى بىلەن ھەرگىز ئاسانلىقچە ئىشىنىپ بوشىشىپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك . بەزى چاغدا ، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل : ئۆزۈڭنىڭ ئۇلارنىڭ نەيرەڭۋازلىقىنى بىلىپ بولغانلىقىڭنى بىلىندۈرۈپ قويۇش-تىن ئىبارەت .

216

# ئۆزىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئاددىي بولغاننىڭ ئۈستىگە راۋان بولۇشى كېرەك

بەزىلەر بىرمۇنچە بالىغا ھامىلدار بولسىمۇ ، كۆپىنچە تۇغۇتى قىيىنلىشىپ تۇغالمايدۇ . ئېنىق ئىپادىلىيەلمىگەچكە ، ئىدىيىسىنىڭ بالىسى بولمىش ئۇقۇم بىلەن پىكىر يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە بولالماي قالىدۇ . بەزى كىشىلەر گويا ھاراق كۆپىكىگە ئوخشاش بولسىمۇ ، چىقىرىدىغىنى بەك ئاز ؛ بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىيەلەيدۇ . ئىرادە ھۆكۈم قىلىشقا جۈرئەتلىك بولۇشى ، زېھىن كۈچى ئېنىق ئىپادىلىيەلىشى كېرەك ، مانا مۇشۇ ئىككىسى ئۇلۇغ تۇغما قابىلىيەت ھېسابلىنىدۇ . پىكىر قىلىش يولى ئېنىق ئادەم كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىدۇ ، كاللىسى قالايمىقان ئادەمنى كىشىلەر تاشلىۋېتىدۇ ؛ ۋەھالەنكى ، بەزى چاغدا تۇتۇقراق ئىپادىلەش قوپال ئىپادىلىگەندىن كۆپ ياخشى بولىدۇ . لېكىن ، بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىمىزنى ئۆزىمىزمۇ ئېنىق بىلمىسەك ، باشقىلار ئاڭلىغاندا قانداق چۈشىنەلەيدۇ ؟

## 217

# مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئۆزگەرمەس نەرسە بولۇپ قالمىسۇن

دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىڭىزدا ، ئۇلارنىڭ ساڭا كۆشەندە بولۇپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ قويۇشۇڭىز كېرەك . بۇنداق ئىشلار ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەنمۇ بولغانىكەن ، بالدۇرراق ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم . دوستلۇقنى دەپ قورالسىزلىنىپ قېلىشىمىزغا بولمايدۇ ؛ بولمىسا ، ئەڭ قىيىن ئۇرۇشمۇ مانا مۇشۇ يەردە پارتلىشى مۇمكىن . ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئالدىمىزدا رەقىب تۇرغاندا مۇرەسسە قىلىش ئېھتىمالىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك . ھەممە ۋاقىت ھوشيار تۇرۇش ئەڭ ياخشى ئامالدۇر . قىساس ئېلىش خۇشاللىقى بەزىدە قىيناشقا ئۆزگىرىدۇ ، خەقنى يارىلاندۇرۇش راھىتى بەزىدە ئازابقا ئايلىنىدۇ .

218

# ئىش قىلغاندا كاجلىق قىلماي ، پۇختا ئويلىنىش كېرەك

ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش زىيانلىقكى ، پايدىسىز — ھېسسىيات بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ . بەزى كىشىلەر ھەرقانداق ئىشتا ماجىرا تۇغدۇرالايدۇ ، قانداقلىكى ئىش قىلسا باندىتقا ئوخشايدۇ ، نېمە ئىش قىلسىمۇ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇۋېلىش خىيالىدا بولىدۇ . ئۇلار تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش دېگەننى ئەسلا ئۇقمايدۇ . ئۇنداقلارنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى تولىمۇ زىيانلىق . ئۇلار ھۆكۈمەتنى گۇرۇھقا ئايرىۋېتىپ ، بالىلارغا ئوخشاش مۇلايىم كىشىلەرنىمۇ دۈشمەن قىلىپ قويىدۇ . ئۇلار نېمە ئىش قىلسىمۇ ئوغرىلىقچە قىلىدۇ ، ئىشى ئېقىپ قالسا ، ئۆزلىرىنى پەم ـ پاراسەتلىك دەپ ھېسابلايدۇ . ئۇلارنىڭ غەلىتە مىجەزىنى باشقىلار سېزىپ قالغان ھامان ، ئۇلار شەرمەندە بولۇپ قالغىنىدىن غەزەپلىنىپ كېتىدۇ . شۇڭا ئۇلار ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ . ئۇلار بارلىق ئەلەملىرىنى ھەزىم قىلىپ كېتەلمەي قالىدۇ ـ دە ، ئۇلارنىڭ قورساقلىرىنىڭ ئاغرىغانلىقلىرىغا باشقىلار خۇشال بولۇپ يايراپ كېتىدۇ . ئۇلارنىڭ ھۆكمى ، ھەتتا بەزىدە ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ دەشنامغا قالىدۇ . بۇنداق غەلىتە مەخلۇقلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا مەدەنىيلىكتىن قېچىپ ، ياۋايىلار بىلەن ئۈلپەت بولۇش يولى ئارقىلىق ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ . چۈنكى ، ياۋايى ئادەملەرنىڭ نادانلىقى نادانلارنىڭ ياۋايىلىقىدىن ياخشىراق بولىدۇ .

219

# مەككارلىق بىلەن نام چىقارما

ئۇنىڭسىز ياشاشقا ئامالىڭ بولماي قالغان تەقدىردىمۇ ، مەككارلىق بىلەن نام چىقارما . ئىبھتىيات قىلىش مەككارلىق قىلىشتىن كۆپ ياخشى . ھەممەيلەن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەمما ھەممەيلەن باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشنى خالاۋەرمەيدۇ . سەمىمىيلىك ساددىلىققا ئايلىنىپ قالماسلىقى ، ئاقىلانىلىكمۇ قۇۋلۇققا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك ؛ سىرلىق بولۇپ قورقۇنچ پەيدا قىلىپ قويۇشتىن ئەقىللىق بولۇپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ چۈشىدۇ . سەمىمىي ئادەم ئىززەتلىنىدۇ ، ئەمما داۋاملىق ئالدىنىپ قالىدۇ . مەككارلىق ئالدامچىلىق دەپ قارىلىدۇ ، شۇڭا ئەڭ ياخشى چارە ئۇنى يوشۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت . چىن ئاق كۆڭۈللۈك ئالتۇن دەۋردە گۈللەنگەن بولسىمۇ ، بۇ رەھىمسىز دەۋرىمىزنى دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك قاپلاپ كەتتى . ئىقتىدارلىق دەپ قارىلىش بىر خىل شەرەپ ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ ئىشەنچنى ئۇرغۇتىدۇ ؛ لېكىن زېرەك دەپ قارىلىش ھامان كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويىدۇ .

## 220

# شىر تېرىسىگە ئورنىيالمىساڭ ، تۈلكە تېرىسىگە ئورنىۋال

دەۋرنىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىش ئاشۇ ئېقىمغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ . ئەگەر سەن ئارزۇيۇڭنى ئەمەلگە ئاشۇرساڭ ، نام ـ ئابرۇيۇڭ كەتمەيدۇ . ئەگەر جاسارىتىڭ ئاجىز بولسا ، ئۇستىلىق ئىشلىتىپ باقساڭ بولىدۇ : بۇ يول ئاقمىسا ، يەنە بىر يول ئالماشتۇرغىن .

جاسارەت بىلەن ئاچىدىغان پارلاق داغدام يولمۇ بار ، ئەپچىللىك بىلەن ياسالغان يېقىن يولمۇ بار . جاسارەت بىلەن پەم ـ تەدبىرنى سىلىشتۇرغاندا ، پەم ـ تەدبىر بىلەن ئېلىش كۆپ بولىدۇ ؛ جاسارەت بىلەن تەدبىر بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالسا ، پەم ـ تەدبىر غالىب كېلىدۇ ، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ . ئەگەر سەن مەقسەت ـ مۇددىئايىڭغا يېتەلمەي قالساڭ ، خەقلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايسەن .

## 221

# ئۆزۈڭگە ياكى باشقىلارغا قارىماستىن، يېنىكلىك بىلەن ئاسانلا ئاچچىقلانما

ئۆزۈڭگە ياكى باشقىلارغا قارىماستىن ، يېنىكلىك بىلەن ئاسانلا ئاچچىقـلىنىپ كەتمە . بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭمۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئىززىتىنى ساقلىيالـماي قالىدۇ ، ئۇلار هامان ئەخمەقلىقنىڭ گىردابىغا يىقىنلىشىپ قالغان بولىدۇ . بۇنداقلارنى ھەممە جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇكى ، ھەرگىز بىللە تۇرغىلى بولـمايدۇ . بىر كۈن ئىچىدە بىرەر يۈز خىل ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ . ئۇلارغا ھەممە ئىش باشقىچە تۇيۇـلۇپ قالىدۇ ، ئۇلار قانچە ئادەمگە رەددىيە بەرگەن بولسا ، شۇنچە ئادەم ئۇـلاردىن نارازى بولىدۇ . ئۇلار ھۆكۈمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ ، ھېچـقانداق نەرسىنى قۇۋۋەتلىمەيدۇ . لېكىن ، بىزنىڭ ئېھتىياتچانلىقىمىزنى ھەمـمىدىن بەك سىنىيالايدىغىنى قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان ، ئەمما يەنە تېخى ھەممە ئىشتىن چاتاق چىقىرىپ ـ قۇسۇر ئىزدەپلا يۈرىدىغان ئادەمـلەردۇر . نارازىلىق چۆلى چەكسىز بولىدۇ ، ئۇنى خىلمۇخىل غەلىتە مەخلۇقلار قاپلاپ كەتكەن بولىدۇ .

## 222

# ئېھتىيات قىلىپ ئىككىلىنىش — ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئىپادىسى

تىل گويا ياۋايى ھايۋانغا ئوخشايدۇ ، تىزگىنىدىن بوشىغان ھامان ئۇنى قايتىدىن قەپەسكە كىرگۈزۈۋېلىش تولىمۇ تەسكە چۈشىدۇ . تىل جاننىڭ تومۇرى بولۇپ ، دانىشمەنلەر ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ساغلاملىقىمىزنى سىنايدۇ ، ئويچان ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلايدۇ . بەزىدە بەختكە قارشى ، ئەسلىدە ھەممىدىن ئېھتىياتچان بولۇشقا تېگىشلىك ئادەملەر كۆپ ھاللاردا ھەممىدىن بەك ئېھتىيات قىلماي قالىدۇ . دانىشمەن ئادەم قىيىن ۋە خەتەرلىك ئەھۋالدىن ساقلىنىدۇ ، ئۆزىنى تىزگىنلەش قابىلىيىتىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ ، دانىشمەنلەر قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ئىش قىلىدۇ : ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ ئېتىبار بېرىشتە رىملىق دەرۋازا تەڭرىسى جىناسقا ، ھوشيارلىقتا ئارگوسلۇقلارغا ئوخشايدۇ . تېخىمۇ ئەقىللىق بولغان مومۇس① ئالقىنىغا كۆز چىقىرالايدۇكى ، كۆكسىگە دېرىزە چىقىرالمايدۇ .

---

① مومۇس —مومۇس ھېپىستوسنى ئادەم ياراتقان بولسىمۇ ، ئۇ « ئادەمنىڭ كۆكسىدىن باشقىلار ئۇنىڭ سىرلىق خىيالىنى كۆرۈۋالالايدىغان كىچىك بىر ئىشىك قويۇپ قويمىغان » دەپ ئەيىبلىگەن .

223

## غەلىتە ئادەم بولۇپ قالما

قەستەن قىلىق چىقارغانلىقتىنمۇ ياكى دىققەت قىلمىغانلىقتىنمۇ ، ئىشقىلىپ خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ قىلىقى غەلىتە بولۇپ كۆرۈنىدۇ . ئۇلارنىڭ غەلىتە ئىشلىرىنى باشقا كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئالامىتى دېگەندىن كۆرە ، ئۇلار-نىڭ كەمچىلىكى ، دېگەن تۈزۈك . بەزىلەرنىڭ تەلەتى بەك سەت بولغانلىقىدىن ھەممەيلەنگە مەلۇم بولۇپ كەتكەن ، لېكىن غەلىتە ئادەملەر ھەرىكەت شەكلى-نىڭ زىيادە باشقىچىلىقى بىلەن نام چىقارغان . غەلىتىلىك ئابرۇيۇڭنى يەرگە ئۇرىدۇ ، سېنىڭ ئۆزگىچە ۋە مۇۋاپىق بولمىغان سۆز - ھەرىكەتلىرىڭ بەزى چاغلاردا يا مەسخىرە ، يا بىئاراملىق پەيدا قىلىدۇ .

## 224

# شەيئىلەرگە ئەينەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىڭلار

ۋەزىيەت ساڭا تەتۈر كېلىپ قالغان تەقدىردىمۇ ، سەن ھەرگىز تەتۈر ئىبقىم بويىچە ھەرىكەت قىلما . ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ . ئەگەر سەن پىچاقنىڭ بىسىنى تۇتۇپ قالساڭ ، ئەڭ ياخشى ئىشمۇ سېنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويىدۇ ؛ ئەگەر سەن پىچاقنىڭ سېپىنى تۇتساڭ ، ئەڭ زىيانلىق ئىشمۇ سېنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ . ئىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى ئويلايدىغانلا بولساڭ ، بىرمۇنچە ئازابلىق ئىشمۇ ساڭا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ .

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىجابىي ، سەلبىي تەرىپى بولىدۇ ؛ ماھارەت ئىشنى قانداق قىلىپ ئۆزۈڭگە پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشتە . ئىش ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن قارىغاندا ئوخشاش بولمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، خۇشاللىق نۇقتىسىدىن قارىشىڭ كېرەك . ياخشى بىلەن يامانىنى ھەرگىز ئارىلاشتۇرۇپ قويما . بەزى كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشتا قانائەت ھاسىل قىلالىشى ، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ھەسرەت ـ نادامەتكە يولۇقۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇلار . ھەرقانداق ۋاقىت ، ھەرقانداق بىر خىل قوغلىشىشتا شور پېشانىلىككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسى بولۇشى كېرەك ، بۇمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ بىر قانۇنىيىتى ھېسابلىنىدۇ .

225

# ئۆزۈڭنىڭ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكىنى چۈشەن

ھەربىر خىل ئىقتىدارنىڭ مۇناسىپ ھالدا يېتەرسىزلىكى بىللە بولىدۇ ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا تىز پۈكسەڭ ، ئۇ ساڭا زالىم پادىشاھقا ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ . ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ ئامالى : كۆپرەك پەخەس بولۇشتىن ئىبارەت . دەسلەپتىلا ئۇنىڭ زادى قانداق يېتەرسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭ كېرەك . سەن ئۇنىڭغا سېنىڭ يېتەرسىزلىكىڭ سەۋەبلىك سېنى ئەيىبلىگەن ئادەمگە دىققەت قىلغاندەك دىققەت قىلىشىڭ كېرەك . سەن ئۆزۈڭنىڭ خوجايىنى بولۇش ئۈچۈن ، ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك . مۇشۇ ئاساسلىق يېتەرسىزلىكىڭ تەسلىم بولىدىغانلا بولسا ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا بوي ئېگىدۇ .

226

# كىشىلەرنىڭ ياخشى تەسىراتىغا ئېرىشىشىڭ كېرەك

بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ خاراكتېرى سەۋەبىدىن ئەمەس ، ئامالسىزلىقىدىن بولىدۇ . ھەرقانداق كىشى بىزنى يامان نەرسىگە ھەقىقىي ئىشەندۈرەلەيدۇ ، چۈنكى يامان ئىش ئاسانلا كىشىنى ئىشەندۈرۈپ قويىدۇ ، گەرچە بەزىدە ئۇ قارىماققا ئىشەنچلىك ئەمەستەك بىلىنسىمۇ . بىز ھەرقانچە ياخشى ، ھەرقانچە كۆزگە كۆرۈنگەن بولساقمۇ ، يەنىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتىگە تايىنىمىز . بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ توغرا چۈشىنىپ ھېسداشلىق قىلىشىغىلا قانائەت قىلىپ قالىدۇ . لېكىن بۇ كۇپايە قىلمايدۇ ، بىز يەنە بېرىلىپ ئىشلىشىمىز كېرەك . باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىشنىڭ بەدىلى كۆپ بولمىسىمۇ ، پايدىسى كۆپ بولىدۇ . ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشى گەپ ـ سۆزنىڭ شاراپىتى بىلەن بولىدۇ . ئالەممۇ ئائىلىگە ئوخشايدۇ ، ئائىلىدىكى كىچىككىنە بىر تال ئەسۋابمۇ بىر يىل ئىچىدە كەم دېگەندە بىرەر قېتىم ئىشلىتىلىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ قىممىتى ئانچە يۇقىرى بولمىسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىزگە ناھايىتى لازىم . شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى ، كىشىلەر بىرەر ئىش توغرۇلۇق پاراڭ قىلغانلىرىدا ، ھامان ئۆزلىرىنىڭ تۇيغۇسى بويىچە ماڭىدۇ .

227

## تۈنجى تەسىراتىڭغا چىڭ يېپىشىۋالما

بەزى كىشىلەر تۈنجى تەسىراتنى ئەلچى قويۇپ داغدۇغا بىلەن ئالغان چوڭ خوتۇنىدەك كۆرىدۇ ، ئەمما كېيىنكى تەسىراتلىرىنى بولسا كىچىك خوتۇنىدەك كۆرىدۇ . خاتا تۇيغۇ ھامان باشتا پەيدا بولغاچقا ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ . بىرىنچى بولۇپ كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولغان نىشاننى ئىرادەڭگە تولدۇرۇۋالما ، بىرىنچى خىيالىڭنىمۇ مېڭەڭگە قاچىلىۋالما ، ئۇنداق قىلساڭ ، ئۆزۈڭنى تىرەنلىك يوقتەك قىلىپ كۆرسىتىپ قويىسەن . بەزى كىشىلەر يېڭىدىن ئالغان رومكىغا دەسلەپتە قۇيۇلغان ھاراقنىڭ تەمى قالغاندەك قىلىپ مۇئامىلە قىلىدۇ ، ئۇ ھاراقنىڭ ياخشى - يامانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ . باشقىلار بۇنداق چەكلىمىنى بىلگەندىن كېيىن ھامان غەرەز بىلەن پىلان قۇرىدۇ . نىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغان كىشىلەر سىنىڭ ئاسانلا ئىشىنىدىغان ئىشلىرىڭنى ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ھەرقانداق بىر خىل رەڭدە بوياپ ئۆزگەرتىۋالىدۇ . بىز ھامان ۋاقىت چىقىرىپ ھەربىر ئىش ئۈستىدە قايتا - قايتا باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك . ئالېكساندىر ھېكايىسىنىڭ 2 - تەرىپىنى ئاڭلاپ بېقىشقا دائىم ئىككى قۇلىقىنى ئېلىپ قويۇشقا باشتىن - ئاخىر دىققەت قىلغانىكەن . 2 - ۋە 3 - تەسىراتىڭغا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك . ئاسانلا باشقىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەنلىكىڭ سىنىڭ تىرەنلىكىڭنىڭ كەملىكىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ ، بۇمۇ ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلغاندىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ .

228

# باشقىلارغا ۋالاقلاپ تۆھمەت چاپلىما

باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاشقا ئادەتلىنىش بىلەن نام چىقارما . قانداق قىلىپ باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزۈڭ پايدا ئېلىشقا زېرەك بولۇپ كەتمە ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئانچە تەس ئەمەس ، خەقنىڭ تۆكۈرۈپ تاشلىشىغا ئۇچرايسەن ، خالاس . بارلىق ئادەم سەندىن ئۆچ ئېلىش كويىدا بولىدۇ ، يامان گېپىڭنى قىلىشىدۇ ، ئۆزۈڭنىڭ يار ـ يۆلەكسىز قېلىشىڭ ، باشقىلارنىڭ ئادىمى كۆپ ، تەسرى كۈچلۈك بولۇشى بىلەن ئاسانلا مەغلۇپ قىلىنىسەن . باشقىلارغا ئىچى تارلىق قىلما ، باشقىلارنىڭ ئىشىغىمۇ قوشۇق سېلىۋالما . گەپ توشۇپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان ئادەممۇ كىشىلەرنىڭ قاتتىق ئۆچمەنلىكىگە قالىدۇ . ئۇ بەلكىم ئالىيجاناب كىشىلەر ئارىسىغا ئارىلىشىپ يۈرۈشى مۇمكىن ، ئەمما ئۇلار ئۇنى ئىبھتىيات ئۆلگىسى ئەمەس ، بەلكى كۈلكە ماتېرىيالى قىلىۋالىدۇ . خەقنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلار باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى تېخىمۇ ئاڭلىغۇسىز يامان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالىدۇ .

## 229

# تۇرمۇشۇڭنى ئەقىلگە مۇۋاپىق تەقسىملە

تۇرمۇشۇڭنى قالايمىقان قىلىۋەتمەي ، ئەقىلگە مۇۋاپىق قىلىپ تەقسىملە . بىرەر جىددىي ئىشقا يولۇقۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ، ئالدىن كۆرەرلىكلىك بولۇشى ، ھۆكۈم قىلالىشىڭ كېرەك . ئارام ئېلىش بولمىغان تۇرمۇشقا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ ، ئۇ گويا بىر كۈن كەچكىچە يول يۈرسىمۇ بىرەر كىچىك دەڭگىمۇ يولۇقمىغانغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ . تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك قىلىشنىڭ ئۇسۇلى مول بىلىملىك بولۇشتىن ئىبارەت . گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ئۈچۈن ، قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بىرىنچى ئىش قەدىمكى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشىمىز كېرەك — بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش بىلەنلا باشقىلارنى چۈشىنىشىمىز ، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك . كىتاب بىزنى ئانىي ئاپىماي سادىقلىق بىلەن چوڭ قىلىدۇ . ئىككىنچى ئىش ھايات كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىشىمىز كېرەك — دۇنيادىكى بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى كۆرۈشىمىز كېرەك . شەيئىلەرنىڭ ھەممىۋاسى بىرلا يەردە بولمايدۇ . ئەگەر تويلۇق كىيىم ـ كېچەك ، زىبۇزىننەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويساق ، ئالەم ئاتىمىز مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ ھەممىدىن سەت قىزىغا بېرىۋېتىدۇ . ئۈچىنچى ئىش پۈتۈنلەي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ — پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش كۆللى شەيئى ئىچىدىكى ھەممىدىن چوڭ خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ .

230

# كۆزۈڭنى ۋاقتىدا ئاچ

كۆرەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىپ تۇرۇشى نا-
تايىن ، كۆزلىرىنى ئېچىپ يۈرگەنلەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ كۆرەلىشى ناتايىن .
بەك كېچىكىپ ئويغىنىش ئامان - ئېسەنلىك ئېلىپ كەلمەي ، بەلكى پۇشايمان
ئېلىپ كېلىدۇ . بەزىلەر ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان چاغدا ئاندىن
بىرىپ قارايدۇ — ئۇلار ئۆزلىرىنى بايقاشتىن بۇرۇن ئائىلە ۋە مال - مۈلۈك
بىساتىدىن تامامەن مەھرۇم بولغان بولىدۇ . ئىرادىسىز ئادەمگە چۈشــىــنىش
ئىقتىدارىنى بېرىش قىيىن ، چۈشىنىش ئىقتىدارى بولمىغان ئادەمگە ئىرادە بې-
رىش تېخىمۇ قىيىن . كىشىلەر ئۇلاردىن گويا يولدا ئەمادىن ياندىاپ ئۆتۈپ
كەتكەندەك ياندىاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشىدۇ ، چۈنكى
ئۇلار سەمىمىي نەسىھەتكە قۇلاق سېلىشمايدۇ ، كۆزلىرىنى ئېچىپ قاراپمۇ بې-
قىشمايدۇ . بەزى كىشىلەر ئاشۇنداق قارىغۇلارغا چوقۇنۇپ كېتىدۇ — باشقىلار
قارىغۇ بولمىغاچقا ، ئۇ قەستەن قارىغۇ بولۇۋالىدۇ . كۆزى كۆرمەس بولۇپ
قالغان خوجايىنغا مەنسۇپ ئات بەختسىز بولىدۇكى ، ئۇ ئەبەدىلئەبەد تۆكلىرى
يالتىراپ تۇرىدىغان چىرايلىق ئات بولالمايدۇ .

## 231

# چالا قالغان ئىشنى باشقىلارغا كۆرسەتمە

ھەرقانداقلىكى ئىشنى مۇكەممەل تاماملىغاندىن كېيىن باشقىلارغا كۆرسىتىش كېرەك . ھەنىنۋا ئىش دەسلىپىدە تېخى مۇقىم شەكىل ھاسىل قىلمىغان بولىدۇ ، ئۇ چاغدا كىشىلەرگە خالىغانچە كۆرسەتكەندە ، كىشىلەرگە ئۇمۇرۋايەت چاللىق ئوبرازى قالىدۇ . ئۇنى تولۇق پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا دېگەندەك مۇكەممەل بولمىغان شەيئىلىكىنى ئېسىمىزگە ئالساقمۇ ، كۆڭلىمىز بەك ئېلىشىدۇ . غايەت زور بىر نەرسىگە كۆزىمىز چۈشۈپ قالسا ، بىزنىڭ ئۇنىڭ قىسمەن يېرىنىلا كۆرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس ، لېكىن بۇنداق قىلىش بىزنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇمىزنى قانائەتلەندۈرىدۇ . بارلىق شەيئى مەۋجۇت بولماستا يوق بولىدۇ ؛ ئۇلار مەۋجۇت بولۇشقا باشلىغاندىمۇ مەۋجۇت بولمىغاچقا يېقىنراق بولىدۇ . ئەگەر تەملىك بولغان بىرەر قورۇمنىڭ پىشۇرۇلۇش جەريانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىڭدىمۇ كۆڭلۈڭ ئېلىشىدۇ . ھەقىقىي ئۇستاملار شۇ قەدەر ئىنچىكە بولىدۇكى ، قولىدىكى ئىشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايدۇ . تەبىئەتتىن ئۈگىنىپ ، ئەسرىڭ تېخى كۆزگە يېقىملىق كۆرۈنمەيدىغانلا بولىدىكەن ، باشقىلارغا كۆرستىپ يۈرمە .

## 232

# ئاز - تولا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ باقىقىن

ھەممىدە ئىدىيە ئارقىلىقلا ئىش پۈتتۈشى ناتايىن ، يەنە ئۆزۈڭ ھەرىكەت قىلىشىڭ كېرەك . ئەڭ ئەقىللىق ئادەملەر ھەممىدىن ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ — ئۇلاردا بىرمۇنچە ئاجايىپ بىلىملەر بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجدىن خەۋەرسىز بولىدۇ . يۇقىرى دەرىجىدىكى شەيئىلەر توغرۇلۇق چوڭقۇر ئويلىنىشلىرى ئۇلارغا تېپىز ، ئاممىباب شەيئىلەرگە يېقىن-لىشىشقا ئىمكان بەرمەيدۇ . ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق شەيئىنىڭ نېمە ئى-كەنلىكىنى —باشقا ھەرقانداق كىشى ماھىر بولغان بىر ساھەنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، بىر بولسا بىلىمى يۇزەلا بولغان ئاممىنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بو-لۇپ قالىدۇ ، بىر بولسا بىلىمسىز - نادان دەپ قارىلىپ قالىدۇ . شۇڭا ، ئە-قىللىق ئادەملەر ئالدىنىپ قالماسلىقى ، مەسخىرىگە قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئاز - تولا بولسىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشى كېرەك . ئىشنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇش كېرەككى — بۇ تۇرمۇشتىكى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىش بولمىسىمۇ — لېكىن كەم بولسا زادى بولمايدىغان ئىش . بىلىم ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا بولمايدىغان بولسا ، ئۇنىڭ نېمە پايدىسى ؟ بۈگۈنكى كۈندە ھەقىقىي بىلىم — قانداق ياشاشنى بىلىشتە .

## 233

# باشقىلارنىڭ ھەۋەس - قىزىقىشلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قالما

باشقىلارنىڭ ھەۋەس - قىزىقىشىنى خاتا چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك . بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ياخشى تەسىراتىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ئادەمنى بىزار قىلىۋېتىدۇ ، بۇ ئۇلارنىڭ قارشى تەرەپنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمىگەنلىكىدىن بولىدۇ . ئوخشاشلا بىر ئىشنى بەزىلەر خۇشامەت دەپ بىلسە ، يەنە بەزىلەر ھاقارەت دەپ بىلىدۇ . سەن ئۆزۈڭچە ، خەقنىڭ ئىشىغا ياردەمدە بولدۇم ، دەپ بىلگىنىڭ بىلەن ، ئۇ تېخى چىشىمغا تەگدى ، دەپ ھېس قىلىپ قالىدۇ . بەزى چاغلاردا سەللا مېڭە ئىشلىتىپ باشقىلارغا ياخشىچاق بولۇشنىڭ ئۈنۈمى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغانغا قارىغاندا ئوبدانراق نەتىجە بېرىدۇ . سەن باشقىلارغا ياخشىچاق بولماقچى بولساڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلىشى يوقىتىپ قويغانلىقىڭنى سېزىشكە باشلىغىنىڭدا ، ئالللقاچان باشقىلارنىڭ تەشەككۈرىدىن قۇرۇق قالغان بولسەن ھەمدە يوسۇن - رەسمىيەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن باشقىلارنى رەنجىتىپ قويسەن . ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنمىسەڭ ، ئۇنى رازى قىلالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، بەزىلەر خەقكە خۇشامەت قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىغىنى بىلەن ، باشقىلار ئۇنى ھاقارەت قىلدى ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ : مانا بۇ ھەققەتەنمۇ ئۆزىگە ئۆزى بالا تېپىۋېلىش بولىدۇ - دە ! باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار بىزنى مەدھىيىلەۋاتقان دەپ قاراۋاتقاندا ، بىز تېخى روھىي دۇنيايىمىز قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز

## 234

# سەن ئابرۇيۇڭنى خەققە هاۋالە قىلساڭ ، ئۇ ساڭا ئابرۇيىنى رەنگە قويىسۇن

هەر ئىككىڭلار ئۇچۇن گەپنى بەك تولا قىلساڭ جازالىنىسەن ، جىم تۇرساڭ پايدىسى بار ، دېگەن نەسىھەت ئوخشاشلا ئۇنۇم بېرىدۇ . ئىش شۆھرەتكە چېتىلغان هامان ، هەممەيلەننىڭ مەنپەئەتى بىردەك بولىدۇ : ئۆزۈڭنىڭ شۆھرىتى ئۇچۇن خەقنىڭ شۆھرىتىنى قوغداشقا دىققەت قىلىشىڭ كېرەك . ئەڭ ياخشىسى مەخپىيەتلىكنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويماسلىق كېرەك ؛ ئاشكارىلاپ قويغان هامان ، ئىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ، مەخپىيەتلىكنى ئاڭلىغۇچىغا پەخەس بولۇشنى تاپىلاش كېرەك . جانىجان مەنپەئەتى بىر بولغاندا ، ئاندىن پايدا ـ زىياننى تەڭ كۆتۈرىدىغان بولىدۇ ، سىردىشىڭمۇ سېنىڭ مەخپىيىتىڭدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ساڭا تاقابىل تۇرىدىغان بولمايدۇ .

## 235

# باشقىلاردىن قانداق ياردەم تەلەپ قىلىشنى بىلىپ قوي

بەزى ئىش بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ ، ئەمما يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى ئاسان بىلىنىدۇ . بەزى كىشىلەر بۇ ئالەمگە تۇغۇلۇشىدىنلا « ياق » دېگەننى بىلمەيدۇ ، بۇنداقلارغا ھېچقانداق ۋاستە ۋە تەدبىر قوللىنىشنىڭ ھاجىتى يوق . يەنە بەزى كىشىلەر « ياق » دېيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولىدۇ ، ئۇنداقلارغا كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ خىلدىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا مۇۋاپىق پەيت تاللىشىڭ كېرەك . قارشى تەرەپنىڭ سەزگۈسى ئادەتتىن تاشقىرى بولۇپ ، سېنىڭ مۇددىئايىڭنى بىلىپ قالغان ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى خۇشال ، روھى بىلەن تېنى ئارامىدىكى پەيتتە تەلەپ قويۇشۇڭ كېرەك . خۇشال بولغان كۈن باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشنى خۇشاللىق بىلىدىغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ ، چۈنكى خۇشاللىق ئىچىدىن تېشىغا تېپىدۇ . ئەگەر بىرەرسىنىڭ رەت قىلىنغاندىلىقىنى كۆرگىنىڭدە ھەرگىز سەنمۇ ئارىغا قىستىلىپ كىرىۋالما . « ياق » دېگەن سۆز ئېغىزدىن بىر چىقىپ كەتكەنىكەن ، قايتا ئېغىزدىن چىقىرىشتا قىلچە تەپتارتىش بولمايدۇ . يەنە كېلىپ سەنمۇ كۆڭلى بىئارام بولغان ئۇ ئادەمدىن ھېچقانداق بىرنەرسە ئالالمايسەن . ھېسسىيات جەھەتتە باشقىلارنى قەرزدار قىلىپ قويۇش ئەڭ ئوبدان چارە ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ ئادەم پەسكەش ، مېھرشەپقەتنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرمايدىغان نائىنساپ بولمىسىلا .

## 236

# مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى شەپقەت قىلىشقا ئايلاندۇرۇش كېرەك

مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى شەپقەت قىلىشقا ئايلاندۇرۇش چېۋەر تەدبىر ھېسابلىنىدۇ . كىشىلەرگە شەپقەت قىلىش كىشىلەرگە ھەق بېرىشنىڭ خاسىيتى-دىن كۆپ ئالىيجاناب بىلىنىدۇ ، ۋاقتىدا بېرىلگەن ياردەم ياخشى نامىڭنى تې-خىمۇ يۇر كەتكۈزۈۋېتىدۇ . تەلەپ قىلماستا باشقىلارغا ئالدىن بەرگەن ياردەم ياردەمگە ئېرىشكۈچىگە تېخىمۇ ئېغىر مەجبۇرىيەت ھېس قىلدۇرىدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن ، مەجبۇرىيەت تەشەككۈر بىلدۈرۈش ھېسسىياتىغا ئايلىنىدۇ . بۇنداق ئۆزگىرىش ئىنتايىن سىرلىق بولىدۇ ؛ دەسلەپتە سەن قەرز قايتۇرۇۋاتقان بو-لىسەن ، كېيىنچە قەرز بەرگۈچىنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ قالىدۇ . بۇ پەقەت تەربىيە كۆرگەن كىشىلەرگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ ؛ يۈزسىز ئادەم ئۈچۈن ئالدىن بېرىلگەن ھەق ئىلھاملاندۇرۇش ئەمەس ، چەكلەشتۇر .

## 237

# ئۆزۈڭدىن كۈچلۈك ئادەم بىلەن مەخپىيەتلىكتىن بەھرىمەن بولما

سەن بەلكىم شاپتۇلنى بۆلۈپ يەرمىزغۇ ، دەپ ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئېشىپ قالغان شۆپۈكىنىلا بۆلۈپ يېيەلەيسىلەر . بىرمۇنچە كىشىلەر باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغانلىقى سەۋەبلىك ياخشى ئاقىۋەت كۆرەلمىگەن . ئۇلار خېمىردىن ياسالغان قوشۇقتا ئوخشاش بولۇپ ، ناھايىتى تېزلا ئاشنىڭ سۈيى بىلەن ئوخشاشلا ئاقىۋەتكە قاراپ ماڭىدۇ . شاھزادىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن مەخپىيەتلىكىنى ئاڭلاش ھەرگىزمۇ ئىمتىياز ئەمەس ، بەلكى مەجبۇرىيەت . نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەينەكنى چېقىۋېتىشى ئەينەك ئۇ-لارنىڭ سەتلىكىنى ئەينەن كۆرسىتىپ قويغانلىقىدىن بولىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەت قىياپىتىنى كۆرگەنلەر ئالدىدا تاقەت قىلىپ تۇرالماي قالىدۇ . ناۋادا سەن مەلۇم كىشىنىڭ رەسۋا بىر تەرىپىنى كۆرۈپ قالغان بولساڭ ، ئۇمۇ ساڭا ياخشى نەزەر بىلەن قارىمايدۇ . باشقىلارنىڭ ھەرگىز سەندىن بىرەر نەرسىگە قەرزدار دەپ قېلىشىغا ئىمكان بەرمە ، بولۇپمۇ ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچى بار كىشىلەرگە شۇنداق قىل . ئۇلار بىلەن بار دى - كەلدى قىلىشتا ، ئۇلارنىڭ ساڭا بەرگەن ياردىمىگە تايانماي ، سېنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ياردىمىڭگە تايىنىشىڭ كېرەك . دوستلار ئارا ئىچكى سىرنى تۆكۈپ قويۇش دۇنيادا ئەڭ خەۋپلىك ئىش ھې-سابلىنىدۇ ، ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى باشقىلارغا دەپ بەرگەن ئادەم ئۆزىنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ، بۇ ھۆكۈمران بولغۇچىلار چىداپ تۇرالمايدىغان زوراۋانلىق ھېسابلىنىدۇ ، ئۇلار مەھرۇم بولغان ھۆرلۈكنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىنى ، ھەرقانداق ھەققەتنى دەپسەندە قىلىشتىن ئايان-مايدۇ . مەخپىيەتلىكىنچۇ ؟ ئاڭلاشقا بولمايدۇ ، دېيىشكىمۇ بولمايدۇ .

## 238

# نېمەڭنىڭ كەملىكىنى بىلىۋال

ئادەملەر ئۆزىگە كەملىك قىلىۋاتقان كىچىككىنە نەرسىنى تولۇقلىۋالسا ، تالاي ئادەم مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن . بەزى كىشىلەر كىچىك جەھەتتىن كۆپرەك دىققەت قىلىپ كېتىدىغان بولسا ، كۆپ دەرىجىدە مۇكەممەللىشىپ كېتىشى مۇمكىن . بەزى كىشىلەر تازا دېگەندەك سۈرلۈك ئەمەس ، بۇ تەرىپى ئۇلارنىڭ ئىستىبداتىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويىدۇ ؛ بەزى كىشىلەر دېگەندەك مۇلايىم ئەمەس ، مۇلايىملىق ئۇلارنىڭ دوستلىرى ۋە ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەك تەلپۈنىدىغان نەرسە ، بولۇپمۇ ، ئۇلار مەرتىۋىلىك ۋە ھوقۇقلۇق بولۇپ قالغان چاغدا شۇنداق . بەزى كىشىلەردە كەسكىنلىك بولماي قالىدۇ ، بەزى كىشىلەر چوڭقۇر ئويلىنىشقا ماھىر ئەمەس ، ئۇلار مۇشۇ جەھەتلەردىكى كەمتۈكلۈكىگە دىققەت قىلىپ كېتەلىسە ، ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئاسانلا ياخشىلاپ كېتەلەيدۇ . چۈنكى ، دىققەت قىلغان ھامان ئادەت ئادەمنىڭ ئىككىنچى تەبىئىي خۇسۇسىيىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

## 239

# كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا زىيادە ئەقىللىق بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك

ئەڭ ياخشىسى ئېھتىياتچانراق بولۇش كېرەك . تولىمۇ باش قاتۇرۇپ كەتكەندە ، ئىشنىڭ مۇھىم يېرىنى ئىگىلىۋالالماي قالىدۇ ـ دە ، ياكى ئۆز ئىشىنى ئۆزى بۇزۇۋېلىدۇ ، ياكى ئۆزئارا زىددىيەتلىك بولۇپ قالىدۇ . بەزى ھىيلىگەررەك ئادەم ئۇچۇن بۇنداق ئەھۋال داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ . ئومۇمىي ساۋات تېخىمۇ بىخەتەررەك بولىدۇ . ئەقىللىق بولۇش ئوبدان ئىش ، بىلىمنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۇنداق نەتىجە بەرمەيدۇ . قائىدىنى ھەددىدىن زىيادە سۆزلەۋېرىش مۇنازىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . بەزى مۇھىم مۇلاھىزىلەرنى سۆزلىگەندە ، دېمىسە بولمايدىغان قائىدىنىلا سۆزلەش كېرەك .

## 240

# دۆتلۈكتىن پايدىلان

ئەگەر ئاقىل ئادەممۇ ئېپى كەلگەندە مۇشۇ تەدبىردىن پايدىلىنىدۇ ، بەزىدە ئەگەر يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بولۇۋېلىشتا كۆرۈنىدۇ . كالۋا بولمىساڭمۇ ، ئەمما شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋېلىشىڭ كېرەك . دۆت ئادەم ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كارايىتى چاغلىق ، ساراڭ ئەقىلگە زادى ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سەن ھەربىر ئادەمگە ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلىشىڭ كېرەك . دۆتكە ئوخشاش بولۇۋالغۇچى دۆت ئەمەس ، دۆتنىڭ ئۆزى راست دۆت بولىدۇ . دۆت قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنى بىلسەڭلا ، دۆت ھېسابلانمايسەن . باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەي دېسەڭ ، ئۆزۈڭنىڭ ئەقىلـلىقلىقىنى يوشۇرۇشنى ئۆگىنىۋال .

## 241

# باشقىلارنىڭ ساڭا چاقچاق قىلىشىغا يول قوي، ئەمما سەن باشقىلارغا چاقچاق قىلما

ئالدىنقىسى بىر خىل ئالىيجانابلىق، كېيىنكىسى سېنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوقلا ئاچچىقلىنىپ خاپا بولىدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىدىنمۇ بەكرەك كىشىنى بىزار قىلىدۇ. تازا جايىدا بولغان چاقچاق ئادەمنىڭ كۆڭۈل كەيپىياتىنى ئاچىدۇ، چاقچاقنى قانداق قوبۇل قىلىشنى بىلىش بولسا قابىلىيەتنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر سەن خاپا بولۇۋاتقانلىقىڭنى ئىپادىلەپ قويساڭ، باشقىلارنىڭ سەندىن تېخىمۇ كۆپرەك قۇسۇر تېپىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بولىسەن. بەزى چاغلاردا چاقچاق دېگەنمۇ جايىدا بولسا ياخشى. چاقچاق ئارىسىدا كۆپ ھاللاردا ئەڭ جىددىي مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ. چاقچاقتىنمۇ كۆپرەك سەزگۈرلۈك ۋە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ. چاقچاق قىلىشتىن بۇرۇن سېنىڭ چاقچىقىڭغا باشقىلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە چىدىيالايدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىشىڭ كېرەك.

242

## باشتىن - ئاخىر ئىزچىل بولۇش كېرەك

بەزى كىشىلەر بارلىق چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق بىر ئىشنى باشلايدۇ ، ئەمما ئاخىرغىچە ياخشى قىلىپ كېتەلمەيدۇ . تۇتۇرۇقسىز كىشىلەر ئىشنى باشلىيالىغان بىلەن ئۇزاققىچە بىر خىلدا داۋاملاشتۇرالمايدۇ . ئۇلار ئەبەدىلئەبەد ئاپىرىنغا ئېرىشەلمەيدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشماي قالىدۇ . ئۇلار ئۇچۇن ھەممىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتمەي تۇرۇپلا ئاخىرلىشىپ قالىدۇ . ئىسپانىيىلىكلەر تاقەتسىزلىكى بىلەن نام چىقارغان ، بېلگىيىلىكلەر بولسا سەۋرچانلىقى بىلەن مەشھۇر ، كېيىنكىسى ئىشنى تولۇق قىلىدۇ ، ئالدىنقىسى ئىشنى ھاپىلا - شاپىلا بولدى قىلىۋېتىدۇ : ئۇ بىرمۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىدۇ يۇ ، لېكىن بەزى قىيىنچىلىقنى يېڭىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىپ ، ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى بىلمەيدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلالايدىغانلىقىنى ، ئەمما قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ . مانا بۇ بىر يېتەرسىزلىك تۇتۇرۇقسىزلىق خاراكتېرىنى چۈشەندۈرىدۇ ياكى قىلالمايدىغان ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا سىناپ باقىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ . قىلىشقا ئەرزىگۈدەكلا ئىش ئاخىرغىچە قىلىپ پۈتكۈزۈۋېتىشكە ئەرزىيدۇ . پۈتكۈزۈشكە ئەرزىمىسە ، دەسلەپتە نېمىشقا باشلاپ قويىدۇ ئەمىسە ؟ ئەقىللىق ئوۋچى ئوۋلايدىغان نەرسىنى قوغلاپ مېڭىش بىلەنلا قالماي ، مۇھىمى ئاخىرقى ھېسابتا ئولجىنى قولغا چۈشۈرىدۇ .

# 243

# تولىمۇ ياۋاش بولۇپ كەتمە

زەھەرلىك يىلاننىڭ مۇغەمبەرلىكى بىلەن كەپتەرنىڭ ساددىلىقىنى تەڭشەپ قويۇش كېرەك . ئاق كۆڭۈل ئادەمدىنمۇ بەكرەك ئاسان ئالدىنىپ قالىدىغانلار بولمايدۇ . ئەزەلدىن يالغان سۆزلەپ باقمىغان ئادەم خەققە ناھايىتى ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدۇ ، خەقنى زادى ئالدىمىغان ئادەم ھەمىشە خەققە ئىشىنىپ قالىدۇ . خەقنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ قېلىش ئەخمەقلىقنىڭ ئالامىتى بولۇۋەرمەيدۇ ؛ بەزىدە بۇمۇ ياخشى ئىش بولۇپ قالىدۇ . مۇنداق ئىككى خىل ئادەم خەۋپلىك ئەھۋالنى ئالدىن كۆرۈۋېلىشقا ماھىر : بىر خىلى ، ئۆزى بەدەل بېرىپ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىدۇ ، يەنە بىر خىلى ، تېخىمۇ ئەقىللىق ئادەم باشقىلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق بىرمۇنچە نەرسىنى ئۆگىنىۋالىدۇ . سەن قىيىنچىلىقنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالدىن كۆرەلەيدىغان بولۇشۇڭ ھەمدە ئوخشاشلا چېۋەرلىك بىلەن قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىڭ كېرەك . كۆڭلۈڭنىڭ بەك ياخشىلىقىدىن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرسىتىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىپ قويما . سەن يېرىمىڭ يىلانغا ، يېرىمىڭ كەپتەرگە ئوخشايدىغان بولۇشۇڭ كېرەك ، بۇ شەيتانلىق ئەمەس ، تالانتتۇر .

244

# باشقىلارنى ئادەمگەرچىلىك جەھەتتىكى قەرزگە بوغۇپ قوي

بەزىلەر ئۆز مەنپەئىتىنى باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى قىلىپ بىزەيدۇ : ئۇلار ئىلتىپاتنى ھەقىقىي يوسۇندا قوبۇل قىلغىنىدا ئۇنى قارىماققا باشقىلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتقاندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ . بەزىلەر شۇ قەدەر چېۋەركى ، باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ ، لېكىن كىشىلەرگە گويا ئۇلار باشقىلارغا بەخت ـ سائادەت كەلتۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ . ئۇلار ئۆزى پايدىغا ئېرىشكەن ئۇسۇل ئارقىلىق باشقىلاردا شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى باشقىلارنى باشقىلار ئۇلارغا نەرسە بېرىۋاتقاندا قەرزنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ . ئۇلار شۇ قەدەر كارامەت ئەقىللىقكى ، ئاساسلىق كىشىنىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ ، كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى قايمۇقتۇرۇپ ، كىمنىڭ شەپقەت قىلغۇچى ، كىمنىڭ شەپقەتكە ئېرىشكۈچى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويىدۇ . ئۇلار ئەرزان ماختاشلار ئارقىلىق ئەڭ ياخشى نەرسىگە ئېرىشىۋالىدۇ ؛ مەلۇم نەرسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق باشقىلارغا شان ـ شەرەپ كەلتۈرىدىغانلىقىنى ياكى خۇشامەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇلار باشقىلارنىڭ كەمتەرلىكىدىن پايدىلىنىپ ، مەلۇم نەرسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالىدۇ . ئەسلىدە ئۇلار مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك دەپ ھېس قىلىشى لازىم بولغان نەرسىنى ئۇلار

باشقىلارنى ئۇلارنىڭ شەپقەت ـ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن قىلىپ قويىدۇ . ئۇلار تەشەككۈر بىلدۈرۈش ، مۇيەسسەر بولۇش دېگەن سۆزلەردە ئېنىق دەرىجە ھالىتى ياكى مەجھۇل دەرىجە ھالىتى ھېيلىسىنى ئىشقا سېلىشىدۇ ، ئۇلار گراماتىكىغا ئەمەس ، سىياسىيغا تېخىمۇ ماھىر . بۇنى ھەقىقەتەنمۇ كارامەت دېيىشكە بولىدۇ . ئەگەر سەن ئۇنىڭ مەككارلىقىنى نەق سورۇندىلا بىلىۋېلىپ ، ئۇنىڭ ساھىبخانلىقتىن مېھرىبان بولۇۋېلىشىنى توسۇپ ، شۆھرەتنى تېگىشلىك كىشىگە مەنسۇپ قىلالىساڭ ، مەنپەئەتنى تېگىشلىك كىشىگە مەنسۇپ قىلالىساڭ ، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تېخىمۇ چېۋەر ئادەملىكىڭنى ئىسپاتلىيالايسەن .

## 245

# ئادەم بەزىدە ئادەتتىكى قائىدە - يوسۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق ئەقلى خۇلاسە چىقىرىشى كېرەك

شۇنداق قىلالىساڭ ، سېنىڭ بىلىم ۋە ئىقتىدارىڭنىڭ باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايسەن . ساڭا ئەزەلدىن قارشى تۇرمىغان ئادەمگە بەك يۇقىرى باها بېرىۋەتمە ، ئۇنىڭ سېنى ياقتۇرمايدىغانلىقى مۇشۇنىڭدىن ئايان . بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىلا ياقتۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . تەخسكەشلىك بىلەن خۇشامەت قىلىشلارغا گوللىنىپ قالما : ئۇنىڭغا تەشەككۈر بىلدۈرمەي ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىڭ كېرەك . تەنقىدكە ئۇچراشنى شان - شەرەپ دەپ بىلىشىڭ كېرەك ، بولۇپمۇ ياخشى ئادەمگە يۇقىرى باها بەرمەيدىغانلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغاندا . سېنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭ ھەممە ئادەمگە خۇشاللىق بەخش ئەتكەندە ، ئازابلىنىشىڭ كېرەك : مانا بۇ سېنىڭ سۆز - ھەرىكىتىڭنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ ، مۇكەممەللىك ئىنتايىن ئازغىنا ئادەمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك .

## 246

# سەندىن چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانلارغا چۈشەندۈرۈپ يۈرمە

بىرەرسى جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغان تەقدىردە ، بەك ئالدىراپلا جىددىي جاۋاب بېرىۋېتىشمۇ دۆتلۈك بولىدۇ . تېخى تەلەپمۇ قىلماستا جاۋاب بېرىپ قويۇش ئۆزۈڭگىمۇ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ ، بۇ خۇددى سالامەت تۇرۇۋېتىپمۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قانىتىپ كېسەل پەيدا قىلىۋالغاندەك ئىش بولىدۇ . ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن باھانە تېپىۋالغاندا ئەسلىدە غەرق ئۇيقۇدىكى گۇمانىنى ئاسانلا ئويغىتىۋېتىدۇ . ناھايىتى ئېھتىياتچان ئادەم باشقىلارنىڭ گۇمانى ئالدىدا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپمۇ قويمايدۇ ، بولمىسا ئۆزى چاتاق تېپىۋالىدۇ . ئۇ باشقىلار بىلەن قەتئىي ، ھەقلىق قىياپەتتە بىللە ئۆتۈشى لازىم .

## 247

# بىلىم ئىزدەش ۋاقتىنىڭ كۆپرەك بولغىنىنىڭ زىيىنى يوق ، تۇرمۇشتا تېجەشلىكرەك بولغانىنىڭ زىيىنى يوق

بەزى كىشىلەر بۇ گەپنى تەتۈرىگە دەيدۇ . مۇۋاپىق پەيتتىكى ئارام ئېلىش كۆڭۈلگە ياقمىغان ئىشتىن ئېشىپ چۈشىدۇ . ھايات قىممەتلىك ، ھاياتنى مەنىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ يۈرۈش ياكى ھەقىقەتتىن يىراق بولغان ئىشلارغا ئىشلىتىۋېتىش ئوخشاشلا ئەخمەقلىق بولىدۇ . خىزمەتنى دەپ ياكى ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالماسلىقىڭ كېرەك . بولمىسا ھاياتىڭنى دەپسەندە قىلىۋېتىسەن ، روھىڭنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىسەن . بەزى كىشىلەر بۇ قائىدىنى بىلىم ئېلىشقا تەتبىقلايدۇ . ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك ، ئادەم ھېچقانداق بىر نەرسە بىلمىسە ، بۇ دۇنيادا ياشىيالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .

## 248

# ئەڭ يېقى شەيئىگە قىزىقىپ كەتمەسلىك كېرەك

ناموۋاپىق ئۇسۇل ئاسانلا بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىپ قالىدۇ . بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى ئاڭلىۋالغان ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرگىلا ئىشىنىپ كېتىدۇ . ئۇنداقلارنىڭ ئەقلى ۋە ئىستىكى مومىدىن ياسالغان : ھەرقانداق ئەڭ يېڭى خەۋەرمۇ ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ئىز قالدۇرالايدۇ ، ئىلگىرىكى ھەنـــــۋا نەرسىنى بولسا بىراقلا يوق قىلىۋېتىدۇ . ئۇنداق ئادەمنى قولغا كەلتۈرۈش ئا- سان ، قولدىن بېرىپ قويۇشمۇ ئاسان . ھەربىر كىشى ئۇنداقلارغا ئوخشاش كۆزقاراشتا بولمايدۇ . ئۇلار ئىشەنچسىز يېقىن دوستۇر ، مەڭگۈ چوڭ بولماي- دىغان باللاردۇر . ئۇلارنىڭ ھۆكمى ۋە ھېسسىياتى مۇقىم بولماستىن ، ئۆز- گىرىپ تۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاقساق پۇتقا ئوخشاش بولۇپ ، بىردەم بۇياققا مايماق كەتسە ، بىردەم ئۇياققا مايماق كېتىدۇ .

## 249

# كىشىلىك تۇرمۇشنى ھايات ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئاخىرلاشتۇرغاندا ئاندىن باشلىماسلىق كېرەك

بەزى كىشىلەر دەسلەپتە ھېچقانداق ئىش قىلمايدۇ ، بىر ۋاقىتلاردىن كې-
يىن ئاندىن تىرىشىپ ئىشلەپ ھالىدىن كەتكۈدەك دەرىجىگە بېرىپمۇ قالىدۇ .
ئالدى بىلەن ھەممىدىن مۇھىم ئىشنى قىلىۋېلىپ ، كېيىنچە ۋاقىت چىقىپ قال-
غاندا ئاندىن قوشۇمچە ئىشلارنى قىلىسىمۇ بولىدۇ . بەزى كىشىلەر مۇۋەپپەقى-
يەت قازىنىش كويىدىلا بولىدۇ ، ئەمما كۈرەش قىلىشنى خالىمايدۇ . بەزى
كىشىلەر ئالدى بىلەن ھەممىدىن ئەھمىيەتسىز ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالىدۇ ،
ئابرۇي ۋە مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئىشلارنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بار-
غاندا ئاندىن قىلىدۇ . بەزى كىشىلەر قولىغا ئەمدىلا ئاز - تولا بايلىق توپلان-
غان ھامان ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ كېتىدۇ . بىلىم ئېلىش جەھەتتىمۇ ، تۇرمۇش
جەھەتتىمۇ مۇھىمى ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىدۇ .

250

# قايسى چاغدا تەتۈرىگە ئەقلى خۇلاسە چىقىرىش كېرەك ؟

قايسى چاغدا تەتۈرىگە ئەقلى خۇلاسە چىقىرىش كېرەك ؟ باشقىلار كۆڭلىگە يامان نىيەت پۈكۈپ بىز بىلەن سۆزلەشكەندە . بەزىلەر ھەممە نېمىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىپ : « ھەئە» نى « ياق » دەۋالىدۇ ؛ « ياق » نى « ھەئە » دەۋالىدۇ . ئەگەر بىرەر ئىشنى تەنقىدلىسە ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىشقا يۇقىرى باھاسى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئۇلار ئۇ ئىشنىڭ ئۆز قولى بىلەن قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن قىزغىنىپ ، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى قىممىتىنى چۈشۈرمەكچى بولىدۇ . ماختاشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بولۇشى ناتايىن . بەزىلەر ياخشى نەرسىنى ماختاشنى خالىماي ، يامان نەرسىنى ماختاپ قويىدۇ . ئەگەر بەزى ئادەم ھېچكىم يامان ئەمەس دەپ ھېس قىلسا ، بۇ ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەممەيلەن ياخشى ئەمەس ، دەپ ھېس قىلغانلىقى بولىدۇ .

## 251

# ئادەم ئىشلىتىش ۋاستىسىگە ماھىر بولۇش كېرەك

ئىنسانىيلىقنى ئىشلىتىشكە شۇ قەدەر ماھىر بولۇش كېرەككى ، گويا ئىلا- ھىيلىق مەۋجۇت ئەمەستەك دەرىجىدە بولسۇن ؛ ئىلاھىيلىقنى ئىنچىكە بىلىشكە شۇ قەدەر ماھىر بولۇش كېرەككى ، ئىنسانىيلىق مەۋجۇت ئەمەستەك دەرىجىدە بولسۇن . بىر پىرى ئۇستاز① كىشىلەرگە بۇنى پەملەپ چۈشىنىشكىلا بول- دۇكى ، مۇلاھىزە قىلىپ باھالاپ يۈرۈشكە بولمايدۇ ، دەپ نەسىھەت قىلغان .

① خروستوس ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسچىسى لايولانى دېمەكچى .

## 252

# پۇتۇنلەي ئۆزگىلەر ئۈچۈن ياشىما ، پۇتۇنلەي ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ ياشىما

بۇ سەل چاكىنىلىق تۇسىنى ئالغان ئۆكتەملىكتىن ئىبارەت . ئەگەر سەن پۇتۇنلەي ئۆزۈڭنىڭ كويىدىلا بولساڭ ، ھەممىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇ- رۇنسەن . بۇنداق ئادەم ئازغىنا بىرنەرسە ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلەشنىمۇ ياكى سەللا راھەت تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىشنىمۇ بىلمەيدۇ . ئۇلار باشقىلارنىڭ ياخشى تەسىراتىغا ئېرىشىشكە زادى مۇيەسسەر بولالمايدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىغا ئىشىنىدۇ ، شۇ ئارقىلىق قانداقتۇر بىر خىل خىيالىي بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا كېلىدۇ . بەزى چاغلاردا باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ ، ئۇنىڭ پايدىسى باشقىلارنىڭمۇ سىنىڭ غېمىڭنى يەپ قويىدىغانلىقىدا . ئەگەر دۆلەت خىزمەتچىسى بولساڭ ، چوقۇم خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشۇڭ كې- رەك . خۇددى بىر خانىم خادرىئانغا[1] ئېيتقاندەك : ياكى مۇشۇ ئېغىر يۈكنى زىممەڭگە ئېلىشىڭ كېرەك ، ياكى ئورۇننى باشقىلارغا بوشىتىپ بېرىشىڭ كې- رەك . ۋەھالەنكى ، بەزىلەر پۇتۇنلەي باشقىلار ئۈچۈنلا ياشايدۇ ، چۈنكى ئىشنى مۇۋاپىق دەرىجىدىن ئاشۇرۇۋەتكەندە ھامان ئەخمەقلىققا ئېلىپ بارىدۇ ، ئۇلار ھەتتا بىرەر سائەتنىمۇ ئۆزىگە تەن قىلمايدۇ ، ئۆزىنى پۇتۇنلەي ، ئۇ- زۇل - كېسىل باشقىلارغا ئاتىۋەتكەن بولىدۇ . مەسىلىنى چۈشىنىش جەھەتتىمۇ

---

[1] خادرىئان —( 76 — 138 ) : رىم پادىشاھى ، 117 — 138 - يىللىرى پادىشاھ بولغان .

شۇنداق . بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بىلمەيدىغان يېرى يوق ، ئۆزى توغرۇلۇق بولسا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ . ئەگەر ناھايىتى ئەقىللىق بولساڭ ، خەقنىڭ سەندىن بىرنەرسىنى سوراپ بىلمەكچى بولغانلىقى سېنى ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسەن . ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى سېنىڭ ئۇلار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىپ بېرەلىشىڭدۇر .

## 253

# كۆڭلۈڭدىكىنى بەك ئېنىق ئىپادىلىۋەتمە

كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشىنەلەيدىغان نەرسىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، چۈشەنمەيدىغان نەرسىنى كۆپىنچە تولىمۇ قەدىرلەپ كېتىدۇ . نەرسىلەرنى قەدىر - قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ، ئۇلارنى تەستە ئېرىشىدىغان قىلىش كېرەك . ئەگەر كىشىلەر سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا ئامالسىز قالسا ، سېنى ئۈستۈنرەك باھالايدۇ . كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولاي دېسەڭ ، سەن باردى - كەلدى قىلىشىدىغان ئادەملەر ئۈمىد قىلغىنىدىنمۇ بەكرەك ئەقىللىق ، تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشۇڭ كېرەك . لېكىن ، بۇمۇ جايىدا بولۇشى كېرەك . پاراسەتلىك ئادەملەر ئەقلىي قابىلىيەتكە ئېتىبار قىلىدۇ ، ئەمما كۆپ ساندىكى كىشىلەر سالاھىيەتكە ۋە مەرتىۋىسىگە بەكرەك ئېتىبار قىلىپ كېتىدۇ . ئۇلارغا سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى مۆلچەرلىتىشتە ، ئۇلارنىڭ سېنى ئەيىبلىشكە پۇرسەت بەرمەسلىكىڭ كېرەك . ناھايىتى كۆپ كىشىلەر باشقىلارنى نېمە سەۋەبتىن ماختايدىغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدۇ . ئۇلار بارلىق يوشۇرۇن ياكى سىرلىق نەرسىلەرنى قەدىرلەيدۇ ، ئۇلارنىڭ ماختىشى باشقىلارنىڭمۇ ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈندۇر .

254

# ئادەتتىكى كېلىشمەسلىككە ئېرەنسىز پوزىتسىيە تۇتما

ئادەتتىكى كېلىشمەسلىككە ئېرەنسىز پوزىتسىيە تۇتما ، چۈنكى ئۇلار زادى تاق كەلمەيدۇ ، بەلكى ئىز قوغلىشىپ كېلىۋېرىدۇ . بەختمۇ شۇنداق بولىدۇ . ئامەت ۋە بەختسىزلىك دائىم بەخت كۆپ ياكى ئاپەت جىق يەرگە توپلىنىشۋالىدۇ . كىشىلەر ، كۆپ چاغلاردا بەختسىزلىكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ ، بەختكە بولسا يېقىنلىشىدۇ ، ھەتتا نادان كەپتەر جېنىدا ئەڭ ئاق قەپەسكە قاراپ ئۇچىدۇ . بەختسىز ئادەمنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ : ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بولمايدۇ ، پاراستىمۇ بولمايدۇ ، ھېچقانداق تەسەللىسىمۇ بولمايدۇ . بەختسىزلىك غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقاندا ئويغىتىۋەتمە . ئامەتسىزلىكتىن بولغان ئىشى باشتا ئانچە چوڭ رول ئويناپ كەتمەيدۇ ، لېكىن ئاخىرىدا ئەجەللىك دەرىجىدىكى بەختسىزلىك يۈز بېرىدۇ .

255

# قانداق ئىلتىپات قىلىشنى بىلىۋال

ھەر قېتىمدا ئاز - ئازدىن ، ئەمما داۋاملىق بولسۇن . ئىلتىپاتنى بىر يولىلا كۆپ قىلىۋەتسەڭ ، خەقنى جاۋاب قايتۇرالماس قىلىپ قويىسەن . بەك كۆپ ئىلتىپات قىلىۋېتىش بەرمىگەنگە تەڭ بولىدۇ ، بەلكى سېتىش بولۇپ قالىدۇ . خەقنىڭ مىننەتدارلىقىنى تۈگىتىۋەتمە . مىننەتدار بولۇپ جاۋاب قايتۇرالماي قالسا ، ئۇلار سەن بىلەن باردى - كەلدى قىلىشمايدۇ . ئۇلاردىن مەھرۇم بولاي دېسەڭ ، ئۇلارنى ئۆزۈڭگە ناھايىتى جىق قەرزدار قىلىپ قويىدىغانلا بولساڭ مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن . ئۇلار قايتۇرۇشنى خالىمىسا ، سەندىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ ، ھەتتا سېنى رەقىب قاتارىدا كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ھەيكەلنى قاتۇرغان ئادەم ئۆزىنىڭ ھەيكەلنى قاتۇرغۇچى ھەيكەلتاراشنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ ، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ئادەم ئۆزىگە ئىلتىپات كۆرسەتكەن ئادەمنى قايتا كۆرۈپ قېلىشنى خالىمايدۇ . ئىلتىپات كۆرسىتىشنىڭ نازۇك يېرىنى ئەستە تۇتقىنىڭكى ، پەقەت جىددىي ئېرىشىش كويىدا بولغان ، ئەمما قىممەت بولمىغان سوۋغىنىلا قوبۇل قىلغۇچى ياخشى كۆرىدۇ .

## 256

# تەييارلىق بولغاندا ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ

قوپال ، جاھىل ، ماختانچاق ۋە خىلمۇخىل دۆت ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى داۋاملىق قىلىپ قويۇش كېرەك . بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى تولا بولىدۇ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئۇلاردىن بىردەك يىراق تۇرۇشتىن ئىبارەت ، شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمايدىغان بولىسەن . ئۆز نام ـ شەرىپىڭنىڭ بەزى چاكىنا ئىشلارنىڭ ۋەھىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ، ئالدىن ئويلىنىپ قويۇشۇڭ كېرەك . ئېھتىياتچانلىق بىلەن قوراللانغان ئادەم ئەخمەقانىلىك بىلەن قىلىنغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىمايدۇ . كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ يولى ناھايىتى ئۇچلۇق بولغان يوشۇرۇن خادا تاشلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولىدۇ ، سېنىڭ نام ـ شەرىپىڭ شۇنىڭغا يولۇقۇپ قالسا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ . ئەڭ ياخشى ئۇسۇل باشقا لىنىيە بىلەن يۈرۈپ سەپەر قىلىپ ، ئەقىللىق يورىسىنىڭ قانداق قىلغانلىقى ئۈستىدە ئويدان ئويلىنىپ بېقىشتىن ئىبارەت ، ئاشۇنداق چاغدا ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىش ناھايىتى ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ . ئەڭ مۇھىمى سېخىي ۋە ئەدەپلىك بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئوبدان يولىدۇر .

## 257

# مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتە ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك

مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتە ئېھتىياتچان بول ، بولمىسا ئابرۇيۇڭ چۈشۈپ كېتىدۇ . ھەرقانداق ئادەم ئەجەللىك دۈشمەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ، لېكىن ھەممە ئادەم ئۇبدان دوستقا ئايلىنالمايدۇ . خەيرلىك ئىش قىلالايدىغانلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ ، ئەمما ھەممە ئادەم دېگۈدەك يامان ئىش قىلالايدۇ . قوڭغۇز بىلەن ئادا ــ جۇدا بولۇشقاندىن كېيىن قۇش قۇچىقىدا ئۇۋا سېلىپمۇ خەۋپسىرەيدۇ . گەپ بەك تۈزلا دېيىلسە بەزى ساختا ئادەملەرنى رەنجىتىپ قويىدۇ ، ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ سەندىن ئۆچ ئالىدۇ . سەن چىشىغا تېگىپ قويغان دوستۇڭ ئەڭ زەھەرخەندە دۈشمىنىڭ بولۇپ قالىدۇ : ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ياقتۇرىدۇ ، سېنىڭ سەۋەنلىكىڭنى بولسا ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ . باشقىلار بىزنىڭ دوستلىرىمىزدىن ئايرىلىپ ئۆز يولىمىزغا مېڭىپ كەتكىنىمىزنى كۆرگىنىدە ، ئۇلار خالىغانچە باھا بېرىشىپ كېتىشىدۇ ، ئارىدىكى بۇ مەزگىللىك دوستلۇق باشتىلا جايىدا بولمىغان ( بىزنى يىراقنى كۆرەرلىكى يوق دېمەكچى ) ، ئاقىۋىتىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالدى ( شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئايرىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى ، دېمەكچى ) دەپ تەنقىدلەپ كېتىشىدۇ . بىرەرسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش لازىملىقىنى توغرا تاپقىنىڭدا ، باشتا ئۇبدان ئۆتكەندىكىن چىرايلىقچە ئايرىلىشىڭ ، ئەقىلگە

مۇۋاپىق ئىش كۆرۈشۈڭ كېرەك ؛ مۇناسىۋەتنى ئۈشتۈمتۇتلا ئۈزۈۋەتمەي ، مېھىر ـ مۇھەببەتنى بارا ـ بارا سۇسلاشتۇرۇپ بېرىشىڭ كېرەك . بۇ چاغدا قانداق قىلىپ ئاداقلانلىك بىلەن چېكىنىپ چىقىش توغرۇلۇق بېرىلگەن پەند ـ نەسىھەتمۇ[1] ناھايىتى ئوبدان ياردەم بېرىدۇ .

①« ئىزوپ مەسەللىرى » گە قاراڭ .

## 258

# ئۆزۈڭنىڭ بەختسىزلىكىگە ھەمشىرىڭ بولىدىغان ئادەم تاپ

ئۆزۈڭنىڭ بەختسىزلىكىگە ھەمشىرىڭ بولىدىغان ئادەم تاپ ، شۇنداق قىلساڭ ، يالغۇزچىلىقتا قالمايسەن . ناھايىتى خەۋپلىك ئەھۋالدا قالغان چىغىدىمۇ باشقىلارنىڭ پۈتكۈل ئۆچمەنلىكىگە چىداپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق . بەزىلەر ھەممىگە مەسئۇل بولۇش خىيالىدا بولىدۇ ، نەتىجىدە ھەممە تەنقىد ئۇنىڭغا قارىتىلىپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، سىنى كەچۈرىدىغان ۋە قىيىنچىلىقىڭنى تارتىشىپ بېرىدىغان ئادەم تېپىۋېلىشىڭ كېرەك . ئىككى كىشى مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ تۇرسا ، يامان تەقدىرىدىمۇ ، زالىم ئادەملەرمۇ تەۋەككۈل قىلىپ چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ . دوختۇر خاتا دىئاگنوز قويۇپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ ، ئۇنىڭ ئاقىلانە ئۇسۇلى : باشقا دوختۇرلارنىڭ مەسلىھىتىنى ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ جىنازىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلىدىغان- قىلمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشتىن ئىبارەت . ئۇلار جىنازىنىڭ سالمىقىنى ۋە قايغۇنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ بەرسە ياخشى بولىدۇ . بەختسىزلىكنى يالغۇز بىرەيلەنلا ئۈستىگە ئالسا ، بەختسىزلىك ھەسسىلەپ زۇلۇم بولىدۇ - دە !

## 259

# ھاقارەتنى ئالدىن بىلىپ ، ئۇنى پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرۇۋال

ھاقارەتنى ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۆچ ئېلىشتىن ئاقىلانىلىك بولىدۇ . يوشۇرۇن دۈشمەننى يېقىن دوستقا ئايلاندۇرۇش يۈكسەك ماھارەت ھېسابلىنىدۇ . ئەسلىدە سېنىڭ شۆھرىتىڭگە ھۇجۇم قىلغۇچى سېنىڭ شۆھرىتىڭنى قوغدىغۇچىغا ئايلىنىدۇ . باشقىلارنى قانداق قىلغاندا ساڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان قىلىشنى بىلىپ ، ئەسلىدە ئۇچرايدىغان ھاقارەتنى تەشەككۈرگە ئايلاندۇرۇش ناھايىتى پايدىلىق . جاپانى راھەتكە ئايلاندۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغىنىڭدا ئاندىن قانداق ياشاشنى ھەقىقىي يوسۇندا بىلگەن بولىسەن . يامان نىيەتلىك ئادەمنى ئۆزۈڭنىڭ سىردىشىغا ئايلاندۇرۇۋال .

## 260

# سەن پۈتۈنلەي باشقىلارغا مەنسۇپ بولالمايسەن، پۈتۈنلەي ساڭا مەنسۇپ بولالايدىغان ئادەممۇ يوق

تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدە بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، ھەتتا ئەڭ زور دە-رىجىدىكى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، چۈنكى سىنىڭ قەلبىڭنى باشقا بىرسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىڭ ناھايىتى قىيىن . ئەڭ يېقىن بىرلىشىشتىمۇ كېلىشەلمەيدىغان جاي بولىدۇ . سىنىڭ يەنە بىرسى بىلەن ھەرقانچە يېقىن بولۇپ كېتىشىڭدىن قەتئىينەزەر ، ئەدەپ پرىنسىپىغا رىئايە قىلىشىڭ كېرەك . بىز دوستلار ئارا بۇنداق ياكى ئۇنداق سىرلىرىمىزنى يو-شۇرىمىز ، ئوغۇل بالىمۇ دادىسىغا ھەممە نەرسىنى تامامەن دەپ قويمايدۇ . سەن بەزىلەرگە يوشۇرغان ئىشنى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە دېيىشىڭ مۇمكىن ، ئۇنىڭ ئەكسىچىمۇ شۇنداق بولىدۇ . شۇڭا ، ھەممىنى ئىقرار قىلىسەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھەممىنى يوشۇرىسەن ، ئوخشىمىغان ئا-دەملەرگە شۇنداق بولىدۇ ، خالاس .

## 261

# خاتالىقىڭدا چىڭ تۇرۇۋالما

بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ خاتالىقىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى زادى تۈزەتمەيدۇ. ئۇلار بىرەر ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپمۇ يەنە مۇشۇنداق قىلىۋېرىش چىداملىق ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزىنى ئەيىبلەشسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار باشتا ئەخمىقانە ئىش قىلغاندا، كىشىلەر ئۇلارنى يەڭگىللىك قىلىپ قويغاندۇ، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاشۇنداق قىلىۋەرگەندە، كىشىلەر ئۇلارنى ئەخمەق ئىكەن دەپ جەزملەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىر ھەزگىللىك يەڭگىللىك بىلەن قىلىنغان ۋەدە ۋە خاتا قارار بىزنى مەڭگۈلۈك چەكلەپ قويماسلىقى كېرەك. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئەخمىقانىلىكىنى تۈزەتمەي، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ كالتە پەملىكى بىلەن ئىش كۆرىۋېرىدۇ، ئۇلار سېپى ئۆزىدىن ئەخمەق بولۇپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلەردۇر.

## 262

# قانداق ئۆتنۈشنى بىلگۈبىلىش كېرەك

بۈگۈنكى ماھارەتكە تايىنىش كېرەك دېگەندىن كۆرە تەلەيگە تايىنىش كېرەك دېگەن توغرۇك . ھەممىدىن بەك ئۆتنۈپ كېتىشكە تېگىشلىك ئىش كۆپ ھاللاردا ھەممىدىن ئاسان ئەستە ساقلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالىدۇ . خاتىرە قەبىھ بولۇپلا ئېپادىلىنىپ قالمايدۇ ، چۈنكى ئۇ بىز موھتاج بولغاندا كەلمەيدۇ ، يەنە كېلىپ ئۇ ناھايىتى ئەخمەق ، چۈنكى ئۇ كەلمەسلىككە تې-گىشلىك ۋاقىتتا كېلىۋېرىدۇ . خاتىرە بىزگە ئازاب كەلتۈرىدىغان چاغدا ئاۋارى-چىلىكتىن قورقمايدۇ ، بىزگە خۇشاللىق كەلتۈرىدىغان چاغدا تېخى بىپەرۋا بولۇۋالىدۇ . بەزى چاغلاردا ئۇ ئاۋارىچىلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى رېتسېپى : ئاشۇ ئاۋارىچىلىكلەرنى ئۆتنۈپ كېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ ، ئەمما بىز رېتسېپنى ئۆتنۈپ قالىمىز . ئەستە قالدۇرۇش خاتىرىمىزنى مەشىق قىلدۇرۇپ ، ئۇنى ئەدەپلىكرەك قىلىپ كۆندۈرەيلى ، چۈنكى ئۇ بىزگە ھەم جەننەتنى ئەكېلىپ بېرىدۇ ، ھەم دوزاخنى ئەكېلىپ بېرىدۇ . ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىدىغان كىشىلەر بۇنىڭغا زادى پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ — ئەخمەقلەرچە نادانلىقتا ئۇلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشاۋېرىدۇ .

## 263

# ياخشى نەرسە خەقنىڭ قولىدا ھەمىشە تېخىمۇ ياخشى كۆرۈنىدۇ

ياخشى نەرسە خەقنىڭ قولىدا ھەمىشە تېخىمۇ ياخشى كۆرۈنىدۇ ، بۇ بىزنى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئوبدان ھوزۇرلىنىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ . بىرىنچى كۈنى خۇشاللىق ئىگىسىز بولىدۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىدۇ . بىر خىل نەرسە باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كەتكەندە ، بىز ھامان ئۇنى ھەسسىلەپ ياخشى كۆرۈپ كېتىمىز ، چۈنكى ھەم ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش خەۋپىگە پىسەنت قىلمايمىز ، ھەم يېڭىلىقتىن خۇشاللىنىش تۇيغۇسىغا كېلىمىز . ھەرقانداق نەرسە ھەمىشە خەق بىزنىڭ قولىمىزدىن تارتىپ ئېلىپ كەتكەندە ئاندىن تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ ؛ ھەتتا باشقىلارنىڭ داغ سۇيىمۇ بىز ئۈچۈن كەۋسەر سۇيىدەك بولۇپ كېتىدۇ . ئاچچىق نەرسە ئۆزىمىزنىڭ بولۇپ قالسا ، خۇشاللىقىمىز كېمىيىپ ، بىئاراملىقىمىز ئېشىپ كېتىدۇ : خەقتىن ئارىيەت ئېلىش كېرەكمۇ ياكى خەققە ئارىيەت بەرمەسلىك كېرەكمۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىمىز قېتىپ كېتىدۇ . سەن ئۇنىڭغا ئېرىشكىنىڭدە ، ئەمەلىيەتتە سەن باشقىلار ئۈچۈن ساقلاپ بېرىۋاتقان بولىسەن ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەت ئالىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دوستلىرىڭ ئەمەس ، رەقىبلىرىڭ بولىدۇ .

264

# ھەرقانداق ۋاقىتتا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ

بەزىدە ئامەتمۇ بىمەنە چاقچاق قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ ، سەن سەللا دىققەتسىزلىك قىلىپ قويساڭ ، ئۇ پۇرسەتنى تۇتۇۋالىدۇ . پەم- پاراسەت ، ئېھتىياتچانلىق ، جاسارەت ، ھەتتا بىلىممۇ سىناقتىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ قويۇشى كېرەك . ئۆزۈڭچە ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىغان كۈنۈڭ ئەڭ ئىشەنچسىز ۋاقىت بولۇپ قالىدۇ . ھوشيارلىق ھامان سەن ئۇنىڭغا تازا موھتاج بولغىنىڭدا يوقىلىپ كېتىدۇ . « ئەجەبمۇ ئويلاپ باقماپتىمەنا » دەيدىغان ئوي بىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ يەنە يەرگە ئۇرۇپ قويىدۇ . بۇنداق ئىستراتېگىيىنى بىزنى ئىنچىكە كۆزىتىپلا يۈرىدىغان كىشىلەر ئىشلىتىدۇ ، ئۇلار بىر تەرەپتىن بىزنى كۆزىتىدۇ ، ئويلىنىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىمىزدىن پايدىلىنىپ قول سالىدۇ . ئۇلارنىڭ بىزنى سىناشقا تاللىغان كۈنى كۆپ ھاللاردا دەل بىز زادى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان كۈن بولۇپ چىقىدۇ .

## 265

# ساڭا بېقىنىۋالغانلارنى مۈشكۈل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوي

خەۋپلىك ئەھۋال ئالاھىدە پەيتتە بىرمۇنچە ئادەملەرنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ قويىدۇ : ئادەم تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دەپ قالغاندا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ . تالاي ئادەملەر مۇشۇ ۋاقىتتا ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى ۋە بىلىمىنى بايقىيالايدۇ ، ئۇنداق بولمايدىغان بولسا ، ئۇلار قورقۇنچاقلىق ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ . مۇشەققەت بىزنى نام چىقىرىش پۇرسىتىگە ئىرىشتۈرىدۇ ، ئالىيجاناب بىر ئادەم ئۆز ئابرۇيىنىڭ خەۋپكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى سەزسە ، ئۇ مىڭ ئادەم قىلالايدىغان ئىشتىنمۇ كۆپرەك ئىشنى قىلالايدىغان بولىدۇ . كاتولىك دىنىنىڭ خانى ئىلزابىت بۇ قائىدىگە ( باشقا بىرمۇنچە قائىدىگە ئوخشاشلا ) چوڭقۇر بېرىلگەن ، بۈيۈك سەيياھ كولومبونىڭ ئابرۇيى ۋە باشقا تارىختا ئۆتكەن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ نامى مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيتنىڭ يارىدىمىدە بارلىققا كەلگەن . بۇنداق ئەپچىل چارە بىرمۇنچە ئۇلۇغ كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

## 266

# ياخشىلىق قىلىشتا چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويما

زادى ئاچچىقلىنىپ باقمىغان بولساڭ، ئادەملىكىڭنى بەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولىسەن. ھېچقانداق ھېسسىياتى بولمىغان ئادەم ھەقىقىي ئادەم ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى قېتىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى توخۇ يۈرەكلىكىدىن بولىدۇ. ئېپى كەلگەن ئەھۋالدا كۆچلۈك تەسىراتىڭنى ئىپادىلەش سىنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. قۇشقاچ چېغىدا قارانچۇقنى چوقىلاپ باقىدىغۇ! ئاچچىق بىلەن تاتلىقنى تەڭمۇتەڭ ئارىلاشتۇرۇشمۇ بىر خىل تەم- پۇراق پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى ساپلا تاتلىق نەرسە دېگەن بالا بىلەن ئەخمەق ئۈچۈنلا ھازىرلانغان بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ياخشى بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىمۇ يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە ھېسسىياتسىز بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

267

# شىرىن سۆزلەرنى يېقىملىق دېيىش كېرەك

ئوقيانىڭ ئوقى ئادەمنىڭ بەدىنىدىن ئۆتىدۇ ، ئاچچىق تىل ـ يامان سۆزلەر ئادەمنىڭ يۈرىكىدىن ئۆتىدۇ . ئوبدان كەمپۈت ئادەمنىڭ ئاغزىنى لەززەتلەندۈرىدۇ . گەپ ـ سۆزلىرىڭنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ئەپچىل ماھارەت كېرەك . تالاي ـ تالاي ئىشلارنى گەپ ـ سۆز بىلەن بىجىرىۋەتكىلى بولىدۇ ، گەپنىڭ كارامىتى سېنى مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرالايدۇ . كىشىلەر ئۆزىنى بەك چوڭ تۇتۇپ كەتكەن ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىشالماي قالغان چاغلىرىدا قۇرۇق سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرساق بولىدۇ . ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ سۆزى ئاجايىپ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە . ئاغزىڭدىن ھەسەلدەك تاتلىق نەرسە چىقىدىغان بولسۇن ، قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلىرىڭنى ھەتتا رەقىبلىرىڭمۇ ياخشى كۆرىدىغان قەنتكە ئايلاندۇرۇۋەتكىن . باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگە مۇيەسسەر بولۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — يېقىملىق ۋە شېرىن بولۇشتۇر .

## 268

# گالۋاڭ كىچىككىنە قىلغان ئىشنى ئاقىل ئاۋۋال قىلىدۇ

گالۋاڭ ئادەم بىلەن ئەقىللىق ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ئوخشاش بول-سىمۇ ، ۋاقتى ئوخشاش بولمايدۇ . ئەقىللىق ئادەم مۇۋاپىق پەيتتە قىلىدۇ ، گالۋاڭ ئادەم نامۇۋاپىق پەيتتە قىلىدۇ . ئەگەر سەن ئەقلىڭنى باشتىلا جايىدا ئىشلەتمىسەڭ ، باشقا ھەرقانداق ئىشنى تەتۈر قىلىپ قويىسەن : بېشىڭغا كى-يىدىغاننى ئايىغىڭ بىلەن دەسسەيسەن ; ئوڭ بىلەن سولنى ئالماشتۇرۇپ قو-يىسەن ـ دە ، سول قولۇڭنى ئوڭ قولۇڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ قالىسەن . رېئال-لىقنى قوبۇل قىلىشنىڭ بىرلا ياخشى چارىسى بار ، ئۇ بولسىمۇ « قانچە تېز بولسا ، شۇنچە ياخشى » دېگەندىن ئىبارەت . ئۇنداق بولمىسا ، ئەسلىدە كۆڭۈللۈك پۈتتۈرۈۋەتكىلى بولىدىغان ئىش مەجبۇرەن قىلىدىغان ئىشقا ئايلى-نىپ قالىدۇ . ئەقىللىق ئادەم قايسى ئىشنى ئاۋۋال قىلىش ، قايسى ئىشنى كېيىن قىلىش كېرەكلىكىنى ئالدىن مۆلچەرلىۋېلىپ ، ئاندىن كۆڭۈللۈك ھالدا قىلىشقا كىرىشىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئۆستۈرىدۇ .

269

## يېڭىلىقتىن پايدىلان

ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىدىغان بولساڭلا ، سىنى كىشىلەر ھۆرمەتلەيدۇ . يېڭىلىق تۈيغۇسى تولا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ، شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى خۇشاللاندۇ- رىدۇ ۋە ھەممىدىن يېڭى قىياپەتتە كىرگۈزىدۇ . كىشىلەر كۆنۈكۈپ قالغان ھەممىدىن ئۈستۈن قابىلىيەتكە ئىگە بىر كىشىگە قارىغاندا ، يېڭىدىن پەيدا بولغان ئادەتتىكىدەك بىر ئادەم تېخىمۇ كۆپرەك ياخشى باھاغا ئېرىشىشى مۇمكىن . ئاتاقلىق ئادەملەر ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن بىللە ئۆتكەندە ، ئۇلار تېز ۋاقىت ئىچىدىلا كونىلاردەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ . شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى ، يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن شان- شەرەپ ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە داۋام- لىشالمايدۇ . بىرقانچە كۈندىن كېيىنلا كىشىلەر ساڭا بولغان ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ باشتىكى ساڭا بولغان ھۆرمىتىدىن ئوبدان پايدى- لىنىشىڭ كېرەك ، ئۇ ھۆرمەتلەر تېزلىكتە غايىب بولاي دېگەندە ، تۇتۇۋالغىلى بولىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋال . كىشىلەرنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە بولغان قىزغىنلىقى تۆۋەنلىگەن ھامان ، ھېسسىيات سوۋۇپ قالىدۇ ، خۇشاللىقمۇ كۆڭۈلسىزلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ . شەك- شۈبھىسىزكى ، كۆللى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن پەيتى بولىدۇ ، پۈتكۈل كائىنات ئاخىرىدا يوقىلىدۇ .

## 270

# مودا بولۇپ قالغان نەرسىنى ئۆزۈڭ يالغۇز ئەيىبلەپ يۈرمە

مودا نەرسىلەر خالايىقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغان بولسا ، بۇ ئۇنىڭ جەزمەن ياخشى يېرى بولغانلىقىدىن بولىدۇ ، بۇنداق ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ، كىشىلەر تەبىئىي يوسۇندا ئۇنى ياقتۇرىدۇ . ھەردەكەتتىكى غەلىتىلىك كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ ؛ چاتاق چىقىپ قالغان ھامان ، ئۇ بىمەنە ، كۈلكىلىك ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ . مودا بولۇپ قالغان نەرسىنى مەسخىرە قىلساڭ ئۆزۈڭ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىسەن ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە تەمەننا قويۇپ كۆرەڭلەپ كېتىشىڭدىن كىشىلەرنىڭ سەن بىلەن كارى يوق بولۇپ قالىدۇ . سەن ئېقىۋاتقان شەيئىلەردىن قانداق لەززەتلىنىشنى بىلمىسەڭ ، ھەممە نەرسىنى ئەيىبلەۋەرمەي ، ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكنى يوشۇرۇۋال ، چۈنكى بۇ ناچار خىسلەت كۆپىنچە نادانلىقتىن پەيدا بولىدۇ . ھەممەيلەننىڭ ئاغزىدىن ئوخشاشلا گەپ چىقسا ، ئۇ بىر بولسا پاكىت بولىدۇ ، بىر بولسا كىشىلەر پاكىت بولۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلغان نەرسە بولىدۇ .

## 271

# كۆپ نەرسە بىلمىسەڭ، ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىغان نەرسەڭنى داۋاملاشتۇرىۋەر

ئەگەر سەن كۆپ نەرسە بىلمىسەڭ، ئۆزۈڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ ھېسابلىغان نەرسەڭنى داۋاملاشتۇرىۋەر، كىشىلەر سېنى ئەقىللىق دەپ قارىمىسىمۇ، پۇختا ئىكەن دەپ قارايدۇ. شەيئىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدىغانلار تەۋەككۈلچىلىك قىلسا بولىدۇ ھەمدە ئۆز تەسەۋۋۇرىنى چاپتۇرالايدۇ؛ ئەمما ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپلا تەۋەككۈلچىلىك قىلساڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ھالاك قىلىپ قويىسەن، خالاس. ھەرقانداق ئىش قانۇنىيىتى بويىچە بولىدۇ، چۈنكى سىناق ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن نەرسە ھامان خاتا چىقمايدۇ. ئانچە كۆپ نەرسە بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن، بۇ ئەڭ ئوبدان يول ھېسابلىنىدۇ. قانداق بولسا بولسۇنكى، ھەقىقىي ئىشەنچ قىلىش قەستەن كۆپتۈرۈشتىن كۆپ بىخەتەر بولىدۇ.

272

# باھا قويۇش ئۆزۈڭدىن ، لېكىن ئەدەپ - قائىدىگە ھۆرمەت قىل

باھا قويۇش ئۆزۈڭدىن ، ئەمما ئەدەپ - قائىدىگە ھۆرمەت قىل . شۇڭـ داق قىلساڭ باشقىلارنى سېنىڭ مىلتىنى ئېلىش كېرەك ، دېگەن مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىغا كەلتۈرەلەيسەن . شەخسىيەتچىلەرنىڭ سوراپ ئېلىشنى كەڭ قول - مەردلەرنىڭ تەقدىم قىلىۋېتىشى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . ئەدەپ - قائىدە دېگەن تەقدىم قىلىشلا ئەمەس ، ئۇ تېخى سەن بىلەن باشقىـ لارنى تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە ھېسابلىنىدۇ . كەمتەر - ئەدەپلىك سۆز - ھەرىـ كەت بىزنى مېھىر - شەپقەتكە ئېرىشكەندەك سەزگۈگە كەلتۈرىدۇ . ئالىيجاناب ئادەم ئۈچۈن ھەقسىز ئېرىشكەن نەرسىدىن قىممەتلىك نەرسە بولمايدۇ . سەن ئىككى قېتىم مال ساتساڭ ، باھاسى ئوخشاش بولمايدۇ : بىر قېتىملىقى مالنىڭ باھاسى ، بىر قېتىملىقى سوۋغاتنىڭ باھاسى بولىدۇ . مۇشتۇمزورلار ئۈچۈن كەمتەر - ئەدەپلىك سۆز - ھەرىكەت غاژ - غۇژ ئاۋازدىنلا ئىبارەت بولىدۇ . بۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئوبدان تەربىيىگە ئىگە بولغانلارنىڭ سۆزىنى ئۇقالـ مايدىغانلىقىدىن .

## 273

# بېرىش - كېلىش قىلىشىدىغان ئادەملىرىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىۋال

بېرىش - كېلىش قىلىشىدىغان ئادەملىرىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنسەڭىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلەيسەن. سەۋەبىنى بىلسەڭ، نەتىجىسىنى بىلگەن بولىسەن؛ نەتىجە ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ تۈگۈنىنى دەپ بېرىدۇ. غەمكىن كىشىلەر بەختسىزلىكنىلا كۆرىدۇ؛ ئىنكار قىلىشقىلا خۇشتار بولغۇچىلار سەۋەنلىكنىلا كۆرىدۇ. ئۇلار ئەڭ يامان تەرەپنىلا ئويلايدۇ، كۆز ئالدىدىكى ياخشى بىر تەرەپكە بولسا ئېتىبارسىزقارايدۇ، شۇ سەۋەبتىن، يامان غەرەزلىك قاراشنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ دەپ قارايدۇ. ھېسسىياتنىڭ تىزگىنلىشىدىكى ئادەم شەيئىلەرگە ئەينەن مۇئامىلە قىلالمايدۇ، ئۇنداق بولۇشى ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئەقلى ئەمەس، كەيپىياتى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىدىن. ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ھېسسىياتى ۋە مىجەزى بويىچە پىكىر بايان قىلىدۇ، شۇڭا كۆپ ھاللاردا ھەقىقەتتىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ چىراي ئالامىتىنى قانداق پەرقلەندۈرۈشنى بىلىشىڭ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىكى نەرسىنى كۆزىتەلەيدىغان بولۇشۇڭ كېرەك. شۇنى ئەستە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، توختىماستىن كۈلۈۋېرىدىغان ئادەم ساراڭ؛ پەرۋاسىز سۆزلەپ كۈلىدىغانلار ساختا كېلىدۇ. سەندىن ھەدەپ ئۇنى - بۇنى سوراۋېرىدىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلە. گەپ ئۇنىڭ كۆپ مەسىلىلەرنى سوراۋەرگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى قەستەن چاتاق چىقىرىش مەقسىتىدە بولىشىمۇ، ئەندىشىدە يۈرگەنلىكىدە. تۇرقى ياخشى بولمىغان ئادەملەردىن بىرەر پايدىغا ئېرىشىپ قېلىش خىيالىدا بولمىغىن. تەبىئەت ئۇنداقلارغا ئوبدان چىراي ئاتا قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارمۇ ھەمىشە تەبىئەتتىن ئۆچ ئالىدۇ. چىرايى گۈزەل كەلگەنلەرمۇ ئادەتتە دۆت كېلىدۇ.

## 274

# كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سالاپىتىڭىنى ساقلا

بۇ بىر خىل ئاقىلانە سىھىرىي كۈچ ھېسابلىنىدۇ . سىھىرىي كۈچ ۋە ئەدەپ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ياخشى تەسىراتىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشكىن ؛ سەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلالمىساڭ ، گۈزەل ئەخلاقىڭىنىڭلا بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ . باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش كىشىلەرنى قايىل قىلىشنىڭ ئەڭ ئوبدان ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ . ئەگەر كىشىلەر سېنىڭ سىھىرىي كۈچۈڭ بارلىقىنى بايقاپ قالسا ، ناھايىتى ئامەتلىك بولغان بولىسەن ، لېكىن بۇنىڭغا تەربىيىلەنىشنىڭ ياردىمى بولۇشى كېرەك . ئۇنىڭغا تەبىئىي تالانت بىلەن تەربىيىلىنىشنىڭ قوشۇلۇشى ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ . سىھىرىي كۈچ ياخشى نىيەتنى جەلپ قىلىدۇ ھەمدە ئاخىرقى ھېسابتا ئومۇمىيۈزلۈك ئالقىشلىنىشقا سازاۋەر قىلىدۇ .

## 275

# ئىقىمغا ئەگەشسەڭمۇ ئەگەشكىن، لېكىن غۇرۇرۇڭنى ساقلىغىن

ھەمىشە جىددىي تۈس ئېلىۋالما ياكى زەردەڭ قايناپ ئۆزۈڭنى باسالمايدىغان ھالەتتىمۇ يۈرمە، شۇنداق قىلساڭ ئەدەپلىك بولغان بولىسەن. كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشۇڭ كېرەك. بەزى چاغلاردا ئىقىمغا ئەگىشىپ ماڭساڭمۇ بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭلىق بىلەن غۇرۇرۇڭنى يوقىتىپ قويما. ئاممىۋى سورۇنلاردا قاپاقۋاش دەپ قارالغان كىشى ئۆز ئىچىدىمۇ ئەقىللىق دەپ قارالماسلىقى مۇمكىن. چاقچاق بىلەن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسەڭ تالاي يىللارغىچە جىددىي، ئەستايىدىل ئىش كۆرۈپ ئېرىشكەنلىكىڭدىنمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. قاتاردا يوق ئادەم بولۇپ قالما؛ يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتە غەلىتە بولۇش باشقىلارنى مەسخىرە قىلغانلىق بولىدۇ. ھەممە ئىشتا ھەيران بولۇپ ۋارقىراپ، تولىمۇ سەزگۈر بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك، ئۇنداق قىلىش ئاياللارغىلا خاس. ئەقىل بىلەن ئىش كۆرىدىغان چاغدا، ھەيران بولۇپ ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈش كۈلكىلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل پەزىلىتى ئەرگە ئوخشاش بولۇشتۇر. ئاياللار ئەرلەرنى دورىسا بولىدۇ، ئەمما ئەرلەر ئاياللارنى دوراپ قالماسلىقى كېرەك.

276

# خاراكتېرىڭىزنى تەبىئىيلىك ۋە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق يېڭىلاپ تۇر

كىشىلەر ھەمىشە : ئادەمنىڭ ھال ـ ئەھۋالى يەتتە يىلدا بىر قېتىم ئۆز-گىرىپ تۇرىدۇ ، دېيىشىدۇ . ئۇنداق بولسا ، سىزنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىڭىزدىمۇ يۈكسىلىش بولۇشى كېرەك . كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى يەتتە يىلىدىن كېيىن بىز ئەقلىيلىق يېشىغا يەتكەن بولىمىز . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر يەتتە يىلدا يېڭى ياخشىلىنىش بولىدۇ . مانا مۇشۇ تەبىئىي ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلىپ ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم قىلىشىمىز ھەمدە باشقىلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ئۆسۈشىنى ئۈمىد قىلىشىمىز كېرەك . بىرمۇنچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ، ھەرتىۋىسىنى ياكى كەسپىنى ئۆزگەرتىدۇ . باشتا بىلمەي ، ئاجايىپ زور ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن ئاندىن چۈشىدىن ئويغانغانـدەك ھېسسىياتتا بولۇش دەل مۇشۇ قائىدىنى چۈشەندۈرىدۇ . 20 ياشقا كىرگىنىڭىزدە تۆگىگە ئوخشايسەن ، 50 يېشىڭدا يىلانغا ئوخشاش بولۇپ قالىسەن ، 60 ياشقا كىرگىنىڭدە ئىتقا ئوخشاپ قالىسەن ، 70 ياشقا كىرگىنىڭدە مايمۇنغا ئوخشاپ قالىسەن ، 80 ياشقا كىرگىنىڭدە ھېچ نەرسە بولماي قالىسەن .

277

## ئۆز ئىقتىدارىڭنى نامايان قىل

ھەرقانداق ئادەمگە ئىستىبداتىنى نامايان قىلىدىغان بىر پۇرسەت كېلىدۇ ، ئۇ پۇرسەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش كېرەك . ھەر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان ئادەم بولمايدۇ . ئىستىبداتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بەزى ئادەملەر كىچىككىنە ئىستىبداتىنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ ، ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى چاقناش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرىدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ تولۇق ئىقتىدارى نامايان قىلىنغاندا كىشىلەرنى كارامەت ھەيران قالدۇرۇۋېتىدۇ . سىنىڭ ئىستىبداتىڭمۇ بولسا ، ئۇنى نامايان قىلىشنىڭ يولىنىمۇ بىلىدىغان بولساڭ ، ئۇنىڭ نەتىجىسى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرماي قويمايدۇ . بەزى مىللەتلەر كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىشنى بىلىدۇ ، بۇ جەھەتتە ئىسپانلار قالتىس كېلىدۇ . بۇ دۇنيا يېڭى ئاپىرىدە بولغاندا ، نۇر ئۇنى چاقناتقان . تالانتىنى جارى قىلدۇ-رۇش كىشىنى قانائەت ھاسىل قىلدۇرىدۇ ، كەمتۈكلۈك تۈيغۇسىنى تولۇقلايدۇ ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ . جارى قىلدۇ-رۇلغان ئىستىبدات رېئاللىققا يۈزلەنگىنىدە ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېخـــمۇ زور بولىدۇ . ئىقتىدار ئادەمگە باغلىق ، ياخشىلىق تەڭرىگە باغلىق . تەڭرىنىڭ بىزگە مۇكەممەللىك ماھارىتىنى ئاتا قىلغانلىقى بىزنى ئاشۇ ماھارەتنى نامايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرغانلىقىدۇر . بۇنداق قىلىشمۇ ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ ، ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئىستىبداتنى نامايان قىلىشمۇ مۇھىتقا باغلىق . ئەگەر پەيتىنى بىلىپ ئىش كۆرمىگەندە جىمىكى ئەجىر بىكار كېتىدۇ . بىز يا-

سالمىلىق قىلىپمۇ يۇرمەسلىكىمىز كېرەك ، چۈنكى ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش چوڭچىلىق بولۇپ ئىپادىلىنىپ قالىدۇ ؛ چوڭچىلىق قىلىش كەمسىتىشكە ئۇچراشنى پەيدا قىلىدۇ . نامايان قىلىشمۇ كەمتەر پوزىتسىيىدە ئىپادىلىنىشى كېرەك ، بولمىسا قوپال بىلىنىپ قالىدۇ . تالانتنى ئىپادىلەش چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ، ئاقىللارنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ ، بۇ جەھەتتە قىلچە پەرۋا قىلماسلىق يولىنى تۇتۇپ ، داۋراڭ سېلىپ جار سالغاندىن كۆرە ئۈندىمەسلىك پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش ئېشىپ چۈشىدۇ . ئاقىلانىلىك بىلەن يېپىش ماختاشقا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، كىشىلەر چۈشەنمىگەن نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ . سەن ئۆزۈڭنىڭ جىمىكى ماھارىتىڭنى بىر يوللا كۆرسىتىۋەتمەي ، ئاستا ـ ئاستا ، ئاز ـ ئازدىن نامايان قىلىپ ، قاتلاممۇقاتلام كۆپەيتىپ بارغىن . بىر قېتىم شەرەپ بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئاندىن يەنە بىرسىگە تۇتۇش قىل ، قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئاندىن يەنە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە تەلپۈنگىن !

## 278

# ئۆزۈڭنى قەستەن خەقنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان قىلىۋالما

باشقىلار ساڭا مەقسەتلىك ھالدا دىققەت قىلغىنىدا ، سىنىڭ ئىستىبداتىڭ كەمچىلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ ، سەنمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ ، غەلىتە ئادەم قاتارىدا پەس سۇندۇرۇلۇشتىن خالىي بولالمايسەن . چىراي - تۇرقۇڭنىڭ زىيادىرەك بولۇشىمۇ ئابرۇيۇڭغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويىدۇ . كۆزنى قاماش- تۇرغۇدەك گۈزەل بولۇپ كېتىش كىشىنى كۆڭۈلسىز قىلىپ قويىدۇ ، ئابرۇيى تۆكۈلگۈدەك دەرىجىدە غەلىتە بولۇپ كېتىشمۇ شۇنداق ئۈنۈم بېرىدۇ ، ھەتتا تېخىمۇ يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ . بەزى كىشىلەر يامان ھەرىكەت ئارقىلىق نام چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ، بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتىنى تۆكۈۋېتىدۇ . بىلىم ھەققىدە پاراڭلاشقاندىمۇ ، بەك تولا سۆزلەپ كەتكەندە ، بىلىمنى كۆز - كۆز قىلىۋاتىدۇ ، دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپ قالىدۇ .

## 279

# سەن بىلەن قارىمۇقارشى پىكىردىكىلەرگە جاۋاب بەرمە

ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقىنى بازارغا سېلىۋاتقانلىقىنى ياكى تومپايلىقىدىنلا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىشىڭ كېرەك . ئۇنداق قىلىش ھەمىشە تەرسالىقتىن بولىۋەرمەيدۇ ، بەزىدە ئۇ ھىيلە ـ نەيرەڭ ھېسابلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، دىققەت قىلىش كېرەككى ، ئالدىنقىسىغا باغلىنىپ قالماسلىق ، كېيىنكىسىگە بوزەك بولماسلىق كېرەك . ھەممىدىن مۇھىمى جاسۇستىن پەخەس بولۇشتۇر . مەلۇم بىر كىشى سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىنى تاپىدىغان ھەممىگە قادىر ئاچقۇچنى كۆتۈرۈپ يۈرگەندە ، سەن ئۆزۈڭنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ، ئېھتىياتچانلىق ئاچقۇچنى مېڭەڭدە ساقلاپ ، ئاچقۇچ تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇ-شۇڭ كېرەك .

280

# ئۇچۇق- يورۇق ئادەم بولۇش كېرەك

ئوبدان پەزىلەت كەلمەسكە كەتتى ، كىشىلەر ئەمدى شەپقەتكە جاۋاب قايتۇرماس بولۇپ كەتتى ، باشقىلارغا تېگىشلىك قائىدە- يوسۇن بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلارمۇ ناھايىتى ئازىيىپ قالدى . پۈتۈن ئالەمدە ئەڭ زور ياردەم ئەڭ كىچىك تەشەككۈرگە ئىگە بولىدىغان بولدى . بەزى دۆلەتلەردە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ھېچكىم باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ كەتتى . كىشىلەر بەزىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن قورقىدۇ ، يەنە بەزىلەرنىڭ تولا ئۆزگىرىشچانلىقىدىن قورقىدۇ ، باشقىلارنىڭ ئالداپ قويۇشىدىن قورقىدۇ . باشقىلارنىڭ ناچار قىلىقلىرىغا دىققەت قىلىش ئۇنى دوراش ئۈچۈن ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن ئۆزىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بولىدۇ . سېنىڭ ئادىللىقىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىش ھەرىكىتى بىلەن بىر ئەتىگەندىلا نابۇت قىلىۋېتىلىدۇ . ئەمما ، ئالىيجاناب ئادەم باشقىلارنىڭ قايسى خىلدىكى ئادەم بولغانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى لازىملىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدۇ .

## 281

# ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىش كېرەك

ھەقىقىي يوسۇندا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر كىشىنىڭ ئادەتتە-كىدەكلا : « شۇنداق » دەپ قويغىنى بىر توپ يارىماسلارنىڭ چالغان چاۋ-كىدىن قەدىرلىك بولىدۇ . نېمە ئۈچۈن نەزەر دائىرىسى تار ئادەملەرنىڭ ماخ-تاپ قويۇشلىرىدىن ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ كېتىش كېرەك ئىكەن ؟ ئەقىللىق كىشىلەر ئىدراكلىق بولىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ماختىشى ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ سى-ناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قانائەتلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ . يىراقنى كۆ-رەلەيدىغان بىلىملىك ئانتىگومۇس گوناتاس خان[1] جىنونى قەدىرلەش بىلەن شۆھرەت قازانغان ، ئەپلاتونمۇ ئارىستوتېلنى پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى-لارغا تەڭ كېلەلەيدۇ ، دەپ ھېسابلىغان . بەزى كىشىلەر قورسىقىنى ئىلاشنىلا بىلىدۇكى ، يېگەنلىرىنىڭ يىرىك يەم- خەشەك ئىكەنلىكى بىلەن قىلچە ھې-سابلاشماپ كەتمەيدۇ . مۇستەبىتلەرمۇ ، بىرەرسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تەرجىمىھال يېزىشىغا موھتاج ، ئۇلار بەزىدە پورترېت سىزغۇچىنىڭ قەلىمىگە قارىغاندا تاياقتەك قەلەمدىن بەكرەك قورقۇپ قالىدۇ .

---

[1] ئانتىگومۇس گوناتاس (Antigomus Gonatas) ماكىدونىيە پادىشاھى بولۇپ ، سى-توكا ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى بولغان زېنون كىتىئوننى ئىنتايىن قەدىرلىگەن .

282

# كۆرۈنمەسلىك يولى بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشىش

ئامېۋى سورۇنلاردا كۆرۈنۈش ، گۈزەل نامىڭغا زىيان يەتكۈزىدۇ ، كۆرۈنمەسلىك شان ـ شەرەپنى ئۇلغايتىدۇ . ئەسلىدە شىر دەپ قارالغان ، كۆرۈنمەي يۈرگەن ئادەم كۆرۈنگەن ھامان چاشقان بولۇپ قالىدۇ . سوۋغىنى قولدىن چۇشۇرمەي ئوينىۋەرسە ، ئۇ پارقىراشتىن قالىدۇ ، چۈنكى ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇ نەرسىنىڭ تېرىسى ۋە يۈكىنىلا كۆرەلەيدۇكى ، جەۋھىرىنى كۆرەلمەيدۇ . تەسەۋۋۇر كۆچى كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆچلۈك بولىدۇ . ئالداش قۇلاق ئارقىلىق كىرسىمۇ ، ئادەتتە كۆز ئارقىلىق چىقىدۇ .

283

# ئىجاد قىلىشقا ماھىر بول، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسۇن

ئىجاد قىلىش ھەممىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئاقىلانىلىكنى نامايان قىلىدۇ ، لېكىن قىلچە ئەسەبىيلىك بولمىسا ، ئۇنداق قىلىشقا كىمنىڭ ھەددى ؟ ئىجاد قىلىشقا ماھىرلارنىڭ مېڭىسى ئۆتكۈر بولىدۇ ؛ تاللاشقا زېرەكلەر گەپ - سۆزدە ئېھتىياتچان بولىدۇ . ئىجادچانلىقمۇ كەم ئۇچرايدىغان تەبىئىي تالانت ھېسابلىنىدۇ ، چۈنكى كۆپىنچىلەر زېرەك بولغان بىلەن ، ئاقىلانىلىك بىلەن ئىجاد قىلىشقا ماھىرلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ . ئاشۇنداق ئاز سانلىقلار پەيتى كەلگەندە مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ - دە، ۋاقىتنىڭ ئالدىدا يۈرىدۇ . يېڭى نەرسىلەر ئادەمنى قىزىقتۇرىدۇ ، ناۋادا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا ، ھەسسىلەپ شان - شەرەپ قوشىدۇ . ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى زۇرۇر بولغاندا ، خەۋپ - خەتىرى بولسىمۇ يېڭى ئىشنى قىلىشقا ئىنتىلىش كېرەك . چۈنكى شەيئىلەر دائىم قارىماققا توغرىدەك بىلىنىدىغان ، ئەمەلىيەتتە ناتوغرا بولغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ ؛ ۋەھالەنكى ، پاراسەت بىلەن ئىپتىقاندا ، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ماختاشقا ئەرزىيدۇ . ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى بىلەن پاراسەت تەل بولغاندا بارىكاللا ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ .

## 284

# ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا كۆپ ئارىلاشما

ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا كۆپ ئارىلاشمىساڭ ، ئاھانەتكە قالـ
مايسەن . باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولاي دېسەڭ ، ئالدى بىلەن ئۆ-
زۈڭنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلىشىڭ كېرەك . ئۆزۈڭنى قوغۇۋەتمەي ، ئۆ-
زۈڭگە قاتتىقراق بولۇشۇڭ كېرەك : سېنى قارشى ئالىدىغان جايغا بارساڭ ،
ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىسەن ؛ تەكلىپ قىلمىغان يەرگە بېرىپ يۈرمە ، چاـ
قىرمىغان يەرگە ئۆزۈڭچە بېرىپ سالما . ئەگەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەج-
بۇرىيەتنى ئۈستۈڭگە ئالساڭ ، ئۇ ئىش مەغلۇپ بولسا خەقنىڭ نەپرىتىنى
قوزغاپ قويىسەن ؛ ئىش ئەپلىشىپ قالسىمۇ خەقنىڭ تەشەككۈرىگە ئېرىشەلـ
مەيسەن . باشقىلارنىڭ ئىشىغا قول تىقساڭ ، ئەخمەق قىلىنىدىغان ئوبيېكت
بولۇپ قالىسەن ؛ ئارىلاشماسلىقا تېگىشلىك ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالساڭ ،
كۆپىنچە ۋاقىتلاردا رەسۋا بولۇپ قالىسەن ، خالاس .

## 285

# باشقىلارنىڭ شور پېشانىلىكى سەۋەبلىك ئۆزۈڭنى نابۇت قىلىۋەتمە

كىمنىڭ بەختسىزلىككە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى بىلسەڭ ، جاپانى تەڭ تارتىپ بېرىش ئۈچۈن سەندىن ياردەم سورايدىغانلىقىنى قىياس قىلالايسەن . قىيىن كۈنگە قالغان كىشى بىرەرسىنىڭ غەم - ئەندىشىنى تەڭ تارتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى قاراپمۇ قويمايدىغان كىشىلەرگە قول سوزىدۇ . سۇدا تۇنجۇقۇپ قالغان ئادەمنى قۇتقۇزىدىغان چاغدا ئوبدان ئويلىنىش كېرەك ، چۈنكى خەتەرلىك ئەھۋالنى ئۆزىمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەندە ئاندىن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ .

## 286

# ئاۋامدىن ياكى مەلۇم كىشىدىن ھەددىدىن زىيادە نەپ ئېلىپ كەتمە

ئاۋامدىن ياكى مەلۇم كىشىدىن ھەددىدىن زىيادە نەپ ئېلىپ كەتمە ، بولمىسا ، باشقىلارغا بېقىنىپ قالىدىغان ئادەتتىكىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسەن . بەزى كىشىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا باشقىلارغا قارىغاندا ئامەتلىك بولۇپ قالىدۇ ؛ ئۇلار ياخشى ئىش قىلسا ، باشقىلار ئۇنى قوبۇل كۆرىدۇ . ھۆرلۈك بىزنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدىغان سوۋغاتتىن بەكرەك قىممەتلىك . سىنىڭ مەلۇم كىشىگە بېقىنىپ قالغىنىڭدىن بىرمۇنچە كىشىنىڭ ساڭا بېقىنىپ قالغىنى سېنى بەكرەك كۆڭۈللۈك كەيپىياتقا چۆمدۈرىدۇ . ھوقۇققا ئىگە بولۇشنىڭ بىردىنبىر ئۈستۈنلۈكى — سىنىڭ تېخىمۇ زورراق ياخشى ئىشنى قىلالايدىغانلىقىڭدا . ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى ، شەپقەتكە ئېرىشكىنىڭدە ، ئالدى بىلەن ئاجايىپ خۇشال بولىدىغان چىرايلىق ئىش دەپ قارىماسلىقىڭ كېرەك . كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ، بۇ پەقەت سېنى شەپقەتكە ئېرىشتۈرگۈچىلەرنىڭ مەقسەتلىك ھالدا سېنى خەير - ئېھسانغا ئېرىشكۈچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدىنلا ئىبارەت ، خالاس .

287

# ھاياجانلانغاندا ھەرىكەت قىلما

ھاياجانلانغاندا ، ھەرىكەت قىلما ، بولمىسا ھەممە ئىشىڭ چاتاق بولىدۇ . ئادەم ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەي قالغاندا ، يۈرۈش - تۇرۇشى نورمالسىزلىشىپ قالىدۇ ؛ قاتتىق ھاياجانلىنىش ھامان ئادەمنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ قويىدۇ . بۇنداق چاغدا ھاياجانلانغاندا ، ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش كېرەك ، چۈنكى ھەر ئىش ئۆزىگە قاراڭغۇ ، ياندىكىلەرگە ئايان بولىدۇ . ئېھتىياتچان كىشى كەيپىياتى ئۆزلىگەنلىكىنى سەزگەندە دەرھال ئۇنى تىزگىن-لىيەلەيدۇ ھەمدە ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈۋالىدۇ ، بولمىسا قېنى قىزىپ قېلىپ ئەخمەقلەرچە ئىش قىلىپ قويىدۇ . ۋاقىتلىق پارتلاپ كېتىش ئادەمنى بىرقانچە كۈنگىچە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ ، ھەتتا ئۇ-نىڭ نام - ئابرۇيىنىمۇ تۆكۈۋېتىدۇ .

288

## ۋەزىيەتكە ماسلىشىش كېرەك

ئىش باشقۇرۇش ، ھۆكۈم قىلىپ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ۋەزىيەتكە ماس ھالدا ئىش كۆرۈش كېرەك . پۇرسەت ئادەمنى كۈتمەيدۇ ، قىلالايدىغانلا بولساڭ تۇتۇش قىلىۋەر . بىرەر گۈزەل ئەخلاقنى بېشارەت بولمايدىغانلا بولسا ، تۇرمۇشتا كونا قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق كېرەك ؛ ئارزۇ - ئارمانىڭ قاتتىق ھەم مۇرەككەپ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ، چۈنكى سەن قاراپ قويۇشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسىمۇ ئەتىلىككە بەلكىم سەن ئايرىلىشقا كۆزۈڭ قىيمايدىغان نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بەزى كىشىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقتا ئىنتايىن كۈلكىلىك دەرىجىگە يېتىدۇكى ، ئۆزلىرىنى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە يارىشا ئۆزگەرتىپ بارماستىن ، بەلكى مۇھىتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقىچە ئوي - خىياللىرىغا يول قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ھەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا يار - يۆلەكتە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . ئاقىل ئادەم ئېھتىياتچانلىقنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنىڭ ئۆزىنى تەڭشەپ ۋەزىيەتكە ماسلاشتۇرۇشتا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ .

289

# شەخس ئۇچۇن ھەممىدىن چىدىغۇسىز ھاقارەت ـــ شاللاقلىق

باشقىلار ئۇنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە خاس ھالى چوڭلۇقىنى بايقىغاندا ھەرگىز ئۇنى مۇقەددەس دەپ بىلمەيدۇ . شاللاق ئادەم بىر كىشىگە تېگىشلىك بولغان ھۆرمەتكىمۇ سازاۋەر بولالمايدۇ . شاللاقلىق ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى ھەممىدىن بەك يەرگە ئۇرىۋېتىدۇ ، چۈنكى شاللاقلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىغان خىسلەت بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولىدۇ . شاللاق ئادەمنىڭ تىلغا ئېلىپ قويغۇدەك ياخشى يېرى بولمايدۇ ، ياشانغاندا تېخىمۇ شۇنداق . چۈنكى ، ئادەم قېرىغاندا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك . گەرچە شاللاقلىق دېگەن بۇنداق كەمچىلىك دائىم ئۇچراپ تۇرسىمۇ ، زىيادە كەمسىتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

290

# ئىززەتلەش بىلەن زىيادە ئامراقلىق قىلىشنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك

كىشىلەرنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشەي دېسەڭ ، باشقىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ كەتمە . مۇھەببەت نەپرەتكە قارىغاندا تېخىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ . ھېسسىيات بىلەن ئىززەتلەش بىر ئىش ئەمەس . كىشىلەرگە قورقۇنچ سېلىۋېتىشكە بولمايدۇ ، كىشىلەرنىڭ قاتتىق مۇھەببىتىگە ئېرىشىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ . مۇھەببەت دەرىجىسىگە يەتكەن ھېسسىيات كىشىلەرنى بىر - بىرى بىلەن ھەددىدىن زىيادە ئۆبدان بىلىشىدىغان قىلىۋېتىدۇ ؛ بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەش ، بىر - بىرىنى سۆيۈش قائىدىلىرىگىمۇ رىئايە قىلىپ كەتمەيدىغان دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، كىشىلەرنىڭ قەدىرلىشىگە ئىگە بولۇشتا ، ھەددىدىن زىيادە ئامراقلىق قىلىپ كېتىشكە ئەمەس ، ئىززەتلىشىگە ئىگە بولۇش كېرەك .

## 291

# باشقىلارنى قانداق مۆلچەرلەشنى بىلىپ قويۇش كېرەك

سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىڭ ۋە ئوبدان ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭ ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىكى سالماقلىقى ۋە قورۇنۇشلىرىنىڭ تېگىگە يېتىشىڭ كېرەك . باشقىلارنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن ، ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭ بولۇشى كېرەك . كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە مىجەزىنى بىلىش تاش ۋە ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلىشكە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم . بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىنتايىن نازۇك ئىش ھېسابلىنىدۇ . مېتالنى پەرقلەندۇرۇشتە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش كېرەك ، ئادەملەرنى پەرقلەندۇرۇشتە ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش كېرەك . گەپ ـ سۆز ئادەمنىڭ خىسلىتىنى ئاشكارىلىيالايدۇ ، ھەرىكەت ئادەمنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىسىنى ئاشكارىلىيالايدۇ . بۇ جەھەتتە نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق ، چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك .

## 292

# خاراكتېرىڭ خىزمەت تەلىپىگىدىن ئەۋزەل بولسۇن

خاراكتېرىڭ خىزمەت تەلىپىگىدىن ئەۋزەل بولسۇنكى ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالمىسۇن . خىزمەت ، مەرتىۋەڭ ھەرقانچە ئالىي بولسىمۇ ، ئۆزۈڭنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئالىيجاناب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك . قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىڭدىن قەتئىينەزەر ، سىنىڭ كارامەت ئىستېداتىڭ تېخىمۇ بەك كارامەت بولۇشى ، تېخىمۇ يارقىن بولۇشى كېرەك . كۆكسى قارنى تار ئادەملەر ناھايىتى ئاسانلا مۇشكۈلاتقا پېتىپ قالىدۇ ، ئاخىر مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي ، ئابرۇيىنى تۆكۈپ قويىدۇ . ئۇلۇغ ئاۋگۇسىنىڭ ئىپتىخارلىنىشى ئۆزىنىڭ شاھ بولغانلىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ راۋۇرۇس ئەر بولغانلىقىدىن ئىدى . بۇ جەھەتتە بىز ئالىيجاناب روھ ۋە ئۆزدىمىزگە بولغان پۇختا ئىشەنچكە موھتاج .

293

# يېتىلىش ھەققىدە

يېتىلىش ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ ، ئەمما ئا-
دەمنىڭ ئادىتىدە تېخىمۇ تولۇق كۆرۈلىدۇ . ئالتۇننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ۋەزنىدە
كۆرۈلىدۇ ، ئادەمنىڭ قىممىتى بولسا ئۇنىڭ ئەخلاق ساپاسىدا كـۆرۈلـــىدۇ ؛
ئىستېداتى بولۇپ ، قائىدە - يوسۇن ۋە رەسمىيەتلەردە مۇكەممەل ، گەپ -
سۆزلىرى ئۆزىگە مۇناسىپ كەلگەن بولسا ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە تېخىمۇ
سازاۋەر بولىدۇ . كامالەتكە يەتكەن مەنىۋىيەت سىرتقى جەھەتتە تەبىئىي ۋە
ئېغىر - بېسىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ . نادانلار بۇنىڭ بىر خىل جىمجىت ھەيۋەت
ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ، ئەخمەقلەرچە گومۇشلۇق ۋە بىزەڭلىك دەپ قارايدۇ .
بۇنداق يېتىلىش ئالامىتىگە ئىگە بولغۇچىلارنىڭ سۆزلىرى پاراسەتلىك ، ھە-
رىكىتى جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ . سېنىڭ يېتىلىش دەرىجەڭ بىلەن
ئادەمگەرچىلىك جەھەتتىكى مۇكەممەللىشىش دەرىجەڭ توغرا تاناسىپ بولىدۇ .
يۇرۇش - تۇرۇشۇڭ كىچىك باللارغا ئوخشاش ئەمەس ، سالماقلىق بولغاندا ،
روھىي جەھەتتە ھەيۋەتلىك تۇيغۇغا كەلگەن بولىسەن .

294

## گەپ ـ سۆزنى ئېھتىيات بىلەن ئاز قىل

ھەربىر ئادەمدە ئىختىيارىي ھالدا خىلمۇخىل كۆزقاراشلار پەيدا بولىدۇ
ھەمدە ئۇ كۆزقارىشىنى بىرمۇنچە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قوللايدۇ . لېكىن ،
كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھۆكمى ھامان ھېسسىياتنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئۇچ-
رايدۇ . ئىككى ئادەم مۇزاكىرە قىلغاندا ، ھەر ئىككىسى ئۆز پىكرىدە چىڭ
تۇرىدۇ ، بۇ نورمال ئىش . لېكىن ، قائىدە ئادەمنى بوزەك قىلمايدۇ ، ئۇ
زادىلا ئىككى يۈزلۈك ئەمەس . بۇنداق ئەھۋالدا پەخەس بولۇپ ئېھتىياتچانلىق
بىلەن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك . بەزىدە قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ
ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئېھتىيات بىلەن تۈزىتىپ ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى باش-
قىلارنىڭ ئىدىيىۋى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ باقسىمۇ يامان كەتمەيدۇ . شۇنداق
قىلساڭلا ، باشقىلارنى قارىغۇلارچە ئەيىبلىمەيدىغان ياكى ئۆزۈڭنى قارىغۇلارچە
ئاقلاپ كەتمەيدىغان بولىسەن .

295

# ئازراق يەپ ئىچىپ ، ئەمەلىي ئىشنى كۆپرەك قىلىش كېرەك

ئىپتىخارلىنىشقا ھەممىدىن بەك ئاساسى يوق كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ھەممىدىن بەك ئىپتىخارلىنىپ كېتىدۇ . ئۇلار ھەرقانداق نەرسىنى ئاجايىپ سىرلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ كېتىدۇ ھەمدە بەكلا قوپال سۆزلەيدۇ ؛ ئۇلار پۈتۈن نىيىتى بىلەن باشقىلارنىڭ بارىكاللىسىنىلا تەلەپ قىلىدىغان خامپىئۇندۇر ؛ شۇڭا كىشىنىڭ تېلىققۇدەك كۈلكىسىنى كەلتۈرىدۇ . ئابرۇيپەرەسلىك ھامان كىشىلەرنى بىزار قىلىدۇ ، ئەمما بۇنداق ئەھۋال ئابرۇيپەرەسلىكتىنمۇ بەكرەك كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ . بەزى كىشىلەر قەلەندەر تىلەمچىلىك قىلغاندەك يول بىلەن نام- ئاتاق تىلەيدۇ ياكى چۇمۇلە دان يىغقاندەك يول بىلەن ئابرۇي- شۆھرەت يىغىدۇ . سىنىڭ ھەرقانچە چېكىدىن ئاشقان ئىستېداتىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ، شۆھرەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىشىڭ كېرەك . خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر : خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن . تۆھپە دېگەنلەرنىڭ ھەممىۋا- سىدىن ۋاز كېچىشكە بولىدۇكى ، نايناقلاپ ئۆزىنى بازارغا سېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ . ساختىلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇخشىتىپ نورمال قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالماسلىق كېرەك . سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتە قەھرىمانلىق خىسلىتىگە ئىگە بولغاندىن كۆرە ، ھەقىقىي يوسۇندا قەھرىمانلىق نامىغا ئىگە بولۇش مىڭ ئەۋزەل .

## 296

# تالانتلىق ۋە ئۇلۇغ ئادەم بولۇش كېرەك

ئەڭ ئۇلۇغۋار تەبىئىي تالانت ئەڭ ئۇلۇغ ئادەمنى يارىتىدۇ . بىر ئۇلۇغۋار تەبىئىي تالانت بىر توپ قابىلىيەتسىز چاكىنا ئادەمدىن ئېشىپ چۈشىدۇ . بەزى كىشىلەر ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلەتسىمۇ چوڭىنى ئالدىنقى ئورۇنغا تاللاپ ئىشلىتىدۇ ، ھەتتا ئادەتتىكى سايمانلىنى ئىشلەتكەندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ . ئۇلۇغ ئادەم ئۇلۇغۋار روھقا ئىنتىلىدىغان بولۇشى كېرەك . تەڭرىنىڭ بارلىقى چەكسىز بىھېساب بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمانىنىڭ بارلىق نەرسىسىمۇ بىھېساب ۋە ئۇلۇغۋار بولۇشى كېرەك ؛ شۇنداق بولغاندا ، ئۇنىڭ جىمى ھەرىكىتى ، ھەتتا ئۇنىڭ جىمىكى گەپ - سۆزى كارامەت سەلتەنەتلىك بىلىنىدۇ ھەمدە شۇنداق بولۇشى كېرەك .

## 297

# ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىڭدە باشقىلارنىڭ ساڭا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەت

ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان كىشى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆرىدىغانلىقىنى ياكى كېيىنچە كۆرۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ « تامنىڭمۇ قۇلىقى بار » دېگەن قائىدىنى ، ئوبدان قىلىنمىغانلىكى ئىشنىڭ ھامان سىرتقا يېيىلىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ بىرەر ئىشنى ئۆزى يالغۇزلا قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنىڭ ئىش قىلغاندىكى پوزىتسىيىسىمۇ گويا ئۇنى پۈتۈن دۇنيا نازارەت قىلىۋاتقاندەك تەرىزدە بولىدۇ . چۈنكى ئۇ جىمىكى ئىشنىڭ سىرى بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇ ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا ، ھامان گويا بىرمۇنچە شاھىت نەق مەيداندا قاراپ تۇرغاندەك ، ئۇ شاھىت بىرەر شەپە سېزىپ قالسا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن دەرقەمتە تۇ- رۇپ گۇۋاھلىق بېرىدىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ . ئەسلىدە ھەممەيلەننىڭ ئۇنى نازارەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەم كىشىلەرنىڭ قايسىبىر چاغلاردا كېلىپ ئۇنىڭ تۇرار يېرىنى ئاختۇرۇپ قېلىشىغا زادىلا پەسەنت قىلمايدۇ .

## 298

# ئۈچ خىل نەرسە كارامەت ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدۇ

مول ئەقىل ـ پاراسەت ، چوڭقۇر ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ۋە كىشىنى خۇشال ، يارىشىملىق قىلىدىغان خاراكتېر كارامەت ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدىغان ئۈچ خىل نەرسە بولۇپ ، ئاشۇ ئۈچ خىل نەرسە ئالىيجانابلىقنى بەرپا قىلىدىغان ئېسىل ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ . تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ئۇلۇغۋار تالانتتۇر ، ئەمما خۇلاسە چىقىرىشقا ماھىر بولۇش ھەممە ئاق كۆڭۈللۈكنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇش تېخىمۇ بەك ئۇلۇغۋاردۇر . ئەقىل ـ پاراسەت ئېزىلەڭگۈ سۆرەلمە ئەمەس ، بەلكى ئۆتكۈر بولۇشى كېرەك ؛ ئۇ دۈمبىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ، بەلكى مېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى كېرەك . 20 ياشلىق ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ ، 30 ياشلىق ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ ؛ 40 ياشلىق ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ . بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ئەڭ ئۆتكۈر بولىدۇ : ئۇلار ئەڭ قاراڭغۇ پەيتتە تۇرغاندىمۇ خۇلاسە چىقىرىپ ھۆكۈم قىلىشقا ئەڭ ماھىر كېلىدۇ ؛ بەزى كىشىلەر ئەڭ ھالقىلىق تۈگۈننى تۇتۇۋېلىشقا ئۇستا كېلىدۇ : ھەرقانچە قالايمىقان شەيئىمۇ ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا جاي ـ جايىغا كېلىپ ، رەتلىك بولۇپ كېتىدۇ . پاھ ، نېمىدېگەن مول پاراسەتلىك ـ ھە ! ئۇبدان خاراكتېرگە كەلسەك ، ئۇ بىرەر ئادەمنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرۈۋېتىدۇ .

## 299

# ئادەمدە ھەمىشە ئاچلىق تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك

كىشىلەرنىڭ كالپۇكىغا ھەسەل يۇقى ۋە تاتلىق سۇيۇقلۇقلارنى تەگكۈ-زۈپ قويۇش كېرەك . ھۆرمەتلەش تۇيغۇسنى ئارمان بىلەن ئۆلچىگىلى بو-لىدۇ . ئۇسسۇزلۇققا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى مىسالغا ئالساق ، ئۇسسۇز-لۇقنىڭ دەرىجىسىنى مۇۋاپىق يوسۇندا يېنىكلىتىش كېرەك ، ئەمما ئۇسسۇز-لۇقنى تەلتۆكۈس قاندۇرۇۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس . گۈزەل نەرسە ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئازلىقى بىلەن ھەسسىلەپ گۈزەل بولىدۇ ، ئىككىنچى قېتىم كەلگەن شەيئىلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا قىممىتى سەل كېمەيگەن بولىدۇ . پۇخادىن چىق-قۇدەك خۇشاللىق خەۋپلىك بولىدۇكى ، ئۇلار ھەتتا مەڭگۈلۈك كارامەت ھې-سابلىنىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئەخمەق قىلىنىشقا گىرىپتار قىلىدۇ . كىشىلەرنى كۆڭۈللۈك قىلىشنىڭمۇ قانۇنىيىتى بار ، ئۇ بولسىمۇ —ئىشتىھاسىنى ئېچىش . ئەمما ئۇلار مەڭگۈ غىق تويۇپ كەتمەيدىغان بولسۇن . تاقەتسىز ئارزۇ - ئارمانىنىڭ رولى قورساقنى راسا تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىنكى پۇخادىن چىقىش تۇيغۇسىنىڭ رولىدىنمۇ چوڭ بولىدۇ . ساقلاپ تۇرۇش قانچە ئۇزاققا سوزۇلسا ، خۇشاللىق تۇيغۇمىز شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ .

## 300

# ھەممە گەپنىڭ تۈگۈنى : دانىشمەن بول

بۇ گەپ ھەممىدىن مۇھىم . گۈزەل ئەخلاق جىمىكى ياخشىلىقلارنى بىر ـ بىرىگە چاتقۇچى زەنجىر ، شۇنداقلا بارلىق بەختنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ سىنى ئېھتىياتچان ، سەزگۈر ، چېچەن ، ئىش ئۇقىدىغان ، پاراسەتلىك ، قەيسەر ، پەخەس ، ساداقەتمەن ، خۇشال ، ھۆرمەتلىك ، چىن قىلىدۇ... قىسقىسى ، سىنى ھەممىدە تۈگەل كامالەتكە يەتكەن باتۇر قىلىدۇ . پاكلىق ، پاراسەتلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق دىگەن مۇشۇ ئۈچ نەرسە سىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ . گۈزەل ئەخلاق بۇ پانىي ئالەمنىڭ قۇياشى بولۇپ ، ئۇنىڭ يىرىم چەمبىرىكى ۋىجداندىن ھاسىل بولىدۇ . گۈزەل ئەخلاق شۇ قەدەر سۆيۈملۈككى ، ئۇ ھەم تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولغان ، ھەم جىمىكى جانلىقلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن . ھېچقانداق نەرسە گۈزەل ئەخلاقتەك سۆيۈملۈك بولالمايدۇ ، ھېچقانداق نەرسىمۇ رەزىللىككە ئوخشاش يىرگىنىشلىك بولمايدۇ . پەقەت گۈزەل ئەخلاقلا چىنلىق ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، باشقا ھەممە نەرسە ساختا بولىدۇ . ئىستىبدات بىلەن ئۇلۇغلۇق ئامەتكە باغلىق بولماستىن ، گۈزەل ئەخلاققا باغلىق بولىدۇ . گۈزەل ئەخلاقلا ئۆزىدىن ئۆزى قانائەت ھاسىل قىلىدۇ . ئۇ بىزنى ھاياتلارنى قىزغىن سۆيۈشكە ، ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنى خاتىرىلەشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ .

图书在版编目(CIP)数据

智慧书：永恒的处世经典/(西)葛拉西安著；
辜正坤译；牙森·阿瓦孜译. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2001
ISBN 7-5631-1324-X

Ⅰ.智… Ⅱ.①葛…②辜 …③牙… Ⅲ.人间交
往—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.C912.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 16560 号

译文编辑：乌布利·斯拉木
责任编辑：伊布拉音·艾木都拉
责任校对：伊力亚斯·热衣弥

# 智慧书（维吾尔文）

永恒的处世经典

巴尔塔萨·葛拉西安［西班牙］著
牙森·阿瓦孜
哈米提·尼格买提 译

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码：830046）
新疆新华书店发行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 10.5 印张
2001 年 4 月第 1 版 2006 年 10 月第 2 次印刷

ISBN 7-5631-1324-X/I.216
定价：13.80 元